wwww.bilnur.com

ئابدۇۋەلى ئەلى

# ئاپاق خوجا

(1)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

wwww.bilnur.com

مەسئۇل مۇھەررىرى:  جىلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى:  ھەبىبۇللا ئېلى

wwww.bilnur.com

ئابدۇۋەلى ئەلى

# ئاپاق خوجا

(تارىخىي رومان)

(1)

中央民族学院
少数民族语言文学二系
资料室

少数民族语言文学文献信息资料中心
S0018566

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

wwww.bilnur.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: جىلىل مۇھەممەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەبىبۇللا ئېلى

# ئاپاق خوجا (1، 2)

(تارىخىي رومان)

ئابدۇۋەلى ئەلى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 پوچتا نومۇرى: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى: 19.375
2000 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2000 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 —— 5000
ISBN7—228—05691—4/I—2097
باھاسى: 28.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

wwww.bilnur.com



ئاپتورنىڭ يېقىنقى سۈرىتى

wwwww.bilnur.com

wwww.bilnur.com

# ئاپتور ھەققىدە

ئىستىبداتلىق يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى (ۋەلى) 1948 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خۇشۇت ناھىيىسىنىڭ چۇقو يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ باللىق - ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ھازىرقى باغراش ناھىيىسىنىڭ بورانسۇمول يېزىسىدا ئۆتتى. ئۇ 1959 - يىلى يېزىلىق مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1962 - يىلغىچە خۇشۇت ناھىيىلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى. 1962 - يىلى 9 - ئايدا كورلا چىلانباغدىكى ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق 1 - يىللىقىغا ئوقۇشقا كىردى. ئەمما، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەچكە، 1963 - يىلى ئائىلىسىگە قايتىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. 1965 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇ ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى سابىق 3 - ئاتلىق پولكىدا جەڭچى، ئوتدېلىنىيە كوماندىرى، ۋوزۋوت كوماندىرى ۋە ھەربىي تەرجىمان بولۇپ ئىشلىدى. 1969 - يىلى 10 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىپ ئىشلىدى. 1979 - يىلى 9 - ئايدا، ئۇ ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلىدى. 1981 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، مۇھەررىر، ئۇيغۇر سىياسىي - مائارىپ تەھرىر بۆلۈمى ۋە مەدەنىيەت - تارىخ تەھرىر

wwww.bilnur.com

بۆلۈمىدە بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى، 1993 - يىلى، ئۇ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىغا ئېرىشتى.

ئابدۇۋەلى ئەلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئىشلىگەن يىگىرمە يىل جەريانىدا «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» (13 توم)، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «قۇتادغۇ بىلىك ۋە قانۇن»، «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، «قارا خانىيلارنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى»، «قەدىمكى جەمئىيەت» (ئىككى توم)، «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، «9 - 12 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى»، «شىنجاڭ تارىخىدىكى يوللار»، «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە دۇنيا تارىخى لۇغىتى» (بەش مىليون خەتلىك)، «تۇرپان ئاسار ئەتىقىلىرى»، «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» قاتارلىق مەدەنىيەت، تارىخقا ئائىت يۈزدىن ئارتۇق يىرىك ئەسەرگە مەسئۇل مۇھەررىر بولدى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان توققۇز كىتاب شىمالدىكى 15 ئۆلكە، شەھەر ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 18 نەشرىياتنىڭ 1990- يىلىدىن 1997- يىلىغىچە بولغان باھالاشلىرىدا مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ مەسئۇل مۇھەررىر بولغان «غەربىي يۇرت تاش كېمىر سەنئىتى» دېگەن كىتاب 1999 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا، يەتتە پارچە كىتاب ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر ئىجتىمائىي پەن كىتابلىرى تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

ئابدۇۋەلى ئەلىنىڭ 1983 - يىلى 3 - ئايدا ۋە 1998 - يىلى 10 - ئايدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان «ئۇيغۇر تارىخى مۇھاكىمە يىغىنى»، «ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇغان «18-19 - ئەسىرلەردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى»،

wwww.bilnur.com

«ئۇيغۇرلار، يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىلىرى جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغاپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

ئاپتورنىڭ يېزىقچىلىق تارىخى خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ «قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەتچىلىك قارىشىغا بىر نەزەر»، «ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پەلسەپە ئىدېئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوينىغان رولى»، «يىپەك يولى، قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى ۋە باشقىلار»، «موللا موسا سايرامى ۋە ئۇنىڭ ‹تارىخى ئەمنىيە› ناملىق كىتابى»، «ئۇيغۇرلار، يىپەك يولى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئېچىۋېتىش»، «پارلاق مەدەنىيىتىمىزنىڭ ھارماس كۈيچىسى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت ــ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ 1977 ـ يىلى مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر ــ «سۇ بويىدا» رومانىنىڭ تەرجىمىسىگە قاتناشتى؛ 1983ـ يىلى ئۇنىڭ «ياخشى ئەسكەر شوك»، «ياقۇببەگنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق تۆت پارچە تەرجىمە ئەسىرى نەشر قىلىندى.

1997 ـ يىلى، ئاپتورنىڭ «بەدۆلەت» ناملىق تىرىلوگىيىسى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ خېلى ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ئوقۇشلۇقىغا ئايلاندى.

ئاپتورنىڭ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يازغان «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، «ئاپاق خوجا»، «تۇرغاق خوجىلار» ناملىق ئۈچ تارىخىي رومانى ئۇنىڭ «بەدۆلەت» تىرىلوگىيىسىدىن كېيىن يېزىپ پۈتتۈرگەن يەنە بىر تىرىلوگىيىسى ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور ھازىر تارىخىي تېمىدىكى «قازا يولى»، «پىغانلىق تەلۋىچۈك» ۋە ھازىرقى زامان تېمىسىدىكى «باغراش قارا ئەۋلادلىرىغا» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

wwww.bilnur.com

wwww.bilnur.com

# ئاپتوردىن

16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. شۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان ئىسلام دىنى نەقشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ 5 ـ ئەۋلاد ئىمامى، نەمەنگانلىق خوجا — مەخدۇم ئەزەم (ئەسلى ئىسمى ئەخمەت بىننى سەئىد جالالىدىن خوجا كاسانى) پەرغانىدىكى دەھبىدتىن ئۇيغۇر سەئىدىيە خانلىقىنىڭ پايتەختى يەكەنگە كەلدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھەر قايسى دەۋرلەردە سەلتەنەت سۈرگەن سەئىدىيە خانلىرىنىڭ مەنىۋى ئۇستازى بولۇپ، ئۇيغۇر سەئىدىيە ھاكىمىيىتىنىڭ سەلتەنەت مەركىزىگە تەدرىجىي ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە پەيدىنپەي دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىجتىمائىي سىياسىي كۈچ — قەشقەر خوجا ـ ئىشانلىرىنىڭ تۈرلۈك سىياسىي مەزھەپلىرىنىڭ ئاساسلىق كاتتىۋاشلىرىدىن بولۇپ قېلىشتى.

17 ـ 18 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا شەكىللەنگەن «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار بىلەن «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكى خوجا ـ ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنى كۆزلەپ پارتىلىغان يىغا ـ غەلىيانلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىغا، ھاياتىغا ۋە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىگە ئىسلى

wwwww.bilnur.com

كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئېغىر توسالغۇ بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ تەلتۆكۈس ۋەيران بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك (225 يىل ئۆپچۆرىسىدە) داۋام قىلغان «ئاقتاغلىقلار» بىلەن «قارا تاغلىقلار» ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ كۈرىشىدە ئەڭ دەسلەپتە ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپى جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ نەيزىسىنىڭ زورى بىلەن ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىگە ئېرىشىپ، «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكىلەرنى دەھشەتلىك باستۇردى. ئۇلار تاجاۋۇزچىلارنىڭ ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا بارلىق كىتاب - رىسالىلەرنى كۆيدۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يولىنى بوغۇپ تاشلىدى. ئىلىم - مەرىپەت تەرەپدارلىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى مەنىۋى، جىسمانىي جەھەتتىن خورلاپ، نابۇت قىلدى ۋە تورغاققا ئوخشاش ھەرتەرەپكە توزىتىۋەتتى.

بىراق، بۇ مەزگىللەردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى قورچاق خوجىلارنىڭ جاھالەتلىك ئاسارەتلىرىگە باش ئەگمەي تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىجاد ئەتكەن نۇرغۇن ئالىملار، شائىرلار، يازغۇچىلار، تارىخىي ئەدىبلەر ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مېۋىلىرى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھەر قېتىملىق قورچاق يەڭگۈشلەش داۋامىدا يۈز بېرىدىغان ئېچىنىشلىق خوجا تەقىپلىرىدە خىيانەتكار قورچاق خوجىلارنىڭ جىنايەتكار قوللىرى بىلەن تەلتۆكۈس نابۇت قىلىپ تاشلاندى!

wwwww.bilnur.com

*　　　　*　　　　*

17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئۇيغۇر خەلقى جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئاقتاغلىق» فېئودال خوجىلارنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمى ۋە سىنىپىي زۇلۇمىدىن ئىبارەت قوش قەۋەتلىك، قوش زەنجىرلىك ئاسارىتىگە دۇچار بولدى. تاجاۋۇزچىلار ئۇچۇن تېخىمۇ سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ بىلگەن ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى بۇ بىر توپ نائىنساپ خوجىلار ئەلنى نادانلىق پاتقىقىغا پاتۇردى. شۇ چاغلاردا ئەلدە تەۋپىق ـ ئادالەت كۆتۈرۈلگەن، هاياسىزلىق، ئىنساپسىزلىق كۇچەيگەن، مېھىر ـ شەپقەت تۈگىگەنىدى! ئېشەكتىنمۇ بەتتەر نادان بولغان بۇ بىر توپ ئەخلاقسىز پاسىق، قەبىھ گۇناھكار، كالتە قۇيرۇق يالغانچى، بىئەجەل ئۆلىدىغان غالجىر هەسەتخور، ئەشەددىي قارا قورساق ۋە ئىچى تار خوجا ـ ئىشانلار، كۆكەمە سوپى، تېجىمەل دەرۋىش، يۇندىخور ئاشىقلار هەممىلا يەردە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىشاتتى. ئۇلار دۇئا بىلەن نان، دۇئا بىلەن جان، دۇئا بىلەن ئىمان، دۇئا بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابرۇي تېپىپ، دۇئا بىلەن يۇرت، دۇئا بىلەن تەخت ئالماقچى بولۇشاتتى؛ دەستەكسىز دۇئالارنىڭ كۆپلۈكىدىن كىشىلەر قورقۇنچاق، پىكىر ـ تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، نانقېپى، زەئىپ، تەرسا، چېچىلاڭغۇ، ئىش خۇشياقماس، ئاجىز، ئەخمەق، لاپخور، شاللاق، تەرى سۆرۈن، بىپەرۋا، توڭ، بەتقىلىق، ئەقلى پالەچ بولۇپ كېتىشكەنىدى!

سوقرات: «دۇنيادىكى هەممە ياخشىلىقنىڭ ئىچىدە هەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىرلا ياخشىلىق بولىدۇ: بۇ — ئىلىم ـ مەرىپەتتۇر؛ دۇنيادىكى هەممە ياۋۇزلۇقلارنىڭ ئىچىدە هەممىدىن ئۇستۇن تۇرىدىغان بىرلا ياۋۇزلۇق بولىدۇ:

wwww.bilnur.com

بۇ — نادانلىقتۇر!» دېگەنىدى. دېمەك، دۇنيادا قانچىلىك
ياخشىلىق ۋە ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال
ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مېۋىسىدۇر! ھالبۇكى، جاھالەت، پەسلىك،
قاششاقلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقنى ئۆزىگە مەنبە
قىلىشىدۇ! چۈنكى، تارىختىن بۇيان، جاھاندىكى قارا
نىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا
نادانلىقتىن پايدىلىنىپ كەلگەن!

* * *

دۇنيادا ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇ-
ۋېتىشتىنمۇ رەزىل ئىش بولمىسا كېرەك. «ئاقتاغلىقلار» نىڭ
سەردارى بولغان ئاپاق خوجىمۇ ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىب
قىلىشنىڭ ئادەملەر ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئوينايدىغان
رولىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. «ھۇببۇل ۋەتەنى مىنەل ئىمان»
(ۋەتەننى سۆيمەك ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر!) دېگەن بىر
مەشھۇر ھەدىس بار. ھالبۇكى، ئاپاق خوجىمۇ ئادەملەرنىڭ
ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتا ئىشنى دەل ھەممىدىن ئاۋۋال
كىشىلەرنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇشتىن باشلىغانىدى. بۇنىڭ
ئۈچۈن، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلاپ، مىللەت
ئارىسىدا ئاداۋەت تىكىنى ئۈندۈرگەن «ئاقتاغلىقلار» نىڭ سۇلۇك
تەرغىباتىنى يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە زېرىكمەي
ئېلىپ باردى.

قايسى ئەلدە نادانلىق ئەۋج ئالغان بولسا، شۇ ئەلدە تەپرىقات،
بۆلۈنۈش غالىب كەلگەن بولىدۇ؛ قايسى ئەلدە ھەقىقەتنىڭ باغرى
تىلىنغان بولسا، شۇ ئەلدە غاپىللار يۇقىرى دەرىجىلەرنى
ئىگىلەيدۇ! ئېشەك قۇلاق، بۆرە پەنجە، قاۋان تۇمشۇق، تۈلكە
قۇيرۇق، قۇزغۇن سۆپەت، يىلان تىللىق، توشقان يۈرەك، چايان

wwww.bilnur.com

مىجەز، قىچىر تۇياق، قوش ماكانلىق ئادەملەر ئۈستۈن مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ. قەشقەر خوجىلىرىنىڭ پېشىۋاسى، نەمەنگانلىق دەستەكسىز خوجا — مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرىمۇ دەل مۇشۇنداق مەلئۇن ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى!

* * *

17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يېزىلىشقا باشلىغان ۋە ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان تەزكىرە، تەرجىمىھاللار 28 خىلغا يېتىدۇ! خۇددى «تۈركىستان جاڭگىلى» دەك ئىرماش ـ چىرماش، سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بۇ تەزكىرە، تەرجىمىھاللار مەيلى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىدىكى سوپى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بولسۇن، مەيلى «قارا تاغلىقلار» مەزھىپىدىكى سوپى ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغىنى بولسۇن، ھەممىسىدە قارشى مەزھەپنىڭ پىرلىرى چۆكۈرۈلگەن، ئىنكار قىلىنغان ۋە ئۆز مەزھىپىنىڭ پىرلىرى كۆزەللەشتۈرۈلگەن، ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەرلىك دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈلۈپ، ماختالغان! بۇ سىرلىق تەزكىرە، تەرجىمىھاللار-نىڭ ھەممىسىدە بىچارە ئۇيغۇر خەلقى ئاقارتىلىشقا تېگىشلىك بىر توپ نادانلار سۈپىتىدە مۇشۇ نائىنساب خوجا ـ ئىشانلار تەرىپىدىن ھىدايەتكە باشلانغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن! بۇ — قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە، تەرجىمىھاللارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى ئىدى!

مەن ئۆزۈمنىڭ قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدىكى ئۈچ توملۇق تارىخىي رومانىم — «مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى»، «ئاپاق خوجا» ۋە «تۇرغاق خوجىلار» نى مۇشۇ «تۈركىستان

wwww.bilnur.com

جاڭگىلى» دەك ئىرماش - چىرماش تەزكىرە، تەرجىمىھالىلارنىڭ ئەكسىچە، ئاشۇ يىللاردىكى تارىخىمىزنىڭ ئەڭ رەزگى، ئەڭ كىر ۋە ئەڭ جاھالەتلىك بەتلىرىدىن باشلاپ يازدىم. جاھالەتنى، ئادالەتسىزلىكنى رەھىمسىز پاش قىلىش، غەزەپ بىلەن قامچىلاش، پارلاق ئىستىقبالدىن بىشارەت بېرىپ، ياخشىلىقنى، ئادالەتنى ھارماي - تالماي كۈيلەش— ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق يازغۇچىنىڭ بۇرچىدۇر! شۇڭا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ كىتابىمدا خەلقىمىزگە مەلۇم بولغان ۋە تېخى مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن تارىخي پاكىتلارنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى ئاشۇ بىر توپ ناشۇكۇر خوجىلارنىڭ خەلققە قارشى خائىنانە جىنايەتلىرىنى يېزىپ پاش قىلىش ئارقىلىق، ئاشۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دەۋر روھىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئۇرۇندۇم!

دەۋر روھىنىڭ كۆزى ئىنسان قەلبىدىن باشقا ھەر قانداق يەردە تېخىمۇ يارقىنراق نۇرنى، تېخىمۇ قاراڭغۇراق زۇلمەتنى كۆرەلمەيدۇ؛ دۇنيادا ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىنمۇ مۇرەككەپرەك، سىرلىق، چەكسىز ۋە تولىمۇ قورقۇنچلۇق ماكان بولمىسا كېرەك. مۇبادا، دۇنيادا تەكلىماكان چۆلىدىنمۇ بىپايان زېمىن بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ كۆك ئاسماندۇر! بىراق، ئىنساننىڭ روھى دۇنياسى كۆك ئاسماندىنمۇ بىپايان بولغان زېمىندۇر!

*　　　　*　　　　*

ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى جامائەتچىلىك 21 - ئەسىرنىڭ ئاسىيالىقلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەشمەكتە. تېز سۈرئەتتە گۈللىنىۋاتقان ئىقتىساد، تۈگىمەس - پۈتمەس مول تەبىئىي بايلىق، ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق مەدەنىيەت گۆھەرلىرى

wwww.bilnur.com

ۋە سىياسىي جەھەتتىكى تەۋرەنمەس كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ ھەممىسى «قۇياش كۆتۈرۈلگەن جاي» دەپ ئاتالغان مۇشۇ ئاسىيا قىتئەسىگە مۇجەسسەملەنگەن! بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئەپلىك جۇغراپىيىلىك ئورنىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز، ئەلۋەتتە!

بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى، جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى لئۇن ئاپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا ئوت ۋە قىلىچ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ ھېسابلىنىدىغان يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى بۇزۇپ ئاچتى. ئۇيغۇر خەلقىمۇ شۇنىڭدىن تارتىپ ئۆزلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن دۇچ كەلگەن شۇم تەقدىردىن زادىلا قۇتۇلالمىدى. ئۇلار قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەۋھامچىلىقىنى ئۆزىگە روشەن بەلگە قىلغان نادانلىق، دوگمىچىلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق، يوقسۇللۇق، يۇرتۋازلىق، مەھكۇملۇق ۋە كۇلپەتلىك قىسمەتنىڭ ئاپەت دولقۇنى ئىچىدە ئېچىنىشلىق جان تالاشتى. بىراق، بۇنداق ئاپەت دولقۇنى بىر قىسىم ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ مىللەتنى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئەلنى قايتىدىن گۈللەندۇرۇشتىن ئىبارەت گۈزەل ئارزۇلىرىنى كۆمۈپ تاشلىيالمىغان، ئاۋام خەلقنىڭ تىرىكچىلىك ۋەسۋەسلىرى ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى غەرق قىلىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەلبىنى خۇن قىلىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئىرادىسىز ئاڭقاۋۇلاردىن قىلىپ قويدى! نەتىجىدە مىللەت ئىچىدە تىلى شېكەر، دىلى زەھەر، يەڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە خەنجەر ساقلايدىغان يۇرتۋاز خۇمسىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. مىللەت قانچىكى مەھكۇم بولغانسېرى قارا يۈزلەر، دەيۈزلەر، مۇناپىقلار شۇنچە كۆپەيدى. چۈنكى، ئۇلار جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرىغا ئۆز خەلقىنىڭ مىللىي مەنپەئىتىنى، مىللەتنىڭ ئار ـ نومۇسىنى سېتىش ھېسابىغا زور تۆھپە ـ ئىنئاملارغا ئىگە بولۇشاتتى ۋە «مۇشۇ خىزمىتىم

wwww.bilnur.com

باھانىسىدا تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالۇرمەنمىكىن» دەپ ئويلىشاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ مەسلىكى تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا خوجىسى تاشلاپ بەرگەن پۇچۇق سۆڭەكنى غاجىلاپ جان بېقىش مەسلىكى ئىدى!

خەلقىمىزنى 300 يىلدىن بېرى يىلاندەك چىرماپ ئالغان خوجىلار ئەۋھامچىلىقى - ئۇيغۇرلار تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن نادانلىق، خۇراپاتلىق ئېڭى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە كەلتۈرۈپ بەرگەن زىيىنىنى ھەرگىز تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئاسارىتى شۇنىڭدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئۆزىنى تەرسالارچە قايتا - قايتا كۆرسىتىپ تۇردى. «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي تەۋەرۈك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ ئاسارىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئېگراپ يېتىشقان مەزلۇم خەلقنىڭ خۇنۇك مىللىي ئېڭى ۋە خوجىچىلىق ئىستىرىيىسىنىڭ ئۆچۈپ كەتكەن تۇغ - ئەلەملىرى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن ماددىي مەدەنىيەت جەھەتتىكى قاششاقلىقى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىكى نادانلىقى كۈچەيسە كۈچەيدىكى، ھەرگىز ئاجىزلىمىدى. كىشىلەرنىڭ بىپەرۋالىقى بىلەن يۇرتۋازلىقىنى تېخىمۇ ئەشەددىيلەشتۈرۈۋەتتى. قارىماققا، ئۇلارنىڭ ئويغىنىشىغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ئەلۋەتتە، بۇ مەزگىلدە جاھالەت كۈچلىرى ھەممىلا ۋاقىت، ھەممىلا يەردە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋەرمىدى. ئادالەتنى ياقلايدىغان ياخشىلىقمۇ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۆزىنى قەيسەرلىك بىلەن قايتا - قايتا كۆرسىتىپ، نادانلىق پاتقىقىغا چۆكۈرۈلگەن خەلققە يورۇقلۇقتىن، ياخشىلىقتىن، ئىستىقبالدىن، غايىدىن، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپ تۇردى. كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بۇنداق ئويلىنىشى ئۇلارنى

wwww.bilnur.com

يېڭى ئازابلىق تەپەككۇر ئىچىگە سۆرەپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يېتىلىشكە باشلىدى. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن قۇربان بولغان قەدىرىيە، خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولغان ئىسيانكار شائىر شاھ مەشرەپ، ئۆز ئەقىدىسى ئۈچۈن قازاندىكى قايناۋاتقان ياغقا سەكرىگەن زەينەپ بىبى، ئەزىز ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرى ۋە ئۇنىڭ غالچىلىرى بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ دەھشەتلىك پاجىئە بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن باتۇر سەركەردە ئېۋەز بەگ، مانجۇلارنىڭ سادىق غالچىسى بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغان جاھان خوجا ئەرشى ۋە خوجا سىدىق پوتوھى، ئار - نومۇسىنى ساقلاش ئۈچۈن مانجۇ خانىغا ھەرگىز تىز پۈكمىگەن ئىپارخان، مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى پارتلىغان ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرى، ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان رەھمەتۇللا بەگ، ئەسمەتۇللا بەگ ۋە مايىسخان... قاتارلىقلار مۇشۇ ياخشىلىقنىڭ، مۇشۇ تەپەككۇرنىڭ سىمۋوللىرى ئىدى!

ئۇيغۇر خەلقىنى ئەۋھامچىلىقنىڭ ھالاكەتلىك پاتقىقىغا ئىتتىرگەن ئاشۇ خوجىچىلىق ھەرىكىتى ئاڭسىز يوسۇندا ئۇيغۇر خەلقىگە شەيتاننىڭ قويرۇقى بار ئىكەنلىكىنى ۋە مەھكۇملۇقنىڭ دوزاختىنمۇ ئازاب - ئوقۇبەتلىك بولىدىغانلىقىنى تونۇتتى. ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ خائىنانە ئەۋھامچىلىقى جۇڭغارلارغا قول قىلىپ بېرىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى ئەسلىدىكى ساداقەتمەن خۇداگۇي مۆمىنلەردىن دەھشەتلىك غەزەپلەنگەن ئارسلانلارغا ئايلاندۇردى. ئۇلار ئەمدى «مىللەتنىڭ غۇرۇرى»، «مىللەتنىڭ تەۋرۈكى» دېيىلگەن ئاشۇ نەرسىلەرگە قارىقويۇقلا ئىشەنمەيدىغان بولۇشتى. ھەممىدىن ئاۋۋال «مىللىي غۇرۇر»، «مىللىي تەۋرۈك» دەپ ئاتالغان ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ

wwwww.bilnur.com

ئۆزلىرىنى ئاسرىيالايدىغان ۋە ياكى ئاسرىيالمايدىغانلىقىغا قارايدىغان بولدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق قىسمىتىدىن مۇناپىق ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى قەشقەر خوجىلىرى تەرغىب قىلىشقان «مىللىي غۇرۇر» ، «مىللىي تەۋەرۇك» دەپ ئاتالغان خوجىلار ئەۋھامچىلىقىنىڭ ئۆزلىرىنى جۇڭغارىيە باسقۇنچىلىرىنىڭ ئاياغ - ئاستى قىلىشىدىن ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى پەيدىنپەي تونۇپ يەتتى ۋە ئۆزلىرىنى ئاسراپ قالالمايدىغان ئاشۇ نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالغاندا ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق تەقدىرىنىڭ ئەسلا ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى! شۇنداقلا، نادانلىق بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنى چىرماپ كەلگەن ئەڭ زور ئىككى كۈشەندە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى! شۇنداق، كىشىلەر ئالدانمايمەن دېسە، تارىختىن ساۋاق ئېلىش كېرەك. مۇبادا، تارىختىن ساۋاق ئالمايدىغان بولسا، تارىخنى قايتا، قايتا. . . تەكرارلاشقا مەجبۇر بولۇشىدۇ!

* * *

مەن 1998 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يەكەنگە كاماند سىروپكىغا بارغاندا مۇھەممەت تۇرسۇن مەجىددىن ئەپەندىنىڭ① ھەمراھلىقىدا ئالتۇنلۇققا بېرىپ، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلدىم. مۇقام ئۇستازى، خانىش ئامانىسانىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدىم.

ئالتۇنلۇققا سۇلتان سەئىدخاندىن تارتىپ ھېسابلىغاندا ئون ئەۋلاد پادىشاھ دەپنە قىلىنغاندى. بۇ قەبرىلەرنىڭ ئىچىدە پەزىلەت ۋە شىجائەت بابىدا زور ئۇتۇق قازانغان سۇلتان

① بۇ كىشى يەكەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ كادىرى بولۇپ، ھازىر پېنسىيىدە.

wwww.bilnur.com

سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇرەشىدخان، سۇلتان ئابدۇلكەرىمخان، سۇلتان ئابدۇلەتىپخان، سۇلتان ئابدۇللا خانغا ئوخشاش ئاقىل، پازىل سۇلتانلارنىڭ ۋە قەشقەر خوجىلىرىغا قورچاق بولغان سۇلتان ئەھمەتخان، سۇلتان مەھمۇتخان ۋە سۇلتان يولۋاسخاندەك پەزىلەتسىز، شىجائەتسىز، غاپىل ۋە جاھىل سۇلتانلارنىڭ قەبرىسىمۇ بار ئىدى..

مەن ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان چېغىمدا، تۇيۇقسىز خوجا سىدىق پۇتۇھىنىڭ[1] بۇرھانىدىن خوجىغا[2] ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم:

«— . . . ئەي غاپىل، بىلەمسەن؟ — دېگەنىدى ئۇ، — جاھان بەزمىسىنىڭ ساقىيلىرى شۇ قەدەر ھاياسىزكى، ئۇلار ئۆمۈر پىيالىسىگە ئۆلۈم شارابىنى قۇيۇشتا ئاقىل بىلەن غاپىلنى، پازىل بىلەن جاھىلنى، ھۇشيار بىلەن بىھوشنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ! ئۇلار تىرىكلىك شاخلىرىنى ئەجەل تىغى بىلەن كېسىشتە كىمنىڭ پازىل پادشاھ، كىمنىڭ ئادىل پادشاھ ئىكەنلىكىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ! ۋادەرىخا، بۇ جاھان كىملەرگە ۋاپا قىلغان؟! ھايات ۋاقتىدا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق ۋەجۇ - دۇنيانى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈپ، تەگرى ئەركىسى دەپ ئاتالغان ئاشۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنمۇ جاھان ساقىيسىنىڭ قولىدىن ئۆلۈم شارابىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولمىغانىدى؟ ئۇ: ‹مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، ئەلۋەتتە بىر قولۇمنى تاۋۇتنىڭ تېشىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. جاھان ئەھلى ئۇنىڭغا ھەيرانلىق كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن قانداق

---

① شائىر، «دىۋان پۇتۇھى»نىڭ ئاپتورى. قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى دانىيال خوجىنىڭ نەۋرىسى.

② ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سەردارى ئاپاق خوجىنىڭ چەۋرىسى.

wwww.bilnur.com

ئۆزۈلگەنلىكىنى كۆرسۇن! ، دەپ ھەسرەتلىك نىدا قىلمىدىمۇ؟ . . . »

مەن مۇشۇ سەھىپىلەرنى ئويلاۋاتقىنىمدا، كۆڭلۈم تويۇقسىز بۇزۇلدى — دە، مەجىددىن ئەپەندىگە:

— يۇرۇڭ، مىنى ھەفتەئى مۇھەممەدانغا[①] باشلاپ بېرىڭ، — دەپ ئىلتىماس قىلدىم.

ھەفتەئى مۇھەممەدانغا كېتىۋېتىپ، يولدا توپىغا ئېغىناپ يېتىشقان بىر مۇنچە ئادەملەرنى كۆردۇم. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن سولغۇنلۇق، قاششاقلىق چىقىپ تۇراتتى، چاچلىرى ئۆسۈپ كېتىشكەن، گەدەنلىرىنى كىر - قاسماق بېسىپ، ئۇزايىدىن ئادەمسىياقى قالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەرمۇ - ئايالمۇ، قېرىمۇ، يېشىمۇ بار ئىدى.

— بۇلار كىملەر؟ ئۇلار نېمە دەپ بۇ يەردە ئېغىنىشىپ يېتىشىدۇ؟ — دەپ سورىدىم يېنىمدىكى مەجىددىن ئەپەندىدىن قىزىقىپ.

— بۇلار ئاشىقلار، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىلچىمۇ ھېسسىياتسىز ھالدا.

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇددى بۇ يەردە بۇنىڭدىن 300 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن ئەبگا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئەرۋاھلىرىنىڭ 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىكى لەلەڭشىپ يۈرۈشكەن سايىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم — دە، ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتىم.

— ھەقدوست، بالا گەردان نەقشىبەندى پىرىم! — دېدى ياش بىر ئاشىق دىۋانە ئۇزۇندىن بېرى يۇيۇلماي قاسماق - توڭۇر بېسىپ كەتكەن قوللىرىنى ماڭا تەڭلەپ، — سەدىقە بالانى يەر، تۆۋە گۇناھنى. . . !

---

① قەدىمكى زاماندا يەكەن شەھىرىدىكى غەدىگەرلىككە مۇھەممەت ئىسىملىك يەتتە كىشى قاتار دەپنە قىلىنغانىكەن. كېيىن كىشىلەر بۇ يەرنى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن «ھەفتەئى مۇھەممەدان» دەپ ئاتايدىغان بولۇشۇپتۇ.

wwww.bilnur.com

مەن قولۇمنى تۆش يانچۇقۇمغا ئاپىرىپ بولۇپ، يەنە دەرھال پەسكە چۈشۈردۈم — دە:

— ئىتىڭ نىمە؟ نەچچە ياشتا سەن؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ئىتىم خوجا ئابدۇلكەرىم راخمان سوپى، تەقسىر بۇ يىل مەن 25 كە كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ تەمەخورلۇق ئوتى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىنىڭ تۆش يانچۇقۇمغا تىكىپ تۇرۇپ.

— بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرسەن؟ قورسىقىڭغا نىمە يەيسەن؟

— تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام ئاچ يۈرىمەن!

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى «شەھىرىمىزنىڭ لالما ئىتلىرىغا ئوخشايدىكەنسىز» دىگەن لەتىپە ئىسىمگە كەلدى — يۇ، ئەمما تىلىمنى تىيىۋالدىم:

— ياش ئىكەنسەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەش ئەزايىڭمۇ ساپ ـ ساقلا ئىكەن. ئەلۋەتتە سىنىڭمۇ يۇرت ـ قاياشىڭ باردۇر؟ ئۆزۈڭنى بۇنداق خار ـ زار ئەيلىگۈچە، كۈچۈڭنى سەرپ قىلىپ رىسقىڭنى تىپىپ يىسەڭ، ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟!

— ئەپەندىم، غەلىتىلا گەپ قىلىدىلىغۇ؟ قارىسىلا، پىقىر خۇدا يولىدىكى ئاشىقمەن. پۈتۈن ئەسلى ـ ۋەسلىمنى ھەقتائاللاغا ۋە ئۇنىڭ پىرىيارەنلىرىغا ئاتىۋەتكەن ئاشىقمەن. ئاللا سىلىگە بۇ ئالەملىك نىمەتنى بەرگەن بولسا، بىزلەرگە ئۇ ئالەملىك نىمەتنى بەرگەن! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىلچىمۇ ئۇيالماستىن.

— . . .

مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، يا كۈلۈشىمنى، يا يىغلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— يۈرسىلە، كىتەيلى! — دەپ پىشىمنى تارتتى مەجبىدىن

wwww.bilnur.com

ئەپەندى.

مەن دەرھال يانچۇقۇمدىكى مەيدە پۇللارنى ئېلىپ، ھەممىسىنى ھېلىقى ئاشىقنىڭ يېنىدا قولىنى تەڭلەپ تۇرغان يەنە بىر مەجرۇھ سائىلغا بەردىم...

مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەچلىك تامىقىمنى يەپ، بىرەر قۇر تېلېۋىزور كۆرۈپ بولۇپ كېيىن، كۈندىلىك خاتىرەمنى يېزىشقا باشلىدىم. خاتىرەمنىڭ سەھىپىلىرىگە يۇقىرىقى ۋەقەنى خاتىرىلەپ قويدۇم...

ئەپلاتون: «كېسەل بەدەن قىيىنچىلىقلارغا چىدامسىز، سەمەرىلىك ئىشلارنى بېجىرىشكە قابىلىيەتسىز بولغىنىدەك، كېسەل روھمۇ ئەڭ يۇكسەك ۋە پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ پەرقىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ ۋە تاللاپ ئالالمايدۇ» دېگەنىدى. شۇنداق، قاشاقلىق تەرەققىي قىلىپ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، ئادەملەر جىن - شەيتانغا ئايلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈشمەيدىغان بىپەرۋا ئادەملەرگە ئايلىنىپ قىلىشىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۇيۇق يولىغا كىرىپ قېلىپ، بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشقان ئادەمسىياق ئوبرازلار جىسىمسىز جىن - شەيتانلارغا ئاسانلا ئارىلىشىپ كېتىندۇ!

* * *

ئەتراپىمىزنى ئوراپ تۇرغان بۇ سىرلىق دۇنيا ئۆزىدە نېمە بولسا شۇنى ئايان قىلىدۇ. ئۇنى كۆزەتكەن ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ كۆزىتىلىدىغان نەرسە بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن! مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دۇنيادا شۇنداق بىر قىسىم ئادەملەر بار ئىكەنكى (ئەگەر ئۇلار روھ دېيىلمەي

wwww.bilnur.com

ئادەم دېيىلدىغان بولسا)، ئۇلار خىيال دۇنياسىدا ئۇزۇپ يۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يېتەلەيدۇ ۋە ئېگىزدە تۇرۇپ ھەيران قالارلىق مەنزىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ. شۇڭا، تەپەككۇر قىلالايدىغان، يىغلىيالايدىغان ھەم كۈلەلەيدىغان مىللەتتىن ئۈمىد كۈتۈش كېرەك. چۈنكى، ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلالايدىغان مىللەتنى يېڭىش قىيىن. ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە قايغۇرۇپ يىغلىيالايدىغان مىللەتلا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە بۇنداق ھالەتتىن قۇتۇلۇش يولىنى تاپالايدۇ. ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن تۆلىگەن مۇشەققەتلىك ئەجىر - تۆھپىلىرى، بەدەل - قۇربانلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ياش تۆكەلەيدۇ ھەمدە قولغا كەلتۈرگەن بەخت - سائادەتلىرى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كۈلەلەيدۇ!

تەپەككۇر — ئىنساننىڭ ئەقىل - ئىدراك پائالىيىتى. شۇڭا، ئىنسان بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ تەپەككۇرسىز ئۆتكۈزمەسلىكى لازىم. بىراق، ئىنسان ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئورنىغا خام خىيالىنى دەسسەتسە، زەھەر بىلەن غىزانى ئايرىلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولىدۇ. نىھايەت، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ چېكى بولمايدۇ. ئىنسانلار ئەزەلدىن تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا خەۋپ - خەتەردىن قورقماي تەھلىل قىلىپ كېلىشتى. بەلكى، زور دەلىللەر ھېسابىغا ئۆزلىرى بىلمەكچى بولۇشقان ئاجايىبات - غارايىباتلارنىڭ سىر — ئەسرارلىرىغا يېتىشمەكچى بولۇشتى. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ ئاجايىپ بىر خىل تەسىر قىلىش رولى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز تەپەككۇرلىرى ئارقىلىق ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرالىدى!

wwww.bilnur.com

*　　　*　　　*

1967 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەن سابىق قەشقەر شەھەرلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، كاپىتان ئوسمانوپ ئاكا بىلەن خەلق ئەسكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر نەزەرباغ يېزىسىدا بىر ئايدەك تۇرۇپ قالدىم. مۇشۇ مەزگىلدە، ھەزرەتتە ئاپاق خوجا مازىرىغا قارايدىغان ھەسەن شەيخ دېگەن بىلەن تونۇشۇپ قالدىم (ئاڭلىسام، ھەسەن شەيخ ھازىر دەم ئېلىشتا ئىكەن). ئۇ ماڭا ئاپاق خوجا ھەققىدە نۇرغۇن قىزىقارلىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەينى ۋاقىتتا گەرچە مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمىگەن بولساممۇ ئەمما مەندە ئاپاق خوجىغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، مەن مۇشۇ خىيالنىڭ ۋەسۋەسىچىلىكىدە، ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى مەقسەتلىك ھالدا خاتىرىلەپ ماڭدىم ۋە ئاپاق خوجىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ماتېرىياللارنىمۇ يىغىپ ماڭدىم.

1979 ـ يىلى كۈزدە، مەن جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى قوماندانلىق شتابىدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكەلدىم. بۇ مەزگىلدە قەشقەر شەھىرىدە ئولتۇرۇشلۇق بىلىملىك زاتلار بىلەن، مەسىلەن، مەرھۇم قاسىم قارى ھاجىم، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم (ھازىر بۇ زات قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدىن دەم ئېلىشقا چىقتى) قاتارلىق ئەللامەلەر بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. سابىق باشلىقىم، مەرھۇم ۋالىي ئەيسا شاكىر جانابلىرىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بىر مەزگىل مەرھۇم ئەللامە ئىمىر ھەسەن قازى ھاجىم جانابلىرى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ ئاپاق خوجا ھەققىدە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋالدىم.

wwww.bilnur.com

1981 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، مەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن كېيىن، خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن خەنزۇچە ـ مانجۇچە ئارخىپلاردىكى شىنجاڭ ھەققىدە يېزىلغان مەلۇماتلارنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە مەتبۇئاتتا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان ۋە ئېلان قىلىنمىغان ھەر خىل قولىيازمىلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. مەسىلەن، «تەزكىرەئى ئەزىزان» («تەزكىرەئى خوجىگان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر)، «تارىخىي كاشغەر»، («جاھاننامە»)، «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»① (يەنى «تارىخى رەشىدى. زەيلى») ۋە «تەزكىرەئى ھىدايىتۇللا»، «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، «تەزكىرەئى ئافاق»، «تەزكىرەئى پىرىياران»، «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»، «تەربىيەتنامە»، «ھىدايەتنامە»، «تارىخىي نادىرىيە»، «رىسالە تەۋەرۇكات» («تەزكىرەئى پىرىياران» نىڭ بىر قىسمى) قاتارلىق قولىيازمىلاردا قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە، بولۇپمۇ، ئاپاق خوجا ھەققىدە ناھايىتى مول بىرىنچى قول ماتېرىياللار يېزىپ قالدۇرۇلغان!

ئاپاق خوجا — شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن ئىسلام دىنى «ئاقتاغلىقلار» مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا جەنۇبىي شىنجاڭدا دىن بىلەن ھاكىمىيەت بىرلەشكەن زۇلمەتلىك فېئودال خوجىلار ھۆكۈمدارلىقىنى ئورنىتىپ، پۈتۈنسۇرۇك ئۇيغۇر خەلقىنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» دەپ بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى ئىككى مەزھەپكە بۆلۈپ تاشلاپلا قالماستىن بەلكى جۇڭغارلارنى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتودوكسال دەھرىي ھاكىمىيىتى ـ يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى گۈللەنگەن ئۇيغۇر

① بۇ كىتابلار قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

wwww.bilnur.com

مەدەنىيىتىنى تەلتۆكۈس نابۇت قىلىپ تاشلاپ، ئۇيغۇر خەلقىنى جاھالەت پاتقىقىغا چۆكتۈرۈپ مەڭگۈ كەچۈرگۈسىز جىنايەت سادىر قىلدى. بۇ جىنايەتلەر مەلئۇن ئاپاق خوجىنىڭ سان - ساناقسىز جىنايەتلىرى ئىچىدە ئەڭ زور ئىككى تارىخىي جىنايىتىدۇر!

دېمەك، ئاپاق خوجىدەك مۇشۇنداق بىر تارىخىي مۇناپىقنى ئەينەن ھالدا جامائەتچىلىككە قايتىدىن تونۇتۇش، ئۇنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىگە تارىخىي باھا بېرىش، 300 يىلدىن بېرىقى بۇرمىلانغان تارىخنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش - ھەر قانداق بىر ۋىجدانلىق يازغۇچى، ئاپتورنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسىدۇر.

مەن ئاپاق خوجا ھەققىدىكى بۇ قىسسەمدە ئاساسىي پاكىتلارنى، تونۇش ۋە ناتونۇش بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىق ئاساسىدا ئەينەن، توغرا شەرھىيلەپ بېرىشكە تىرىشتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بەدىئىي تىلىمىزدىن بىر قەدەر توغرا پايدىلانغاندىن باشقا، يەنە مۇرەككەپ بەدىئىي تەسۋىرلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئاپاق خوجا قاتارلىق سەلبىي پېرسوناژلارنى ۋە بىر قاتار ئىجابىي شەخسلەرنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە سۈرەتلەپ بېرىشكە تىرىشتىم. بولۇپمۇ، ئاپاق خوجىنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلىگەندە ئۆزۈمنىڭ بايانى ياكى ۋەز - نەسىھەتلەر ئارقىلىق ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ رېئال ئىش - ھەرىكىتى، سۆزلىرى، ئىچكى خىيالى ئارقىلىق ئۇنىڭ رەزىللىكىنى، قەبىھلىكىنى ۋە ساختىلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلاپ، چىنلىقىنى، ياخشىلىقىنى، گۈزەللىكىنى مەدھىيلەشكە تىرىشتىم.

ئاپاق خوجا تارىخىي شەخس، لېكىن، مېنىڭ يازغىنىم ئۇنىڭ تارىخى ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ رەزىل تارىخى ئەدەبىي ۋاستىلەر بىلەن بايان قىلىپ بېرىلگەن تارىخىي قىسسە. شۇڭا،

wwww.bilnur.com

بەزى ۋەقەلەرنىڭ قىسقارتىلىشى، بەزى ۋەقەلەرنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىگە ماس هالدا قىستۇرۇلۇشى تەبىئىي ئەھۋال. نىھايەت، دىئالوگلارنىڭ ۋە بەزى ھېكايەتلەرنىڭ ۋەقەلىك راۋاجى ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلۇشىمۇ نورمال ئىش دەپ قارايمەن.

* * *

مەن تۇرمۇش مۇشەققىتىنىڭ ئاسارىتىدە ئاران تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 1 - يىللىقىنىلا ئوقۇيالىدىم. بىلىم سەۋىيەمنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى - مەيدىسىگە پروفېسسورلۇق ئىزنىكىنى تاقىۋېلىپ گىدىيىپ يۈرۈشكەن بەزى دوستلۇرۇمغا قارىغاندا، خېلىلا تۆۋەن ئىدى. بىراق، مەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ شۇنى چۈشەندىمكى،! باشلىنىش نۇقتىسى ھەر قانچە يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما، بىر ئورنىدا تۇرىۋېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىمىسە، ئۇنداق ئادەمنىڭ تۇرمۇش دەپتىرى يەنىلا ئاق پېتى تۇرىۋېرىدۇ؛ گەرچە باشلىنىش نۇقتىسى تۆۋەن بولسىمۇ، ئەگەر تىرىشىسىلا، تۇرمۇشنىڭ تاغ - داۋانلىرىدىن ئېشىپ ھاياتنىڭ سەپەر ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، جەۋلان قىلىپ، چوڭ - چوڭ نەتىجىلەرنى، ھەتتا باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغىدەك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

ئەلنىڭ تارازىسى ھەقىقەت، ئەلنىڭ باھاسى ئادالەت، ئەلنىڭ ئەقلى ئەل بىلەن! مېنىڭ تۇنجى ئەسىرىم — «بەدۆلەت» ناملىق ئۈچ توملۇق تارىخىي قىسسەم نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، خەلقىم مېنىڭ بۇ ئازغىنە ئەرزىمەس ئەمگىكىمگە خېلى يۇقىرى باھا بەردى.

قايسى بىر ئەدىبنىڭ: «... ئازراقمۇ مېۋە بەرمەيدىغان

wwww.bilnur.com

دەرەخ — مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدىندۇر؛ ئىجتىھات بېغىدا بېخىل، باشقىلارغا ئازراقمۇ پايدا بەرمىگەنلىكى ئۈستىگە، باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ لاياقەتسىز، ئەڭ ئىستىبداتسىزلىرىدىندۇر! مۇبادا، بۇنداق ئىستىبداتسىز ھەسەتخورلار يۇقىرىدا بولسا، ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ يولىنى توسۇۋالىدۇ. ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ نادانلىقلىرىنىڭ خىرە سايىسى ئاستىغا كۆمۈپ تاشلاپ، بىھۇدە زايا قىلىۋېتىدۇ! پۈتۈن خەلقىنى ئەقىل - پاراسەت مېۋىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. دېمەك، ھەسەتخورلار خىلمۇ خىل بولىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، تالانت ئىگىلىرىنى باسىدىغان ھەسەتخور دۇنيادىكى ھەسەتخورلارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر؛ شۇنداقلا، تالانت ئىگىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ يۈكسەك پەللىگە چىقىشى ئۈچۈن ئۆز يەلكىسىنى شوتا قىلىپ بەرگۈچىلەر دۇنيادىكى ساخاۋەتچىلەر ئىچىدە ئەڭ ئالىيجانابلىرىدىندۇر!..» دېگەنلىكى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ.

مەن قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدىكى بۇ ئۈچ توملۇق تارىخىي رومانىمنى يېزىشقا كىرىشكەندە، نۇرغۇنلىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتىم. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدىكى قۇربان مامۇت ئەپەندى قەشقەر خوجىلىرى ھەققىدە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار بىلەن مېنى تەمىنلىدى؛ خىزمەتدىشىم مۇھەممەت تۇردى مىرزا ئەھمەت ئەپەندى ئۆزى ساقلاۋاتقان، ئاپاق خوجا ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرە، تەرجىمىھال ماتېرىياللارنى سېخىيلىق بىلەن مېنىڭ پايدىلىنىشىمغا بېرىپ تۇردى.

wwww.bilnur.com

خىزمەتدىشىم جىلىل مۇھەممەت ئەپەندى بۇ ئۈچ توملۇق ئەسىرىمنى ئەدەبىي جەھەتتىن ئەستايىدىل تۈزىتىپ، تەھرىرلەپ نەشرگە تەييارلىدى. مەن بۇ يەردە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مېنى مەنىۋى، ماددىي جەھەتتە قوللىغان، نام - شەرىپى ئاتالغان ۋە ئاتالمىغان بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن!

1998 - يىل 7 - ئاي ئۈرۈمچى

wwww.bilnur.com

مولل

ماڭغ

wwww.bilnur.com

# مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە** «سۇ بېشىدىن لاي» ............ 1
بىرىنچى باب قوش گۇمبەز ............ 34
ئىككىنچى باب ئاداۋەت تىكىنى ئۇنگەن تۇپراق ... 63
ئۈچىنچى باب براخمان موللىسى بىلەن مۇسۇلمان موللىسى ............ 100
تۆتىنچى باب «بۇ پاجىئەگە زېمىن گۇۋاھ» ...... 140
بەشىنچى باب قىلتاق ............ 181
ئالتىنچى باب لاتا قورچاق ............ 217
يەتتىنچى باب ئوت كەتكەن كېچە ............ 257
سەككىزىنچى باب «بۇ يولدا شاھ مەشرەپمۇ ماڭغان» ............ 307
توققۇزىنچى باب «قازا يولى» ............ 350
ئونۇنچى باب «ئەل قىساسى مىنەل ھەق!» ...... 396
ئون بىرىنچى باب شېرىك پادىشاھلار ............ 442
ئون ئىككىنچى باب جاللات خېنىم ............ 469
ئون ئۈچىنچى باب جۇڭغارىيە بۆرىسى ............ 501
**خاتىمە** دانىيال خوجا ............ 544

wwww.bilnur.com

wwww.bilnur.com

# مۇقەددىمە

## «سۇ بېشىدىن لاي...»

«تولا چاغلاردا بىرنەرسىنىڭ ئۇشۇق بولۇشى يەتكۈزۈۋاتقان پايدىسىنىڭ كەمچىلىكى بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، ئالتە بارماقلىق قولدىكى ئۇشۇق بارماق نۇقسان يەتكۈزگەندەك.»

— ئەللامە زەمەخشەرى①

**مىلادى** 1624 ـ يىلى (توڭگۇز يىلى) رامزاننىڭ ئون يەتتىسى، تاڭ سەھەر.

مۇلكى تۈركىستاننىڭ سەددىچىنىغا يېقىن بىر يېرىدە قامۇل② دېگەن قەدىمكى بىر ئۇيغۇر شەھىرى بار ئىدى. بۇ شەھەرنىڭ شىمالىدىكى قارلىق تەڭرىتېغى باغرىغا باغۋارانلىق بىر گۈزەل مەنزىرىلىك كۆجۈم مەھەللە جايلاشقان بولۇپ، بۇ مەھەللىنىڭ نامى سۇ بېشى③ دەپ ئاتىلاتتى.

---

① ئەللامە زەمەخشەرى — مەشھۇر تىلشۇناس ئوبۇلقاسىم شاھابىددىن مەھمۇت بىننى جارۇللانىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى. ئۇ مىلادى 1075 ـ يىلى خارەزمنىڭ زەمەخشەرى دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، مەشھۇر «كافىيە» دەرسلىكىنىڭ ئاپتورى.

② قامۇل — ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىنىڭ تارىختىكى نامى.

③ سۇ بېشى — جاي ئىسمى. ئورنى ھازىرقى قۇمۇل شەھىرىدىكى خەلق باغچىسىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى بىلەن شەرقىي شىنجاڭ مىللىي سودا سارىيىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

wwww.bilnur.com

توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان سىرىق لايقىلىق تاغ سۈيى مەھەللىنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە بۆلۈپ ئاقاتتى.

تۈن ئاسمىنى ئاستا - ئاستا يورۇماقتا ئىدى. كۆكتىكى يۇلتۇزلار ھېلىمۇ جىمىرلىشىپ چاقناپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيقۇدىن ئەمدىلەتىن ئويغانغان شەرقتىكى تاڭ سەھەر مالائىكىسى ئۆزىنىڭ بىنەپشە ھەرىمىگە كىرىدىغان دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتكەنىدى. قامەتلىك تەگرىتېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان، تولۇنئايمۇ نۇر يېغىپ تۇرغان ئاسمانىنىڭ چېتىدە ئۆڭۈپ كۆزدىن يوقىلاي دەپ قالغانىدى. بۇ يەرنىڭ سەھىرى تولىمۇ جىمجىت، تولىمۇ گۈزەل ئىدى. كوچىلاردىن نەمخۇش شەبنەم پۇرىقى كېلەتتى. دەرەخ سايىلىرى بارا - بارا ئۈزىراپ، يۇلتۇزلار بارا - بارا شالاڭلاشماقتا ئىدى.

مەھەللىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە سۈيى سۈپسۈزۈك بىر كۆل بار ئىدى. كۆل بويىدىكى دەل - دەرەخلەر گۈزەل پەرىلەرنىڭ قامىتىدەك يۇمران ئىدى. سۆگەتلەرنىڭ تال - چىۋىقلىرىغا يۆگىشىپ ئۆسكەن ھەشقىپىچەكلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىلىپ كېتىشكەنىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى كىشىنىڭ ياشلىق باھارىنى ئويغاتقۇدەك دەرىجىدە سالقىن ۋە ئارامبەخش ئىدى. بۇ كۆلنىڭ بويىدا ئالدى كۆل تەرەپكە قارىغان ئېگىز پەشتاقلىق بىر ھويلا بار ئىدى. ھويلا ئېگىز ئەنجان تېمىنىڭ ئىھاتىسىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدىن قورۇ ئىگىسىنىڭ ھاللىق زەردار ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

بۇ قورۇنىڭ ئىگىسى — قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پىرى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئىدى. ئۇ بامدات نامىزىنى ئېخى ھېلىلا ئۆتەپ بولۇپ، باراڭ تېگىدە مەسنىۋى شېرىف ئوقۇپ ئولتۇرغانىدى. توساتتىن ئۆي خىزمەتكارى ئايال يۈگۈرۈپ كىردى.

— ھەزرىتىم، ۋاي بولمىدى، زۇلەيخا بېگىمنىڭ تولغىقى

wwww.bilnur.com

تۇتۇپ قالدى. ئۇ: «گۈلنىسەبخان ئايلىنى چاقىرتسۇن!» دەيدۇ، — دېدى ئۇ. ھودۇققىنىدىن مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قولىدىكى كىتابنى رېھىل ئۈستىدە قالدۇرۇپلا، ئىچكىرىكى خانىغا ئىتتىك كىردى.

— ھەزرىتىم، ۋاي ئۆلەي، ۋاي چىدىيالمىدىم. تېز بولسىلا، گۈلنىسەبخان ئايلىنى چاقىرتسىلا، — دېدى تۆشەك ئۈستىدە ياتقان زۇلەيخا بېگىم تولغاق ئازابىدا ئىڭراپ، ئۇنى قاتتىق ئاغرىق تۇتقانىدى.

— بېگىم، قەيسەر بولسىلا!

ئايال لەۋلىرىنى ئاران مىدىرلىتىپ بوغۇق ئاۋازدا:

— ۋاي بولالمىدىم، — دېدى.

مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان سوپىلىرىدىن بىرەيلەننى دەرھال مەھەللىنىڭ نېرىقى چېتىدە ئولتۇرىدىغان ئەش ئانا[①] — گۈلنىسەبخان ئايلىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئايال ئارقا - ئارقىدىن قاتتىق چىرقىراپ ۋاي - ۋايلىدى — دە، ئاندىن توختاپ جىم بولۇپ قالدى.

مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئايالىنىڭ بىردىنلا جىم بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئايالىنىڭ يۈزى تاتىرىپ كەتكەن، قولى بىلەن توغرى تامنى چىڭ تۇتۇپ، خۇددى قىرغاقتا چىقىپ قالغان بېلىقتەك ئاغزىنى ماك - ماك ئېچىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئىچكىرىدە قايناپ قالغان كۆز چاناقلىرىغا پېشانىسىدىن شۇرقىراپ تەر قويۇلاتتى.

— ۋاي، مەن بولالمىدىم. ۋاي، مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. ھەزرىتىم، رازى بولسىلا، ... ھەي!... ئەلۋىدا... — دەيتتى ئۇ ئاچچىق تۇتۇۋاتقان تولغاق ئازابىغا

① ئەش ئانا - تۇغۇت ئانىسى.

wwww.bilnur.com

چىدىيالماي.

— بېگىم سەۋر قىلىلى، — دەيتتى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان، ئۇمۇ شۇ تاپتا ھاياجانلانغىنىدىن زۇلەيخا بېگىمنى بەزلەش ۋە كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر مۇۋاپىق سۆز تاپالماي قالغانىدى. ئۇ تىت - تىت بولغىنىدىن خۇددى ئوچاق بېشىدىكى چۈمۈلىدەك ھېلى تاشقىرىغا چىقىپ، ھېلى ئۆي ئىچىگە كىرىپ بىردەممۇ بىر ئورنىدا جىم تۇرالمايۋاتاتتى.

بىر پەس بېسىلىپ قالغان ئاغرىق ئۇن ھەسسە كۈچىيىپ، زۇلەيخا بېگىمنىڭ تولغىقى يېڭىۋاشتىن تۇتقىلى تۇردى. ئۇمۇ شۇ تاپتا پەسىيىپ كەتكەن قورسىقىدا بىرنېمە تېپىشىغا تېپىۋاتقاندەك ھېس قىلدى — دە، يادەك ئېگىلىپ، بارغانسېرى دەھشەتلىك چىرقىرىغىلى تۇردى.

— ھەز - رد - تىم! ۋاي - مەن - چىدد - يال - مىدىم! — دېگەن نالە - پەرياد ئەمدى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەش ئانا — گۈلنىسەبخان ئايلا ئاخىر يېتىپ كەلدى ۋە تولغاق يەۋاتقان ئايالنىڭ بېشىنى يۆلىدى...

زۇلەيخا بېگىم تۆشەك ئۈستىدە ئەش ئانا — گۈلنىسەبخانىنىڭ قۇچىقىدا قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئاستىدا بىرنېمە مىدىرلىدى ۋە «ئىگە!» دېگەن ئاچچىق ئاۋاز ئاڭلاندى...

ئەش ئانا زۇلەيخا بېگىمنىڭ بېشىنى ئاستا تۆشەك ئۈستىگە قويدى — دە، ئوراقلىق لاتىنى ئېچىپ، قايچىنى قولىغا ئالدى ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كەستى، ئاندىن ياقىسىغا قاداپ قويۇلغان يىڭنىدىكى يىپنى سۇغۇرۇپ ئېلىپلا بالىنىڭ قان چىقىپ تۇرغان كىندىكىنىڭ ئۇچىنى چىڭ باغلىدى ۋە بالىنى پاكىز يۇيۇپ ئۆرتكەندىن كېيىن زاكىلىدى.

بۇ بوۋاقنىڭ تەن قۇرۇلۇشى مۇكەممەل، زېھنى قۇۋۋىتى تولۇق بولۇپ، يۇمران پۇت - قوللىرى تەبىئىي ھالدا ئەركىن

wwww.bilnur.com

هەرىكەت قىلاتتى. بالىنىڭ قارا قاشلىرىنىڭ ئارىسى كەڭ، چىرايىنىڭ تېرىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئاق بولۇپ، باشقا رەڭلەر ئارىلاشمىغانلىقى ئۇچۇن كۆرگەن ئادەمنىڭ بوۋاقتا مەسىلىكى كېلەتتى. بۇ بالىدا بىرخىل تۇغما نازاكەتلىك بار ئىدى. ئۇنىڭ كالپۇكلىرى نېپىز بولۇپ، قىياقتەك بۇرنى ئېقىپ چۈشكەندەك ئۇستۇنكى كالپۇكىنىڭ ئۇستىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كىچىك بولسىمۇ لېكىن ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ، خۇددى يىراقتىكى غايىب نىشانغا ساداقتىكى ئوقتەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئى ھەزرىتىم، سۆيۈنچە بىرۇرلە، — دېدى ئەش ئانا گۇلنىسەبخان ئايلا مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئالدىغا چىقىپ، — بېگىم، تولۇنئايدەك بىر ئوغۇل تۇغدى!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان يۇگۇرگىنىچە زۇلەيخا بېگىم تەۋەللۇت قىلغان ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىۋىدى، ئېسىل قەشقەر ئاق ماتاسىدا زاكىلانغان بىر پەرزەنت ياتقانلىقىنى كۆردى.

— ئى ھەزرىتىم، بۇ ئوغۇل پەرزەنتنى خۇدايىتائالا سىلىگە ئاتا قىلىپتۇ. ئۇنىڭغا بىر ئىسىم قويۇپ بەرسىلە، — دېدى زەئىپ ئاۋازدا زۇلەيخا بېگىم مەغرۇرلىنىپ تۇرۇپ.

مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان دەرھال دالانغا چىقتى. دالان ئۆيدە ئۇنى بىرمۇنچە مۇرشىد - مۇخلىسلىرى كۈتۈپ تەقەززا بولۇپ تۇرۇشقانىدى. ئۇ كەينىدىن بالىنى كۆتۈرۈپ چىققان ئەش ئانا گۇلنىسەبخان ئايلىنىڭ قولىدىن بالىنى ئالدى — دە، ئالدىدىكى جايىناماز ئۇستىگە دومىلىتىۋەتتى ۋە خۇداغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى، ھەمدۇ - سانالارنى ئېيتقاندىن كېيىن پەيغەمبەر سەرۋەرى ئالەم — مۇھەممەتمۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پاك روھىغا دۇرۇت ئوقۇدى. جەمئىي ئەنبىيا - ئەۋلىيا ۋە مازارى - ماشايىخلارنىڭ ئەرۋاھلىرىغا دۇئا قىلدى.

wwww.bilnur.com

ئاندىن مۇرشىد - مۇخلىسلىرىغا قاراپ:

— ئى مۇخلىس - ساھابىلىرىم، بۇ ئوغۇل پەرزەنتنى ھەر قايسىڭلارنىڭ دۇئايى - بەرىكاتىڭلار بىلەن خۇدايىتائالا بىزگە ئاتا قىلىپتۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ پەرزەنت سىزلەرنىڭ خوجاڭلاردۇر. بۇنىڭغا ئۆزۈڭلار بىلىپ ئىسىم قويۇپ بېقىڭلار! — دېدى.

مۇرشىد - مۇخلىسلار دەرھال قوللىرىنى دۇئاغا ئېچىشىپ:

— سائادەت مەۋسۇمىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنت، ئۆمۈر- دۆلەتىڭىز زىيادە بولسۇن. ئەلھەمدۇلىللاھ مۇسۇلمان پەرزەندىدۇرسىز. دىنىڭىز ئىسلام، پەيغەمبىرىڭىز مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بولسۇن. چاھار يارلار، جىمى ئەۋلىيا - ئەنبىيالار، مازارى - ماشايىخلار دوستىڭىز بولسۇن. تەرىقەتى ئىشقىيە - سۇلۇكىڭىز بولسۇن. دىلىڭىزدا تەستىقلاپ، شەكسىز ئىشىنىپ، «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن روسۇلىللا» دەپ ئىمان كەلتۈرگەيسىز، — دېيىشتى ۋە بوۋاقنى بىر - بىرلەپ قوللىرىغا ئېلىشىپ، باش- كۆزلىرىگە سۆيۈپ، ئەزان چىللاپ، «خوجىزادە ھىدايىتۇللا» دەپ ئىسىم قويۇشتى. ئاندىن ئوغۇلنى مۇبارەكلەپ، ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، تېنىنىڭ سالامەت بولۇشىنى تىلەپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن دۇئا قىلىشتى.

مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئوغۇلنى ئەش ئانا گۈلنىسەبىخان ئايىلىغا تاپشۇردى ۋە پەرزەنتىنىڭ شەنى ئۈچۈن كالا - قوي سويغۇزۇپ، مازارى - ماشايىخلارغا نەزىر بەردى...

مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن ئەمرىگە ئالغان زۇلەيخا بېگىم دەيدىغان ئايالىدىن تۇغۇلغان بۇ ئوغۇل ئۇنىڭ قەشقەردىكى ئايالىدىن تۇغۇلغان، خان خوجا دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئوغلى قانايىتۇللا خوجا بىلەن كارامەت خوجا

wwwww.bilnur.com

دەپ ئاتىلىدىغان ئىككىنچى ئوغلى ئىنايىتۇللا خوجىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئوغلى بولۇپ، ئۇ كېيىنكى چاغلاردا «ئافاق خوجا»① نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ئىدى!

بۇ ئوغۇل مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانىنىڭ قالغان ئوغۇللىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. زۇلەيخا بېگىم كۆك ئوغۇز سۈتى بىلەن چىڭقالغان كۆكسىنى يېڭى تۇغۇلغان بۇ بوۋاقنىڭ كىچىككىنە ئاغزىغا سالغاندا، بوۋاقمۇ كىچىككىنە بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئانىنىڭ يەنە بىر كۆكسىنىمۇ چىڭ قاماللاپ تۇتاتتى ۋە تا ئېمىپ تويمىغىچە زادىلا قويۇۋەتمەيتتى. ئۇنىڭ كىچىككىنە قوللىرىنىڭ قاماللىشىغا بەزىدە زۇلەيخا بېگىممۇ چىدىيالماي قالاتتى — دە، ئۇنىڭ قولىنى كۆكسىدىن ئېلىۋېتەتتى. بۇنداق چاغدا، ئۇ تاكى يەنە بىر كۆكسىنى بوۋاقنىڭ قولىغا يەنە تۇتقۇزمىغىچە قىرقىراپ يىغلاپ ئالەمنى بېشىغا كىيەتتى...

* * *

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە قۇمۇل دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئويرات موڭغۇللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ زۇلمى دەستىدىن بۇزۇلۇپ يامانلىشىشقا باشلىدى. جۇڭغار باسمىچىلىرى قۇمۇل ئەتراپىدىكى پالۋانتۇر، ساقا، چوقايتۇر، قاغۇمتۇر، چاڭغاتۇر، ئاستانە، سۇمقاغا، توغۇچى، قارا دۆۋە، لاپچۇق قاتارلىق مۇھىم يول ئېغىزلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى بۇلاپ - تالاپ، خوتۇن - قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىشاتتى. جۇڭغارلارنىڭ دەستىدىن ئاھالە ھەتتا كۈندۈزلىرى

① ئافاق - ئۇپۇق، ئاپتاپ دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

wwww.bilnur.com

ئوت قالاپ تاماق قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ھەر يىلى زىرائەت پىشىشقىدا جۇڭغارلار باستۇرۇپ كېلىشەتتى — دە، ئېتىزلىقلاردىكى زىرائەتلەرنى ئاتلىرىغا دەسسىتىپ، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلايتتى. باغۋاران، ئۆي-ماكانلارنى ۋەيران قىلىپ تاشلاپ، مال - چارۋا، ۋەج - بىساتلارنى بۇلاپ كېتەتتى. ياش قىز - چوكان، يىگىتلەرنى تۇتقۇن قىلىپ، ئالبات① سۈپىتىدە جۇڭغارىيىگە ھەيدەپ كېتەتتى. جۇڭغارلارنىڭ زۇلۇم - ستەملىرىگە چىدىيالمىغان ئۇيغۇر خەلقى چۆل - جەزىرىلەرگە قېچىپ كېتىپ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چەرەندىلەردەك ئۇۋا ياساپ، چاڭگا - كەپە قۇرۇپ جان ساقلاشقا مەجبۇر بولاتتى. شۇ زاماندىن قالغان تارىخىي قوشاقلاردىن جۇڭغارلارنىڭ مىللىي زۇلمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە دەھشەتلىك بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

قۇنتاجىنىڭ لەشكىرى،
قىلدى خەققە سورۇقلۇق.
سارى سىلىشتى خالايىق،
ئۆي - ماكانى تۇرۇقلۇق!

قۇمۇل ۋادىسى جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇرۇش بالايىئاپەتلىرى، ئۆلۈم - يىتىم، ۋەيرانچىلىق ۋە ئاچارچىلىققا ئوخشاش قورقۇنچلۇق ھادىسىلەر بىلەن تولغانىدى. شۇ چاغلاردا، قۇمۇل ۋادىسىدا ياشايدىغان كىشىلەردىن مەيلى ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەر بولسۇن ياكى ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ چىقىش يولىنىڭ نېمىلىكىنى بايقىيالماي

---

① ئالبات — موڭغۇلچە «قۇل» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

wwww.bilnur.com

قىلىشقانىدى. شۇ چاغدا كىشىلەر تۈرۈپلا باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان، تۈرۈپلا ۋەيران بولۇپ كېتىدىغان قورقۇنچلۇق ھالەتنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا نىجات يۇلتۇز نەدە؟ نېمە ئۈچۈن تەقدىر - قىسمەت بۇنچىۋالا كاج بولىدۇ؟ دېگەن مەپكۇرىنىڭ تۇغۇلۇشى تەبىئىي ئىدى.

بۇ چاغدا قۇمۇل دىيارى تېخى ئەمدىلەتىن ئىسلاملىشىپ بولغانىدى. ئەسلىدىنلا جەڭگىۋارلىقتا ئىگە ئىسلام دىنى جۇڭغار باسمىچىلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكلىرىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ كىشىلەر ئۈچۈن چىقىش يولىنى كۆرسەتكۈچى نىجات يۇلتۇزغا ئايلانغانىدى. بولۇپمۇ شۇ چاغلاردا سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ پىرى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئوتتۇرىغا قويغان «ۋەھدەتۇللاھ ۋۇجۇد» تەلىماتى كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى چۇلغىۋالغان ھەر خىل چىگىش مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان بىردىنبىر ئاچقۇچ بولۇپ قالغانىدى. جۇڭغار باسمىچىلىرى قۇمۇل دىيارىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ ئىگىلىك مەئىشىتىنى ئومۇميۈزلۈك ۋەيران قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ماددىي جەھەتتىكى يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈمىدىنى ئۈزگەن جاپاكەش ئۇيغۇر خەلقى مەنىۋى جەھەتتىن قۇتۇلۇشنى ماددىي جەھەتتىن قۇتۇلۇش ئورنىغا قويۇش يولىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئوتتۇرىغا قويغان ئىشقىيە تەرىقەتچىلىكىنىڭ بىريۈرۈش ئازما ئەقىدىلىرى ئۇلارغا روھىي جەھەتتىن دەل ۋاقتىدا ۋە دەل جايىدا تەسەللى بولدى!

— ئى ئۈممەتلىرىم، شۈكرى قىلىڭلار! — دەيتتى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ھەر قېتىم مەسىلە - مەرۇپ قىلغاندا، — شۈكرىنىڭ مەنىسى نېمەت بەرگۈچىنى ئاشۇ

wwww.bilnur.com

نېمەتنىڭ سەۋەبىدىن ياد قىلماقتۇر. چۈنكى، ھېچبىر نېمەت-شۈكرانىلىق نېمىتىدىن زىيادە ئەمەستۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۈممەتلىرىم داۋاملىق نېمەت ئۈچۈن شۈكرى قىلىشقا مەشغۇل بولمىقى لازىمدۇر!

مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان سۈلۈك تەرغىباتىدا يالغۇز مەسنىۋى شېرىفقا تايىنىپ كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ھەر خىل سەۋىيىدىكى كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات جەھەتتىكى تەلپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، «ۋەھدەتۇللاھ ۋۇجۇد» ئەقىدىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنى ئىشقىيە سۈلۈكىنى تەرغىب قىلىشتىكى ئاساسلىق يېتىدىغان نىشان ۋە مەقسەت قىلدى.

ۋەھدەتۇللاھ ۋۇجۇد — پىرنىڭ ۋۇجۇدى ئاللا بىلەن بىر دېگەنلىك بولاتتى. بۇ ئەقىدە ناھايىتى مول، ناھايىتى تىرەن، ناھايىتى كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ئىدى. بۇنداق ئەقىدە بىلەن زامانىنىڭ، دەۋرىنىڭ ۋە ئېتىقادىنىڭ تۈرلۈك سوقماق يوللىرىدا قايمۇقۇپ يۈرگەن بىچارە، نادان ئۇيغۇر خەلقىنى بۇرنىدىن يېتىلەپ ماڭغىلى بولاتتى. بۇ خۇددى ئىتنىڭ ئۆز خوجايىنىنى — گەرچە بۇ خوجايىن دۇنيادا ئەڭ رەزىل ئادەم بولسىمۇ — ئۆزىنىڭ خۇداسى دەپ بىلگىنىگە ئوخشاش بىر ئىش ئىدى!

بىر كۈنى، مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان خانىقادا «ۋەھدەتۇللاھ ۋۇجۇد» تىن مەسىلە - مەرۇپ قىلىۋاتاتتى. بىر مۇخلىس ئۇنىڭدىن: «قازانىڭ چارىسى نېمىدۇر؟» دەپ سوراپ قالدى.

— مۇرشىد - مۇخلىسلىرىم شۇنى بىلگەيكى، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىۋېتىپ، — بەندىگە ھەرنە قازا يەتسە، ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولماق لازىمدۇر. شۇنى بىلىش لازىمكى، قازا ئوقىغا رىزا بولماقتىن ياخشىراق ھېچقانداق قالقان يوقتۇر. ھەر قانداق

wwww.bilnur.com

بىر بەندىمىز رىزا ئاستانىسىگە باش قويسا، پات - پۇرسەتتە مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپ، ئۇلۇغلۇق ۋە يۈكسەكلىك تەختىدە ئولتۇرالايدۇ. بەندە تەقدىر - قىسمەت ئىشلىرىدا پېشانىسىگە پۈتۈلگەنگە شۈكرى قىلىپ، رىزا تەرەپكە يۈزلەنسۇنكى، تەدبىر ئىشىدىن ئۆزىنى يىغسۇن! چۈنكى، ئۇ ھېچقانداق پايدا بەرمەيدۇ!

— ئى ھەزرىتى پىريارەن، — دېدى ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىدىن بىرى، — شۈكرانىلىق نېمىتى نېمىدىن ھاسىل بولۇر؟

— شۈكرانىلىق نېمىتى، — دېدى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان، — ھەم كۆڭۈل بىلەن، ھەم تىل بىلەن، ھەم مۇچىلەر بىلەن ھاسىل بولغاي!

كۆڭۈل شۈكرىسى دېگىنىمىز: نېمەت بەرگۈچىنى تونۇش، يەنى ئۆزىگە يەتكەن ھەربىر نېمەتنى پىرنىڭ ھېسابسىز لۇتفى - كەرەمى ۋە مەرھەمىتىدىن بولغان دەپ تونۇشتۇر؛ تىل شۈكرىسى دېگىنىمىز: ھەمىشە تەكرىتائالانى «ئەلھەمدۇلىللا» كەلىمىسى بىلەن ياد قىلماق، پىر ئەزەمنى — دىن، مەزھەپ، سۇلۇك، ئۇلۇس - ئۇسۇللارنى ئەھيا قىلغۇچى، ئالىي دۆلەت - تەرىقەت بىناسىنى تۈزگۈچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى — تەرىقەتنىڭ مەيدانىنى تۈزگۈچى، سۇلۇك تەۋرەتكۈچى، ئالەمي ھەقىقەتنىڭ سۇپىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغۇچى، ئەدلۇ - ئادالەتنىڭ خەزىنە ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغۇچى، مەرىكە مەيدانىدا نام چىقارغۇچى، ئەۋلىيالارنىڭ پېشۋاسى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ، سۇلۇكنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ تاجى، ئەۋلىيالارنىڭ داھىي - سەرھەلقىسى دەپ تونۇماق لازىمدۇر؛ مۇچىلەر شۈكرىسى دېگىنىمىز — ئۆزىگە يەتكەن نېمەتلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى نېمەت بەرگۈچىنىڭ تائىتىگە سەرپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. ھەربىر مۇچە ئۆزىگە مۇناسىپ تائەتكە

wwww.bilnur.com

هازىرلانغاندۇر. مەسىلەن، كۆز تائىتى — مەخلۇقاتلارغا ئىبرەت كۆزى بىلەن بېقىپ، ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت كۆزى بىلەن نەزەر سېلىپ، زەئىپلەرگە شەپقەت كۆزى بىلەن قاراشتۇر؛ قۇلاق تائىتى — خۇدايىتائالانىڭ سۆزىنى، پىر ئەزەم يەتكۈزگەن زەينۇل - ئەخبارلارنى، ئەۋلىيا - ماشايىخلارنىڭ پەند-نەسىھەتلىرىنى ئىشىتمەكتۇر؛ ئاياغ تائىتى — مەسچىت، خانىقا-سارى قەدەم قويۇپ، ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىنى، زاھىتلارنى ۋە خىلۋەتنى ئىختىيار قىلغۇچىلارنى زىيارەت قىلماقتۇر؛ قول تائىتى — پىر - ئەزەمگە، ئەۋلىيا - ماشايىخلارغا ساخاۋەت قىلماقتۇر. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرىتائالا شۈكرى قىلغۇچىنىڭ مال، ھۆرمەت ۋە سائادەت نېمىتىنى زىيادە قىلۇر!...

مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان قۇمۇل دىيارىدا ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ سۇلۇك تەرغىباتىنى يۈرگۈزگەندە يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئادەملەرنى ئۆزىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىدىغان ۋە چوقۇنىدىغان مۇرىت قىلىپ تەربىيىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەمرى مەرۇپلىرىغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغانغا ئادەتلەندۇرۇشنى ئەڭ ئالىي نىشان قىلغانىدى. بۇ مۇرشىد - مۇخلىسلارنى بىر ئوچۇم ۋىجدانسىز، شۆھرەتپەرەسلەرنىڭ قولىدىكى قارىغۇ قورالغا ئايلاندۇرۇشنى بولسا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى قىلدى.

— پىر دېمەك — ئاللاتائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىگەر ئەلچى، — دەيتتى ئۇ سۇلۇك ئورنىدا مەسىلە - مەرۇپ قىلغاندا، — پىر دېمەك — تەجەللىياتنى بىلگۈچى ئىنەلھەقتۇر! ئاللاتائالا پىرغا ئىككىلا ئالەملىك زىرەكلىك، دانالىق خىسلىتىنى ئاتا قىلغان، پىرنىڭ قۇدرەتلىرى ئالەمشۇمۇل، قۇۋۋەتلىرى بىپايان، بىر پۈتۈن ئالەمنىڭ سىر-ھېكمەتلىرىگە مۇئەككەل كارامەتلەر كاتىبىندۇر. پىر شۇنداق

wwww.bilnur.com

ئىنسانكى، بىر دۇئا بىلەن ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە سالالايدىغان، بىر قارغىش بىلەن ئادەمنى جىن ـ ئالۋاستىغا، جىن ـ ئالۋاستىنى ئادەمگە سۈرىتى مۇبەددەل قىلىپ تاشلىيالايدىغان، ئۆزلىرىگە ئەگەشمىگەن، ئىشەنمىگەن، شەك كەلتۈرگەن ھەرقانداق ئادەمنى ئەھلى دوزىخىيلىقتا بەنت قىلىپ قويالايدىغان، شۇڭا، نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ، دۇئا قىلىپ، كارامەتلىرىگە تەن بېرىپ تۇرۇش شەرت بولغان ئۇلۇغلاردۇر...

* * *

بۇ چاغلاردا قۇمۇل دىيارىغا مۇھەممەت شاھ غازى بەگ تارخانبەگ ئىدى. ئۇ ئىشقىيەچى ئىشانلارنىڭ سۇ بېشىدىكى خانىقادا مەسىلە ـ مەرۇپ قىلىۋېتىپ، ئۆزىنى روسۇلىللا بىلەن تەڭ ئورۇنغا، ھەتتا روسۇلىللادىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغىنىدىن قاتتىق چۆچۈدى.

مۇھەممەت شاھ غازى تارخانبەگ ئۆزى تولىمۇ ئاقكۆڭۈل، ساددا ۋە ساداقەتمەن بىر مۇسۇلمان بولغاچقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىقىشىغا زادىلا يول قويمايتتى. بولۇپمۇ، ئۆزىنىڭ تەسەررۇپىدىكى قۇمۇل ھۇدۇتلۇقىدا بۇنداق ئازغۇنلارنىڭ دىنى ئىسلامنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، روسۇلىللادىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنىنىڭ سۈننەت ـ ئەھكاملىرىنى خالىغانچە ئىستېلا قىلىشىغا قەتئىي تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى.

مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ ھوشيار ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇ بۇ ئازغۇن ئىشانلارنىڭ خانىقادىكى مۇنبەردىن پايدىلىنىپ قۇمۇل دىيارىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۇرۇۋەتكەن بۇنداق سوقۇر ئېتىقادىنى سىياسەت قىلىش يولى بىلەن دەرھال

wwww.bilnur.com

تازىلاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ئەمىر ئىسلاملىق سالاھىيىتى بىلەن مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشانغا پەند - نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئازغۇنلۇق يولىدىن توسۇش قارارىغا كەلدى. . .

* * *

تۇغلۇق تۆمۈرخان① نىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان مۇھەممەت شاھ غازىبەگ ئىسلامىيەتنىڭ قۇمۇل دىيارىدا جارى قىلدۇرۇلۇشىدا ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى.

تەخمىنەن مىلادى 1605 - يىلى (يىلان يىلى) كۈزدە تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ سەككىزىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى② مۇھەممەت شاھ خوجا يەكەندىن قۇمۇلغا كەلدى.

جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا چىدىغۇسىز ئازاپ - ئوقۇبەتكە دۇچار بولغان، قۇمۇل خەلقى جېنىدىن جاق تويغانىدى! شۇڭا، ئۇلار مۇھەممەت شاھ خوجىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولىغا قورال ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىززەت - نەپسىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىشقا ئاتلاندى.

مىلادى 1606 - يىلى (ئات يىلى) 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۇرۇش ئىلمىدىن خەۋىرى بار مۇھەممەت شاھ خوجا مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچىنى باشلاپ توغۇچى بوگۇردىكى قالماق كېچىكى دېگەن يەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان

---

① تۇغلۇق تۆمۈرخان (1330 - 1363) — ئىلىبالىقنى پايتەخت قىلغان شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى، ئۇ مۇغۇللار ئىچىدە تۇنجى قېتىم ئىسلام دىنىغا كىرگەن خان بولۇپ، ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھازىرقى قورغاس تەۋەسىدىكى ئالمالىققا دەپنە قىلىنغان.

② مۇھەممەت شاھ غازى بەگنىڭ نەسەبنامىسى — تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغلى ئىلياسخان ئوغلى ھەسەن غازى ئوغلى ئىسمايىل ئوغلى ئىبراھىم ئوغلى باقى غازى ئوغلى مەۋلانە شەيخ مۇھەممەت ئوغلى مۇھەممەت شاھ غازى بەگ.

wwww.bilnur.com

دۇۋان قۇدۇقىدا بۆكتۇرمە قويدى.

ئەسلىدە، بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى موڭغۇللار ئارىسىدىن ئىمان ئېيتىپ ئىسلامغا كىرگەن ئارۇپسۇل قالماق دېگەن بىر كىشى جوڭغارلارنىڭ سەردارى غۇنچۇكنىڭ بىر قىسىم لەشكەر بىلەن دۇۋان قۇدۇق ئەتراپىدا ئۇيغۇرلارغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى مۇھەممەت شاھ خوجىغا يەتكۈزگەنىدى.

مۇھەممەت شاھ خوجا دەرھال لەشكەرلىرىنى ئىككى بۆلەككە بۆلدى ـ دە، بىر قىسمىنى بۇگۇر كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىغا، يەنە بىر قىسمىنى قالماق جىلغىسىدىكى بىر تاغ ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنۇشقا بۇيرۇدى. يېرىم كېچە بولغاندا، جوڭغار سەردارى غۇنچۇك لەشكەرلىرىنى باشلاپ بۇگۇر كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا مۇھەممەت شاھ خوجىنىڭ لەشكەرلىرى يوشۇرۇنغان جايلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، جوڭغارلارغا ئالدى ۋە كەينىدىن بىراقلا شەبخۇن ئۇردى. غۇنچۇكنىڭ قوشۇنى ئىككى ياقتىن زەربە يەپ تېرپېرەن بولۇپ كەتتى. مۇھەممەت شاھ خوجىنىڭ ئاتقان بىر پاي ئوقى جوڭغار سەردارى غۇنچۇكنىڭ ئوڭ كۆزىگە تېگىپ، ئاتتىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ يوقلۇق ھارۋىسىدا ئۆلۈم ۋادىسىغا سەپەر قىلدى. جوڭغارلارنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، يارىدار بولغىنى يارىدار بولۇپ، قالغانلىرى تىرىك قولغا چۈشتى.

ئەتىسى، ئۇيغۇرلار ئاستانىدىكى ئاق چوقا دېگەن يەردە قالماق جىلغىسى جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمدا ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى مىڭدىن ئارتۇقراق جوڭغار ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىغا كىردى. مۇھەممەت شاھ خوجىغا «غازى بەگ» دېگەن شۆھرەتلىك ئاتاق بېرىلدى.

مۇھەممەت شاھ غازى بەگ خەلقنى باشلاپ جوڭغار

wwww.bilnur.com

باسقۇنچىلىرىنى قۇمۇل دىيارىدىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن رەسمىي يوسۇندا قۇمۇلغا تارخان بەگ بولدى. مەسچىتلەردە ئۇنىڭ نامىغا: «مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ» دەپ خۇتبە ئوقۇلدى.

قۇمۇل خەلقى «قالماق جىلغىسى جېڭى»نىڭ غەلىبىسىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مەڭگۈ ياد ئېتىش ئۈچۈن، تارخان بەگ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىغا بىر تاش ئابىدە ئورناتتى. بۇ ئابىدىگە مۇنداق دەپ خەت پۈتۈلگەنىدى: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. بارلىق ھەمدۇ - سانا، سالاۋات ۋە زاكىيات① بۇ ئالەم ۋە ئاخىرەت ئىككى ئالەمنىڭ ئىلغانغىنى ۋە ياخشىسى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن تاللانغان، بارلىق نۇرلارنىڭ ئىگىسى بولغان مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ ھەسەب ۋە نەسەبلىرى②، ئۇلۇغلۇقى ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە مەھكەم ئۇلاشقان، ئەلدە ئەبەدىي تىنچلىق - ئاسايىشلىق ئورناتقان، ساداقەتمەنلىكىنىڭ ۋەكىلى بولغان مۇھەممەت شاھ غازى تارقان بەگنى مەڭگۈ ياد ئېتىش يۈزىسىدىن ئۇشبۇ ئابىدە ئورنىتىلدى. سەلىسە مىڭ ئون ئالتىنچى ھىجرى.»③

* * *

تارخان بەگ مۇھەممەت شاھ غازى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننى ئۆزىنىڭ مەھكىمىسىدە قوبۇل قىلدى. ئۇلار نېرى - بېرىدىنلا سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن تارخان بەگ رەسمىي ماۋزۇغا كۆچۈپ، مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاندىن ئازغۇنلۇق ئىشقىيە

① سالاۋات ۋە زاكىيات - ناماز ۋە زىكرى بىلەن قىلىنىدىغان تەرىپ، دېگەن مەنىدە.

② ھەسەب ۋە نەسەب - «ئۇنىڭ نەسىل بىلەن ئەمەس، بەلكى شۆھرەت بىلەن يېتىدىغان نەسەبلىرى» دېگەن مەنىدە.

③ مىلادى 1608 - يىلى.

wwww.bilnur.com

سۇلۇك تەرغىباتىنى دەرھال توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

— ئەي تەرىقەت ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، — دېدى مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ، — سېنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭنىڭ ھەممىسى شەيتان لەئىنىنىڭ ئىشىدۇر. شۇڭا، سەن مىسۋاكقا① ئىلتىجا قىلغىن. ئۇنى ئاغزىڭغا سېلىپ سۈننەتنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئىمانىڭنى تازىلىغايسەن!

— كەرەملىك ئاللاتائالا بىزنى بۇ دىيارغا خارابات ئىچىدە قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن! — دېدى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان تارخان بەگكە رەددىيە بېرىپ، — سىلەر قۇمۇللۇقلار پىرغا مۇرىت بولغان ۋە پىرنىڭ باشلامچىلىقىدىن ياخشىلىق كۈزلىگەن ئەمەسمىدىڭلار؟ تەسەۋۋۇپ شەرتى بويىچە سىلەر تەڭرىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، پىرغا ئەگىشىشىڭلار، پىر قاياققا باشلىسا شۇ ياققا مېڭىشىڭلار، ئۇ نېمە ئىش قىلسا، سىلەرمۇ ئوخشاشلا شۇ ئىشنى قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى. چۈنكى، مال - دۇنيا يىغماق، ئىززەت ۋە شەۋكەت پەيدا قىلماقتىن مەقسەت پىرنىڭ زىننىتى ۋە دەرگاھ ئاراستىلىكى ئۈچۈندۇر. شۇڭا، كاتتا ئىمارەت ياسىماق، شاھانە ئىگىن كىيمەك، توپچاق ئاتلارغا مىنمەك قاتارلىق ئىشلار بىزدەك نەسەبتە ئالىي زاتلارغىلا مەنسۇپ! ئۆزگىلەر ئۈچۈن ئۇنى قىلماق بىئەدەپلىكتۇر! پىردىن سادىر بولغان ھەرقانداق ئىش ۋە سۆز گەرچە قەبىھ بولسىمۇ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئېيتماق لازىمدۇر!

— ھەيھات! ھەيھات! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ، — ئەي، دىن ئەربابلىرىنىڭ پىر ئۇستازى، شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، پىرنىڭ ماڭغان ھەربىر قەدەم ئىزى تەقۋادارلارنىڭ كۆزىگە سۈرمە بولغۇسى. مۇبادا، پىر بولغۇچى ئۇلارنى گۇمراھلىق يولىغا

① مىسۋاك - تەرەت ئالغاندا، چىشنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. چۈچۈكبۇينىڭ يىلتىزىدىن ياسىلىدۇ.

wwww.bilnur.com

باشلىسا، ئۇنىڭ ۋابالى كىمگە بولۇر؟ سەن كاززاپلىق قىلمەن، دەپ جان تەسەررۇف قىلغان جەۋھەرىي دىگەننىڭ ۋاقىئاتلىرىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئۇ قانداق ۋاقىئات ئىكەن؟

— كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە جاۋاھىرشۇناسلىق كەسپىنى مۇناسىپ كۆرۈپ، ئۆز ئىسمىنى «جەۋھەرىي» دەپ ئاتىۋالغان بىر كاززاپ بار ئىكەن. ئۇ ھەتتا ئېشەك مونچىقى بىلەن فىرۇزىنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىكەن. ئۇ نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزىنى «جاۋاھىرلارنى تونۇيدىغان كىشىمەن!» دەپ تەرغىب قىلىپ، گادايلىقتىن خالاس بولماقچى بولۇپتۇ.

جەۋھەرىي ئاق تاشلارنى خىلمۇ خىل رەڭلەردە بوياپ، ئۇنى گۆھەر، ھېقىق، ياقۇت دەپ ئاتاپ، بىھۇدە لاپ ئۇرۇپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭ مۇجمەل ۋە چالا - چولتا ئىشلىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ ھەممىسى راست دەپ ئىشىنەتتىكەن. بىر كۈنى ئۇ يۇقىرىقىدەك ھىيلە - مىكىر بىلەن بىرمۇنچە «جاۋاھىر» لارنى ياساپ، بىر زەردارغا سېتىپ ئۇنى كوملاپ، ھەددى - ھېسابسىز پۇل ئۇندۇرۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى جەۋھەرىي بۇ پۇللارنى شۇنداق خىراجەت قىلىپتۇكى، جاھاندا سېتىۋالمىغان ھېچنەرسە قالماپتۇ. ئاخىر يېنىدا بىرەر پۇچۇق يارماقمۇ قالماپتۇ.

«جاۋاھىر» سېتىۋالغان ھېلىقى زەردار بۇ مەككارنىڭ بىر يارماققىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئاق تاشلارنى ياقۇت رەڭگىدە بوياپ ئۆزىگە يۈز مىڭ تىللاغا ساتقانلىقىنى تۇيۇپ قاپتۇ - دە، ئۇنىڭدىن بويالغان گۆھەر سودىسىنى دەرھال بىكار قىلىپ، تىللالىرىنى ئۆزىگە تولۇق قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بىراق، جەۋھەرىينىڭ يېنىدا بىرەر پۇچۇق يارماقمۇ قالمىغان ئىكەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ كاززاپلىقى ئۆزىنىڭ قىيناپ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولۇپتۇ!...

— شۇڭا، — دېدى مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ

wwww.bilnur.com

سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — سىنىمۇ مۇشۇ كاززاپتەك ئاقىۋەتكە قالمىغىيتى دەپ ئەندىشە قىلۇرمەن!

* * *

مىلادى 1638 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى جۈمە، پېشىن مەھەلدە قۇمۇل شەھىرىدىكى جۈمە مەسچىتىگە① ئون مىڭدىن كۆپرەك نامازخان يىغىلىپ، مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگنىڭ ئىماملىقىدا جۈمە نامىزى ئوقۇدى.

— لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن روسۇلىللا، ئەشھەدۇئەن لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەھىدە لاشەرىكەلەھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋەروسۇلۇھۇ، — دەپ باشلىدى ئۇ جۈمە خۇتبىسىنى، — ئى مۇسۇلمانلار، ئاللا تەرىپىدىن نازىل ئېتىلگەن بۇ بىر كەلىمە ئايەتنىڭ مەنىسى شۇدۇركى: «بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر. قەسەمكى، بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق ۋە يەنە قەسەمكى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ ئەلچىسىدۇر!» بىز بۇ بىر كەلىمە ئايەتنىڭ بەرھەقلىقىغە شەك ـ شۈبھە قىلمايمىز. مۇبادا، كىمەرسىكى بۇ بىر كەلىمە ئايەتنىڭ بەرھەقلىقىغا شەك كەلتۈرسە، قەسەمكى، ئۇنداقلار دىنىي ئىسلامنى ئاجىزلاتقان ئاسىي گۇناھكاردۇر! بىراق، قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر بۇنداقلارنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇپ كەتكىنى يوق! قەدىمكى زاماندىكى ئەجەم زېمىندا زەردۇشت ئەيىار، مانى نەققاش، مەزدەك ھېكىم ۋە ئەرەب زېمىندا ماھ ئافرىندە، ئەللامە ئەيلاتى قاتارلىق ئاسىيلار

① قۇمۇلدىكى جۈمە مەسچىتى مىلادى 1507 ـ يىلي خوجا مۇھەممەت دېگەن كىشى تەرىپىدىن ياسىتىلغان. مىلادى 1792 ـ يىلى ماھرۇي خېنىم تەرىپىدىن قايتا رېمونت قىلدۇرۇلغان.

wwww.bilnur.com

خۇدالىق، پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى تىكىپ چىقىشقان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بوپتۇ؟ ئېزگۇلۇك بىلەن ئاياغلىشىپتىمۇ؟ ياق، بۇ ئاسىيلارنىڭ بەزىسى يىرتقۇچ هايۋانلارغا يەم بوپتۇ؛ بەزىسىنىڭ پوستىغا سامان تىقىلىپتۇ؛ يەنە بەزىسى بولسا بېشى ئاستىغا، پۇتى ئۈستىگە قىلىنىپ تىرىك كۆمۈلۈپتۇ ۋە بەزىسىنى بولسا هاۋا تاپان قىلىپ دارغا ئېسىپ، چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. دېمەك، بىر ئاللا ۋە بىر روسۇلىللادىن باشقا خۇدالىق ۋە پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى مۇشرىكلاردۇر! ئەھلى مۇسۇلمان بولغان ھەرقانداق كىشى ئۇنداق ئازغۇنلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، بېشىغا يىت سىلىۋالمىسۇن! ئى مۇسۇلمانلار، ئۆزۈڭلارنىڭ مۇسۇلمانلىق ئېتىقادىڭلارنىڭ ساپلىقىنى جان تىكىپ قوغداڭلار. بۇ مەنىسىز دەۋالارغا غاپىل بولۇپ، ساراڭ ـ ئەسەبىيلەردەك كاللاڭلارنى بۇزماڭلار! بىز ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانىڭ بەلگىلەنگەن سۇرۇك ئىچىدە قۇمۇل دىيارىدىن چىقىپ كېتىشىنى بۇيرۇيمىز!...

* * *

مۇھەممەت شاھ غازى تارخان بەگ جۇمە خۇتبىسىنى ئوقۇغاندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن زەردۇشت ئەييار دېگەن كىشى ئىسلامىيەتتىن مىڭ يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادىدىن 628 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن 557 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچە بولغان ئارىلىقتا هازىرقى ئىراننىڭ زىجا ۋىلايىتىدە ياشىغان زەردۇشت بىننى سەپىدبومان دېگەن كىشى بولۇپ، ئۇ زەردۇشت دىنىنىڭ ئىجادچىسى ئىدى. زەردۇشت — ئۇنىڭ لەقىمى بولۇپ، «قېرى تۆگە» دېگەنلىك بولاتتى. ئۇ «ئاۋىستا» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ چىقىپ، رەسمىي پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىققان

wwww.bilnur.com

ۋە ئاخىر جاڭگىلى مازەندىران دېگەن باياۋاندا يىرتقۇچ بۆرىلەرگە يەم بولۇپ، رەسۋاسى چىققانىدى.

مانى نەققاشمۇ قەدىمكى مۇلكىي ئەجەمنىڭ بابىل دېگەن شەھىرىدە ئۆتكەن ئادەم بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن تۆت يۈز يىل ئىلگىرى، يەنى مىلادى 216 ـ يىلى ئۆلگەنىدى. ئۇ: «خۇدايىتائالا ھەربىر دەۋردە بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى. مەسىلەن، گوشتاسىپ ۋاقتىدا زەردۇشتنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. يەنە بىر ۋاقىتقا كەلگەندە، ئەرەبلەر ئارىسىدىن ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. مەن سىلەرگە ئىلمى شەرىئەتنى ئۆگىتىمەن. شۇنى بىلىڭلاركى، زىيا بىلەن زۇلمەت مەڭگۇدۇر. ھەرقانداق جانلىقنى ئۆلتۈرۈش ھارامدۇر. كەمبەغەللىك، ھەقىرلىق — دۆلەتمەنلىك، سائادەتلىكتىن ياخشىراقتۇر. يەنە شۇنى بىلىڭلاركى، بايلىق توپلاش ھارامدۇر. يەنى، بىر كۈنلۈك تائامدىن زىيادە نەرسە يىغىش، بىردىن زىيادە خوتۇن ئېلىش ھارامدۇر. مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرىدۇرمەن» دەپ دەۋا قىلىپ چىققاندا، ئىران شاھى شاپۇر ئۇنى بابىلدىن قوغلاپ چىقارغانىدى.

مانى نەققاش مۇلكىي تۈركىستاندىكى ئىدىقۇت، قۇمۇل ئەتراپلىرىغا قېچىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ دەۋەت ـ تەرغىبات ئىشلىرىنى داۋام قىلدۇردى. تۇرپان ئىدىقۇتلۇقى ھەتتا ئىسلام دىنىدىن كېيىنمۇ تاكى 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر مانىزىم تەرغىباتچىلىقىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى.

تۇرپان ئۇيغۇر ئىدىقۇتى مىلادى 845 ـ يىلى سامانىيلارنىڭ سەمەرقەندتىكى مانى مۇخلىسلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال سامانىيلار خانىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، «ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى زېمىنىدىكى مۇسۇلمانلار سامانىيلار خاندانلىقىدىكى مانى مۇخلىسلىرىدىن نەچچە ھەسسە

wwww.bilnur.com

كۆپ، ئەگەر سامانىيلار خانى مانى مۇرىتلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىدىقۇتمۇ ئۆز زېمىنى ئىچىدىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدۇ!»① دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. بۇ گەپ دەرھال ئۈنۈم بېرىپ، سامانىيلار مانى مۇرىتلىرىغا قىلىۋاتقان زىيانكەشلىكنى دەرھال توختاتقانىدى. بۇ ئىش مانى نەققاش ئۆلۈپ ئالتە يۈز يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەنىدى، ئەلۋەتتە!

مانى بۇت ياساپ، رەسىم سىزىپ خەلقنى ئۆزىگە ئىشەندۈرەتتى. ئۇ «ئەرژەڭگى مانى» دېگەن بىر كىتابنى يېزىپ چىقىپ، چىن ۋە ماچىن ۋىلايەتلىرىنى ئۆزىگە رام ۋە ئەسىر قىلىپ، «نەققاش» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇ ۋەتىنى مۇلكىي ئەجەمنى بىر كۆرمەكنى ئارزۇ قىلدى — دە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىدىن مۇلكىي ئەجەمگە قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا بەھرام مۇلكىي ئەجەمگە پادىشاھ ئىدى. بەھرام پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ:

— مىللىتىڭ نېمە؟ ئېتىقادىڭچۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پەيغەمبەرنىڭ ۋەتىنى بولمايدۇ. ئاۋامنىڭ ئېتىقادىنى ئۆزىگە ئېتىقاد قىلىدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى مانى ئۆز دىنىنى تەشۋىق قىلىپ تۇرۇپ، — ئادىمىزاتنىڭ روھى ئۇنىڭ تەن قەپىزى ئىچىدىكى مەھبۇستۇر. قاچانكى كىشىنىڭ نەپىسى توختاپ، جان قۇشى بەدەن قەپىزىدىن چىقىپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىغاندا، بۇ ئەزىز قۇش زىنداندىن خالاس بولغان بولىدۇ!

— سېنىڭ نەققاشلىقنى ئۆگىنىشىڭدىكى مەقسەت نەقىشۋاز② لىقنى ئۆگىنىش ئىكەن — دە، ئاجايىپ ھىيلە- نەيرەڭلەرنى شۇنىڭ ئۈچۈن روياپقا چىقىرالىغان ئىكەنسەن، — دېدى بەھرام شاھ، — ئۇنداق بولسا، مۇردا تىرىكلەرگە قارىغاندا ياخشى ئىكەن — دە!

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا دائىر 12 لېكسىيە» (3).

② نەقىشۋاز — ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق دېگەن مەنىلەردە.

wwww.bilnur.com

— شۇنداق، — دېدى ئويلىمايلا مانى نەققاش، — ئۆلۈم ئادەمنى ئەبەدىي ھاياتقا يەتكۈزىدۇ.

— سەن ئىلگىرى بۇ ۋىلايەتكە قايتا قەدەم باسماسلىققا بوۋام شاپۇرغا ۋەدە بەرگەن ئىكەنسەن. ئۇنداق بولسا، بىزمۇ سېنىڭ سۆزۈڭ بويىچە روھىڭ قوشىنى بەدىنىڭ قەپىزىدىن ئازاد قىلىپ قويايلى!

شۇنداق قىلىپ، بەھرام شاھ مانى نەققاشنىڭ ياق دېگىنىگە قارىماستىن تېرىسىنى تولۇمچىلاپ سويغۇزۇپ ئىچىگە سامان تىققۇزدى ـ دە، شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا ئۇزاق ۋاقىتقىچە ئېسىپ قويدى. نىشاپۇردا بۇ دەرۋازا «مانى دەرۋازىسى» دەپ ئاتالدى. . .

مەزدەك ھېكىممۇ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى، يەنى مىلادى 470 ـ يىلى، ئىراننىڭ نىشاپۇر شەھىرىدە تۇغۇلغانىدى. ئۇ مىلادى 491 ـ يىلى ئىراندا پارتلىغان مەشھۇر مەزدەكىيلەر قوزغىلىڭىنىڭ يولباشچىسى ئىدى.

مەزدەكىيلەر قوزغىلىڭىغا دېھقانلار، شەھەر كەمبەغەللىرى ۋە بىر قىسىم قۇللار قاتناشقانىدى. قوزغىلاڭچىلار ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن يەر ـ زېمىن، مال ـ مۈلۈكلىرىنى تارتىۋېلىشقانىدى. شۇ چاغدا ئىراندا بەھرام شاھنىڭ ئوغلى كەيقۇباد پادىشاھ ئىدى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر بىلەن زەردۇشت دىنىنىڭ يۇقىرى قاتلام كاھىنلىرىنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر مەھەل مەزدەك ھېكىمنىڭ دىنىغا يېقىنلاشقان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغانىدى. كېيىن، مەزدەكىيلەر قوزغىلىڭى كەيقۇبادنىڭ ئوغلى، يەنى ئىسلام تارىخچىلىرى تەرىپىدىن نوشىرۋان ئادىل دەپ ئاتالغان كەيخىسراۋ تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلغانىدى.

ئىسلام تارىخچىلىرى بۇ ۋەقەنى مۇنداق ھېكايە

wwww.bilnur.com

قىلىشقانىدى: «مەزدەك پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى ئۆز ئۆيىدىن زەردۇشتىلەر ئىبادەتخانىسىغا قارىتىپ بىر لەخمە كولاتقۇزغان ۋە لەخمىنىڭ ئۇچى ئىبادەتخانىدىكى كۆيۈۋاتقان مۇقەددەس ئوتنىڭ ئاستىغا يەتكەندىن كېيىن بىر تۆشۈك تەشكۈزۈپ قويغانىدى. ئۇ تۆشۈك ئاغزىغا بىرىپ سۆز قىلسىمۇ ئوتنىڭ خەتىرى يەتمەيتتى، كىشىلەرگە گويا ئوت سۆزلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە مۇقەددەس ئوت گۇۋاھدۇر، — دەيتتى ئۇ كىشىلەرگە، — ئىشەنمىسەڭلار، هاجىتىڭلارنى راۋان قىلغۇچى بۈيۈك خۇدا — مۇقەددەس ئوتتىن سوراپ بېقىڭلار!

شۇ چاغدا، بۇ يەردىكى خەلق ئاتەشپەرەسلەر بولۇپ ئوتقا چوقۇناتتى. شۇڭا ئۇلار:

— مەزدەك ھېكىم بىزنى ئۆز دىنىمىزغا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ زەردۇشت پەيغەمبەرنىڭ دىنىنى خاتا دېمەستىن، بەلكى ئۇنى بەرھەق دەۋاتىدۇ. بىز زەردۇشتنىڭ كىتابىنى بىر مەنىدە چۈشەنگەن بولساق، مەزدەك ھېكىم زەردۇشتنىڭ كىتابىدىكى ھەربىر سۆزدە ئون مەنا بار، دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئۇ مۇقەددەس ئوتنى گۇۋاھلىققا تارتىۋاتىدۇ. مۇقەددەس ئوتنى سۆزلىتىش مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا، ئوت مەزدەك ھېكىمنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى بەرھەق بولغان بولىدۇ، — دېيىشتى.

شۇ كۈنى، پادىشاھ كەيقۇباد پۈتكۈل ئەمىر ئۆمەرا، ئەكابىر - ئەشرەب ۋە بەگ - بېگاتلىرى بىلەن بىللە زەردۇشت ئىبادەتخانىسىغا كەلدى. مەزدەك ھېكىم ۋارقىراپ تۇرۇپ:

— ئىلاھا، مۇبادا مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە ئىشەنسەڭ، مۇقەددەس ئوتنى سۆزلەتكەيسەن! مۇقەددەس ئوت گۇۋاھلىق بەرسۇن! — دېدى.

بىرەر ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوت

wwww.bilnur.com

ئىچىدىن: «ئى گۇمراھلار، مۇبادا، مەزدەكنىڭ بەرھەق پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىسەڭلار، سىلەر ئىككى ئالەملىك بەختـ سائادەتتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىڭلارنى ئۇنتۇپ قالغان بولمامسىلەر؟!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. بۇنى پادىشاھ كەيقۇباد باشلىق تامامى خالايىق ئاڭلىدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، پادىشاھ كەيقۇباد مەزدەك ھېكىمنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بەرھەق ئىشەندى ۋە ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇخلىس بولدى، ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەختى يېنىغا قويۇلغان ئالتۇن كۇرسقا ئولتۇرغۇزدى. مەزدەك ھېكىم پادىشاھ كەيقۇباد بىلەن شېرىك پادىشاھلىق قىلىشقا باشلىدى.

مەزدەك ھېكىم ھۆكۈم قىلىپ شۇنداق ئېيتتىكى:

— كىشىلەرنىڭ مال ـ مۇلكى ۋە خوتۇنلىرى بىر ـ بىرىگە راۋادۇر. مېنىڭ دىنىمدا خۇسۇسىي مەنپەئەت يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارنىڭ كېرىكى يوق. ھەممە كىشى باب ـ باراۋەردۇر!

ئەمما، مەزدەككە ئىشەنمەيدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇ پادىشاھ كەيقۇبادنىڭ ئوغلى كەيخىسراۋ — نۇشىرۋان ئاشۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئەمىرۇل ـ ئۆمەر، ئەكابىر ـ ئەشرەبلەردىن خاپا بولۇپ، «مەزدەكنىڭ سۆزىنى مۇنازىرىلەشمەستىنلا قوبۇل قىلىپسىلەر. ئاتامغا نەسىھەت قىلىپ توسماپسىلەر. ئەمدى خەلق ئارىسىدىن ئەخلاقۇ ـ ئەردەم، ھەممەتۇ ـ پەزىلەت كۆتۈرۈلۈپتۇ!» دەپ ئەيىبلىدى.

كەيقۇباد نۇشىرۋانغا:

— سەن ئۇنىڭ مۆجىزىسىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ مۇقەددەس ئوت ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ سەن دەرھال مەزدەك ھېكىمنىڭ مەزھىپىگە كىر! — دەپ پەرمان چۈشۈردى.

— بۇنىڭ ھەممىسى ھىيلە، — دېدى نۇشىرۋان

wwww.bilnur.com

قوشۇلـماي، — مۇبادا، راستتىنلا مۆجىزە بولىدىغان بولسا، سۇمۇ ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسۇن، شۇ چاغدىلا مەن ئىشىنىمەن!

— ئى ئوغلۇم، — دېدى پادىشاھ كەيقۇباد، — ئاتاڭغا نېمە ئۈچۈن خىلاپ يول تۇتىسەن؟

نۇشىرۋان ئېيتتىكى:

— مەن ئەسلىدە ساڭا ئەگىشەر ئىدىم. ئەمما، سەنمۇ ئاتاڭغا خىلاپ يول تۇتقانلىقتىن، مەنمۇ ساڭا خىلاپ يول تۇتتۇم.

— ئەگەر مەزدەك ھېكىمنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىسەڭ، يا ئۇنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قۇتۇلىسەن، يا بولمىسا، سىياسەت قىلىچىنىڭ تەمىنى تېتىيسەن!

نۇشىرۋان ئاتىسىدىن مۆھلەت - سۈرۈك ئېلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى تەھقىقلەشكە كىرىشتى. ئۇ مەزدەك ھېكىمنىڭ ئىشەنچلىك بىر ئادىمى بىلەن يېقىنلاشتى. ئۇنى نۇرغۇن ئالتۇن بېرىپ سېتىۋېلىپ، مەزدەكنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سورىدى.

ھېلىقى ئادەم:

— مەزدەك ئۆز ئۆيىدىن زەردۇشتلار ئىبادەتخانىسىدا دائىم كۆيۈپ تۇرىدىغان ئوتنىڭ ئاستىغا قەدەر لەخمە كولاتقۇزدى. ھەر قېتىم مۇقەددەس ئوتتىن سوئال سورالغاندا، ئۇ لەخمىگە بىر ئادەمنى ئالدىن يوشۇرۇپ قويغان بولىدۇ. سوئالغا شۇ ئادەم جاۋاب بېرىدۇ، — دېدى.

نۇشىرۋان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئاتىسى - پادىشاھ كەيقۇبادقا ئېيتىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۈردى ۋە ھېلىقى ئادەمنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

wwww.bilnur.com

ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە①، كەيقۇباد مەزدەك ھېكىمغا مۇنداق دېدى:

— نۇشىرۋان گۇناھىغا توۋا قىپتۇ. ئەمما ئۇ: «مەزدەك ھېكىمنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى بىلمەيمەن. ئەگەر ئۇنىڭ مەزھىپىگە كىرگەن كىشىلەرنىڭ سانىنى بىلگەن بولسام ئىدىم، ئۇ چاغدا، تېخىمۇ كۆپ ئادەمنى ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلىغان بولاتتىم» دەيدۇ.

نۇشىرۋاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مەزدەك ھېكىم بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن، ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى تىزىملاپ بەردى. نۇشىرۋان:

— سەن پالانى كۈنى مۇخلىسلىرىڭ بىلەن باغۇ - مۇئەللەققە كىرگىن، مەن ئاشۇ باغدا سىنىڭ مەزھىپىڭگە كىرگەنلىكىم شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ، سىنى ۋە مۇخلىسلىرىڭنى ئات، تون - سەرپايلار بىلەن مۇكاپاتلايمەن! — دېدى.

نۇشىرۋان ۋەدە قىلغان ئات، تون - سەرپايلارنى تەق قىلىپ باغنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قاتار تىزىپ قويدى ھەمدە شۇ كۈنى كېچىسى لەشكەرلىرىنى بۇيرۇپ، باغنىڭ ئىچىگە بىر يېرىم گەز چوڭقۇرلۇقتا قىلىپ ئون ئىككى مىڭ دانە قۇدۇق قازدۇردى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن مەزدەك ھېكىم باغۇ مۇئەللەقنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ نۇشىرۋان بىلەن ئالتۇن كۇرستا بىللە ئولتۇردى. مەزدەك ھېكىمنىڭ ئادەملىرى توپ - توپ بولۇپ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار نۇشىرۋان ئىنئام قىلغان تون - سەرپايلارنى كىيىشىپ، مەزدەك ھېكىمنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ، باغنىڭ ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى. باغنىڭ ئىچىدە ئالدىنئالا مۆكتۈرۈپ قويۇلغان لەشكەرلەر ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ، ھېلىقى قۇدۇقلارغا ھاۋا تاپان قىلىپ تىرىك

① مىلادى 529 - يىلى.

wwww.bilnur.com

كۆمگىلى تۇردى.

قازارا، نۇشىرۋاننىڭ لەشكەرلىرى تاكى ئاخشامغىچە مۇشۇ يول بىلەن ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى ھاۋا تاپان قىلىپ تىرىك كۆمۈۋەتتى. ئاندىن نۇشىرۋان ئېيتتىكى:

— ئەي مەزدەك، ئەمدى سەن باغقا كىرىپ، ئۇممەتلىرىڭنى تاماشا قىلغايسەن!

مەزدەك ھېكىم باغقا كىرىپ: «ئۇممەت» لىرىنى ھاۋا تاپان ھالەتتە كۆرۈپ، ھەيران قالدى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟ — دېدى ئۇ تەئەججۇپ بىلەن. نۇشىرۋان:

— لەشكەرگە مەن سەردار بولسام، «ئۇممەت» كە سەن پەيغەمبەر بولساڭ، بۇلارنىڭ ھالى مۇشۇنداق بولماي قانداق بولاتتى؟ — دېگىنىچە لەشكەرلىرىگە مەزدەك ھېكىمنى تۇتقۇزدى-دە، ئاندىن باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېزىلغان بىر قۇدۇققا ئۇنىمۇ ھاۋا تاپان قىلىپ تىرىك كۆمدى ۋە:

— ئەمدى مۇشۇ يەردە ئۇممەتلىرىڭگە قاراپ، ھۆكۈمىڭنى يۈرگۈزۈۋەرگىن! — دېدى.

نۇشىرۋاننىڭ مۇشۇ ئىشى تۈپەيلىدىن مەزدەك ھېكىمنىڭ پەيغەمبەرلىكى يالغان بولدى. ھەممەيلەن نۇشىرۋانغا ئاپىرىن ئوقۇشتى...

* * *

ئابباسىيلار مەزگىلىدە ئابا مۇسلىم مەرۋەزى نىشاپۇر دېگەن يەردە ھۆكۈمدار ئىدى. نىشاپۇردا ماھ ئافرىندە فروزە ئىسىملىك بىرەيلەن پەيغەمبەرلىك دەۋاسىنى قىلىپ چىقتى. خەلقنىڭ چوڭلىرى نىشاپۇر پادىشاھىغا:

— ماھ ئافرىندە دېگەن بىر كىشى «مەن پەيغەمبەرمەن»

wwww.bilnur.com

دەپ ئاتەشپەرەسلىكنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ. ئۆزى تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، دىنىي ئىسلامنى ئاجىزلىتىۋاتىدۇ، — دەپ ئەرز قىلىشتى.

ئابا مۇسلىم مەرۋەزى شەئىبە ئىسمىلىك بىر سەركەردىسىنى بۇيرۇپ ماھ ئافرىندەنى تۇتقۇزۇپ كەلدى - دە، تەختىر قىلماستىنلا ئۇنى دارغا ئاسقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ماھ ئافرىندە پىتنىسى ئۇجۇقتۇرۇلدى...

سۇلتان مەلىكشاھ زامانىدا، ئىراقتىكى مەرۋى شەھىرىدە مەقامى مەھمۇد ئىسمىلىك بىرەيلەن ئۆزىنى «ئەللەمە ئەيلاتى پەيغەمبەر» دەپ ئېلان قىلدى ۋە: «ماڭا بىرنەرسە بەرسەڭلارلا، مەن ھەربىرىڭلار ئۈچۈن جەننەتتىن ئون كىشىلىكتىن ئورۇن ئېلىپ بېرەلەيمەن. تاكى قىيامەتكىچە سىلەرگە مەسئۇل بولۇپ، جەننەتكە كىرگۈزۈپ قويالايمەن!» دەپ ئاۋامدىن نۇرغۇن مال-دۇنيا يىغىۋالدى.

مەرۋى شەھىرىنىڭ قازىسى ئەبۇ مۇھەممەت ئۇنى «ئازغۇن» دەپ ئېلان قىلدى ۋە ئۇنى دارغا ئېسىشقا بۇيرۇدى. ئۇ دارغا ئېسىلغاندا، قازى ئەبۇ مۇھەممەت ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا تاش ئاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مۇپتى ئابدۇللا تاش ئاتتى. ئاندىن خەلق ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ، قىيما - چىيما قىلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ تارقاتقان پىتنىلىرى بىتچىت بولدى...

* * *

قومۇل دىيارىدا ۋەھدەتۇللاھ ۋۇجۇد دەۋاسىنى قىلىپ چىققان مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئەسلىدە قەشقەر خوجىلىرىنىڭ «مەخدۇم ئەزەم» دەپ ئاتالغان بوۋىسى، مىلادى 1471 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلۇپ، مىلادى 1543 - يىلى پەرغانىدىكى كاسان

wwww.bilnur.com

قەلئەسىدە ۋاپات بولغان خوجا ئەھمەد كاسانى دېگەن ئىشاننىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئۇ مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ئىككى ھەرەم تاۋابىنى ئادا قىلىپ، ھەج پەرھىزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مىلادى 1620 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى قەشقەرگە كەلدى ۋە ئاتۇشتا ئولتۇراقلاشتى، ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد پىرى دېگەن نام بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى سۇلۇك تەرغىباتىنى باشلىۋەتتى.

مىلادى 1622 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، مۇلكىي قەشقەرىيەدە «ئاقتاغلىقلار» دەپ ئاتالغان ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالغان ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا قوراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىپ، قانلىق ۋەقە پەيدا بولدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتىنچى ئەۋلاد سۇلتانى ئابدۇلەتىپخان مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننى «سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ يەتكۈزدى» دېگەن گۇناھ بىلەن ئەيىبلەپ مەملىكەتنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆلكىلەردىن بىرى بولغان قۇمۇل دىيارىغا سۈرگۈن قىلدى.

مىلادى 1622 ـ يىلى كۈزدە، مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قەشقەردىن بەش مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى قۇمۇل دىيارىغا كېلىپ بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى ۋە بۇ يەردە تەسەۋۋۇپچىلىق مەسلىكىنى تەرغىب قىلىۋاتقان مىرسەئىد جېلىل قەشقەرى دېگەننىڭ قىزى زۇلەيخا خېنىمنى ئۆز ئەمرىگە ئالدى ھەمدە بۇ يەردە ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرغىباتىنى داۋاملاشتۇردى.

بىراق، كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سۇلۇكلىرى مەيلى «ئاقتاغلىقلار» دەپ ئاتالغان ئىشقىيە سۇلۇكى بولسۇن، ياكى «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالغان ئىسھاقىيە سۇلۇكى بولسۇن، ھەممىسى قارا نىيەتلىرىنى كۆلاھۇ ـ سەللە ۋە يوڭ چەكمەنلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇشقان بىر توپ

wwww.bilnur.com

سىياسىي سۇيىقەستچى خوجا ـ ئىشانلار گۇرۇھى ئىدى. ئۇلار كېيىنكى چاغلاردا مۇلكىي قەشقەرىيىدە قۇرغان ھەر خىل مەزھەپ ھاكىمىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى تارىختا قۇرغان مىللىي ھاكىمىيەتلەر تۈركۇملىرىدىن ئەمەس، بەلكى مەزھەپ تەپرىقاتچىلىقى قاتارىدىن قۇرۇلمىلىرىنى سەللا تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولسىلا، ئۇنىڭدا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ نادانلىق، خۇراپاتلىق، جاھالەتلىك ۋە زۇلمەتلىك باشقۇرۇش ئىدىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۇرۇلگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇنداق باشقۇرۇش ئىدىيىسىدە دىن، دەھرىي ھاكىمىيەت، سىياسەت، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇراپاتلىق قازىنىدا بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىپ، داشقايناققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، ئىلاھ ۋە دەھرىي ھوقۇق ـ ئىمتىيازلارنىڭ ھەممىسى خوجا ـ ئىشانلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولىدۇ؛ خوجا ـ ئىشانلارنىڭ ئورۇن ـ مەرتىۋىسى يەرلىك مۆتىۋەرلەردىن، جامائەت چوڭلىرىدىن، مەمۇرىيلەردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇلغان بولىدۇ؛ بۇنداق مەزھەپ تەپرىقاتچىلىق تۈزۈلمىسى يەنە كېلىپ ھېچقانداق كونكرېت تەشكىلىي سىستېمىغا ئىگە بولمىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدا قالاملىق، باشباشتاقلىق ۋە زۇلۇم، ياۋۇزلۇق چېكىدىن ئاشقان بولىدۇ!

دېمەك، بۇنداق تەرىقەت بىلەن ھاكىمىيەت، دىن بىلەن سىياسەت، خۇراپاتلىق بىلەن نادانلىق، قالاملىق بىلەن ۋەھشىيلىك مۇكەممەل بىرلەشتۈرۈلگەن مەزھەپ تەپرىقاتچىلىقى نەتىجىسىدە، كېيىنكى چاغلاردا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ مۇكەممەل جاھالەتلىك ئىستىبداتلىقى شەكىللەندى.

دەل مۇشۇ پەيپتەك قەشقەر خوجىلىرى كېيىنكى چاغلاردا مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىنى خوجا ـ ئىشانلاردىن دەستەكسىز دۇئا ئېلىپ، جۇڭغار ـ مانجۇ زالىملىرىغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام

wwww.bilnur.com

يۇن
پەر
ئەم
ھە
سو
قار

بېرىدىغان، پىر ـ ئىشانلارغا سەدىقە ـ پىتىر تارقىتىپ، جۇڭغار ۋە مانجۇلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، مېلىنى باقىدىغان، «قالماقتا بۆز بېرىپ»، رەخت توقۇپ، تون ـ لىباس كىيدۈرىدىغان، «مانجۇلارغا سۆز قىلىپ»، دېگىنىگە ماقۇل دەپ، ئەمرىنى بەجا كەلتۈرىدىغان ئالبات، يانچىلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى. خەلقنى خوجىلارغا ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىدىغان، زالىملارغا يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بويسۇنىدىغان، زالىملار كۈلسە كۈلىدىغان، يىغلىسا يىغلايدىغان، بۇيرۇغانغا مېڭىپ، بەرگەنگە شۈكرى قىلىپ، بويۇن قىسىپ تۇرىدىغان مىسكىن چىراي، بالايىئاپەتلىك تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار قىلدى. شۇڭا، كىشلەر بۇ پايپېتەك قەشقەر خوجىلىرىنى تارىخنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھكارلىرى، مەخدۇم ئەزەمدەك چىرىگەن كونا يىلتىزدىن كۆكلەپ چىققان يېڭى شۇمبۇيىلار ياكى مىراسخور گېزەندىلەر دېيىشكە ھەقلىق!

* * *

مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قۇمۇل دىيارىدا «ۋەھدەتۇللاھ ۋۇجۇد» دەۋاسىنى قىلىپ چىققاندا، سەئىدىيە خانلىقىدا تەخت ساھىبلىرى تولا ئالماشقان، بىرى كەتسە يەنە بىرى كېلىپ، ۋەزىيەت داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقانىدى. سۇلتان ئابدۇلەتىپخاننىڭ ئورنىغا سۇلتان ئەھمەدخان چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئورنىنى سۇلتان مەھمۇدخان ئالدى. بىراق، ئۇمۇ ئۇزاققا قالماي يەنە سۇلتان ئەھمەدخان تەرىپىدىن يەنە ئاغدۇرۇپ تاشلاندى.

مىلادى 1638 ـ يىلىغا كەلگەندە، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تەختى ئاخىر سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ قولىدا قارارلاشتى. داۋالغۇپ تۇرغان سىياسىي ۋەزىيەت مۇشۇ ۋاقىتقا كەلگەندە ئاران مۇقىملاشتى.

قۇمۇل تار خان بېگى مۇھەممەت شاھ غازى بەگ مۇھەممەت

wwww.bilnur.com

يۇسۇپ ئىشاننى قۇمۇل دىياردىن ھەيدەپ چىقىرىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەندىن كېيىن مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئەمدىلەتىن ئون تۆت ياشقا كىرگەن ئوغلى — خوجىزادە ھىدايىتۇللانى ئېلىپ، ئائىلە قېچىرلىق يۈك - تاق بىلەن ئائىلە سوپىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا، شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر مۇزاپىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. . .

نەزمە

ئەرەب ئېيتۇر: «ھەر فىرئونغا مۇسا بار،
ھەر دەججالغا ھەم ئاخىر بىر ئەيسا بار.»①
ئەبەدىي ئۆچمەيدۇ قۇياشنىڭ نۇرى،
زۇلمەتنى قوغداشقا يورۇق زىيا بار.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

① ئەرەب خەلق ماقالى: «كۈللى فىرئەۋن مۇسا، كۈللى دەججالىل ئەيسا.»

wwww.bilnur.com

## بىرىنچى باب

# قوش گۈمبەز

«ھىيلىگەرلىك ئاچكۆزلەرنىڭ جورىسى، ئاچكۆزلەر ھىيلىگەرلىكتىن ھەرگىز ئايرىلالمايدۇ.»

— ئەللامە زەمەخشەرى

**مىلادى** 1646 - يىلى (توڭگۇز يىلى) 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، چارشەنبە.

ئاستى قۇم، ئەگرى - بۈگرى تولغىنىپ ئاقىدىغان توپىلىق ئېقىنى نېپىز بىر قەۋەت ئەينەكتەك مۇز تۇتقانىدى. ئەسىرلەر بويى ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان تاغلار ئانىسى — مۇز تاغ يىراقتا چوقچىيىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

توپىلىق ئېقىنى قوش گۈمبەز دېگەن يەرگە كەلگەندە كۈنپېتىش تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئاقاتتى — دە، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىغا كەلگەندە يەرگە سىڭىپ كېتەتتى. ئېقىن ياقىسىدا خۇددى ھىممەتسىز كىشىلەرنىڭ نەزەرىدەك پەس، پەسكەش كىشىلەرنىڭ كۆزىدەك تار ۋە كىچىك بىر ئۆي بار ئىدى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە بىر تۈپ تۇت دەرىخى بار ئىدى. ئۆينىڭ تېمى

wwww.bilnur.com

ئاقتاملىقنىڭ چالمىسىدا تىزىپ ياسالغان بولۇپ، ئەتراپى ئوچۇق ۋە ئازادە ئىدى. ئۆينىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ئىككى گۈمبەز بار ئىدى. ئەتراپلىرىغا قادالغان تۇغ شەددىلىرى كۈن نۇرى ۋە شامالدا قاغجىراپ قاقشال بولغىنىدىن زاغرا ناندەك يېرىلىپ كەتكەنىدى. خادىلارنىڭ ئۇچىغا مازارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنغان قوشقارلارنىڭ كاللىلىرى قادالغانىدى.

قىش - قىرو كىرىپ قالغىنىغا قارىماي، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى قۇياشنىڭ نۇرى جاھاننى خېلى قىزىتىپ ئىسسىتاتتى. ھىمىتنىڭ سىيى[①] تەرەپتىن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ۋە پىيادە مېڭىشقان بىر توپ ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ چاغدا ئۆينىڭ ئالدىدا ئۇچىسىغا شەيخلىق كىيىمى كىيگەن، سەجدە رىيازەتلىرىنى كۆپ چەككەن قوللىرىدا تەقۋادارلىق، ئىتائەتمەنلىك ۋە شېكەستىلىك تەسۋىسىنى سىيرىپ تەھلىدە ئولتۇرغان بىر كىشى ئۇلارنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ئاڭغىچە ھېلىقى بىر توپ ئادەم ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. بۇلار تۈنۈگۈن يەكەندىن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىققان مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ۋە ئۇنىڭ خەلىپە - سوپىلىرى ئىدى. ئۇلار ئىشاننى ئاتتىن يۆلەپ يەرگە چۈشۈردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھەزرىتى پىرىم! مۇبارەك قەدەملىرىگە ھەسسىنات! — دېدى ھېلىقى شەيخ قوللىرىنى مەيدىسىگە تۇتقان ھالدا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ شەيخنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان، — ئى مۇخلىسىم، ھال-ئەھۋالىڭ نىچۇك؟

ھېلىقى شەيخ تەۋەززۇلۇق بىلەن:

— ھەقداد پىرىمغا مىڭ قەترە شۇكرىكىم، دۆلەتلىرىنىڭ

---

① ھىمىتنىڭ سىيى — يەكەن بىلەن يېڭىسارنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر چۆلنىڭ نامى.

wwww.bilnur.com

سايىسىدە قازىنىمىز قايناپ تۇرۇپتۇ. دۇئا - رەھمەتلىرىنىڭ بەرىكاتى بىلەن توققۇزىمىز تەل، ئەھلى مۇخلىسلار جەم بولۇپ، ھەزرىتى غايىب مازارى - ماشايىخلىرىمىزنىڭ تۇغ - شەددىسىنى قىقىپ، مۇبارەك روھىناتلىرىغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇپ تۇرۇپتىمىز! — دېگىنىچە مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ خەلپىسىنىڭ قولىدىكى ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى — دە، ئاتنى يېتىلىگىنىچە ھېلىقى تۇت دەرىخىنىڭ پۇتىقىغا باغلاپ قويدى ۋە دەرھال ئوچاقتىكى قۇمغانغا ئوت يېقىپ چاي قايناتقىلى تۇتۇش قىلدى. . .

شەيخ قۇرۇق مېۋە - چېۋە، قەن - گېزەكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، داستىخان راسلىدى. ئىشانغا پۇراقلىق كۆك چاي بىلەن ئاچچىق قىلىپ دەملەنگەن سىنچايلار تارتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھىدى دىماغقا ئۇرۇپ تۇرغان ئاش ئۇسۇلغان چوڭ ئاياقلار داستىخانغا قويۇلدى. خەلپە - سوپىلارنىڭ «ئالسىلا. باقسىلا» دەپ تەكلىپ قىلىشلىرى بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئالدىدىكى يوغان ئاياقتىكى تىترەپ تۇرغان پولۇدىن چوڭ - چوڭ كاپاملاپ ئاغزىغا ئېتىپ، قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ، ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى، ئاش ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. ئىشان ئۈچىنچى كاپام ئاشنى يەۋاتقاندا، ئاشنىڭ تەمىنىڭ سەل ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. تاماق ئۇنىڭ تىلىنى سەل قورۇغاندەك قىلدى. ئەمما، ئۇ «ئۆزۈمگە شۇنداق تۇيۇلۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى — يۇ، يەنە ئارقا - ئارقىدىن ئاچكۆزلۈك بىلەن چوڭ ئۈچ كاپام ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ يەۋەتتى. . .

تۇيۇقسىز، مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئىككى مۈك بولۇپ پۈكلىنىپ داستىخان ئۈستىگىلا يىقىلدى. ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق مۇجۇپ، بېشىغا ئاچچىق بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى — دە، يۈرىكى قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ پۇت -

wwww.bilnur.com

قوللىرى قولاشماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ خۇددى بەزگەك بولۇپ قالغاندەك تىترىگىلى تۇردى. چۆچۈگەندەك ھەدەپ سىلكىنەتتى. كۆزلىرىگە قان قۇيۇلۇپ، ئىككى قۇلىقى زىڭىلداپ كەتتى: «قەيەردىمەن؟ بۇ نېمە ئىش؟ مەن نېمە بولدۇم؟» دېگەن دەھشەتلىك ئوي ئۇنىڭ خىيالىدا يالت قىلىپ چاقماق چاققاندەك زاھىر بولدى ۋە دەررۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك قىلىپ قوللىرى بىلەن داستىخانغا تىرەجىدى. بىراق، قانداقتۇر رەھىمسىز قۇدرەتلىك بىر مەخلۇق كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدىن قاماللاپ بىر تۇتتى — دە، يەلكىسىدىن سۆرىگىنىچە ئۇنى بىر ياقلارغا ئېلىپ ماڭغاندەك قىلدى، ئۇ ئاران: «يارەببىم، ھەممە گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغايسەن!» دېيەلىدى. ئارقىدىن ھېلىقى رەھىمسىز، قۇدرەتلىك، ياۋۇز، قان ئىچەر ئالۋاستى ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كېلىپلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى قېپىدىن سۇغۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ خۇنى كېتىپ، خىرەلىشىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۆي ئىچىدە ئاق بولۇتتەك سايىلەر ئۈزۈشۈپ يۈرۈشكەنلىكىنى غۇۋا كۆرەلىدى. بۇ سايىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا ئاستا - ئاستا كېلىشتى ۋە ئۇنى قۇچاقلىۋېلىشتى. ئۇنىڭ تەشۋىش، ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، ھاياجان، ھېيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق، رەزىللىك ۋە غەم - قايغۇ تېشىغا تېپىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ھاياتلىق شېمى لىپ - لىپ قىلىپ بىر يېنىپ ئۆي ئىچىدىكى قاراڭغۇلۇق زۇلمىتىدە ياتقان جىمىكى نەرسىنى ئۇنىڭغا روشەن قىلىپ كۆرسەتتى — دە، پىل - پىل قىلىپ ئەبەدىي ئۆچتى...

* * *

— ئى پەدەرى بۇزرۇك، مۇشۇ يەكەن سەپىرىنى كۆڭلۈم زادىلا خالىمايۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى سەپەرنىڭ ئىزگۈلۈكىدىن

wwww.bilnur.com

خەتىرى كۆپرەك قىلادۇ. شۇڭا، سىزنىڭ ئۇياققا بارمىقىڭىزنى خوپ كۆرمەيمەن! — دېدى ھىدايىتۇللا خوجا دادىسى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانغا كۆيۈنگەن ھالدا.

— ئى پەرزەنت، — دېدى ئۇ ئوغلىنىڭ مەسلىھىتىنى خوپ كۆرمەستىن، — بىز سۇلۇك تەرغىباتىمىزنى قەشقەر ھۇدۇتلۇقىدىن يەكەن دىيارىغا كېڭەيتمىكىمىز زۆرۈردۇر. نىھايەت، شادى خوجىنىڭ ئۆلۈمى بىزگە تېپىلغۇسىز پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇڭا، بىرنەنچىدىن، ئۇنىڭمۇسىيەت تەزىيىسى ئۈچۈن ئالتۇنلۇق مازىرىپۇرپەيزىگە بارمىقىمىز ۋاجىپ. ئىككىنەنچىدىن، مۇشۇ پۇرسەتتە يەكەن دىيارىنى ئۆز سۇلۇكىمىزنىڭ تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈۋالساق ئەجەب ئەمەس. ئۇنىڭدىن قالسا، سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ مەدىنىگە ۋە سەلتەنەت سۇرىگە تايانماي، ئىسھاقىيە ئىمانسىزلىرىنى يوقىتىش مۇمكىن ئەمەس! بۇ قېتىم بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ ئى ئوغۇل، سەن شاھماتتا پىيادە ئالتە مەنزىل سەپەر قىلغاندىلا پەرزىن مەقامىغا يېتىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ يېڭى چىققان ئاي ئون تۆت كېچە سەپەر قىلىش ئارقىلىق ھىلاللىق مەرتىۋىسىدىن تولۇنلۇق دەرىجىسىگە يېتىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ مۇبادا، بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋالالىساق، بىر چالمىدا ئىككى ئەمەس، ئۈچ پاختەكنى سوققان بولىمىز!

— ئى پەدەرىم، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمىز دەپ، — دېدى ھىدايىتۇللا خوجا، — كۆپ رەنجۇ - ئەلەم تارتىپ بەدەل تۆلەپ قالۇرمىزمىكىن، دېگەن ئەندىشە بېشىمنى چۇلغىۋالدى.

— ئى پەرزەنت، — دېدى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان سەۋرچانلىق بىلەن ئوغلىغا چۈشەندۈرۈپ، — ئىنسان نەپسى شەيتانىي، ھايۋانىي ۋە مەلەكانىيلىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل سۈپەت ۋە ئۈچ خىل قۇۋۋەتتىن پۈتۈلگەن بولىدۇ. ئىنساننىڭ

wwww.bilnur.com

نەپسى قولغا قوندۇرغىلى بولمايدىغان ياۋايى قۇشتەك بىر نەرسىدۇر. سەئىدىيە خاندانىدىكىلەرنىڭ نەپسمۇ دەل ئاشۇنداق ياۋايى قۇشقا ئوخشايدۇ. بۇ قۇش سەئىدىيە ئاسمىنىدا ئۆزى خالىغىنىچە پەرۋاز قىلىشۇبىرىدىغان بولسىلا، ئۇلارنىڭ ئەقىل كۆزلىرى ئاخىر بىر كۈن خىرەلەشمەي قالۇرمۇ؟ ۋەللەھەمكى، ئەقىل كۆزى خىرەلەشكەن ھۆكۈمدار خۇددى بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان دۆت ئېشەككە ئوخشايدۇ.

— ئى پەدەرىم، بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان ئېشەك قانداق بولۇر؟

— كىچىكىمدە پەدەرى بۇزرۇكۋار بىلەن دەھبىد[1] كە كېتىۋېتىپ، تۈگمەن بېشى دېگەن يەردە قوندۇق ۋە تۈگمەنگە قېتىلغان ئېشەكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدۇق. پەدەرىم:

— نېمە ئۈچۈن ئېشەكنىڭ بويىنىغا قوڭغۇراق ئېسىپ قويدىڭىز؟ — دەپ تۈگمەنچىدىن سورىۋىدى، تۈگمەنچى:

— مېنىڭ ئۇيقۇم كۈچلۈك، ئۇخلىغان ۋاقتىمدا ئېشەكنىڭ ماڭماي تۇرۇۋالغانلىقىنى پەرق ئېتەي دەپ قوڭغۇراق ئېسىپ قويدۇم. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى چىقمىسىلا، ھە ئېشەك ماڭماي تۇرۇۋاپتۇ دەيمەن — دە، خىت - چۇ! دەپ ۋارقىراپ قويىمەن. ئېشەك داۋاملىق ماڭىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

پەدەرىم:

— ئەگەر ئېشەك چۆگىلىمەي ئورنىدا تۇرۇۋېلىپ، بويىنىنى مىدىرلىتىپ، قوڭغۇراقنى جاراڭلىتىپ تۇرسا قانداق قىلىسىز؟ — دەپ سورىۋىدى، ھېلىقى تۈگمەنچى:

— ئېشىكىمدە بۇنچىلىك ئەقىل نېمە قىلسۇن؟ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن چوقۇم باشقا بىر تەدبىر تاپىمەن —

---

① دەھبىد - پەرغانىدىكى جاي ئىسمى. مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ يۇرتى.

wwww.bilnur.com

دە! — دەپ كۈلدى. . .

— ئى پەدەرىم، — دېدى ھىدايىتۇللا خوجا، — سۈلۈكىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمۇ يامان ئەمەسقۇ؟ شۇڭا شۈكرى - قانائەت قىلساقمىكىن دەيمەن. چۈنكى، مەن «ئەنۋارى سۇھەيلى»① دېگەن كىتابتىن «ئويلىنىپ بېسىلمىغان ھېرىس قەدىمى مەھرۇملۇق مەنزىلىگە يەتكۈزىدۇ!» دەپ ئوقۇغانمەن. ئۇنىڭدا ھېرىسخور مۈشۈكنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئىبرەتلىك ھېكايەت سۆزلەنگەن.

— ئۇ قانداق ھېكايەت ئىكەن؟

— بۇرۇنقى چاغلاردا ھال - كۈنى تولىمۇ خاراب بىر قېرى خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەم پاكار ھەم كىچىك، ھەم ۋەيرانە بىر ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بىر مۈشۈكى بار بولۇپ، نان يۈزىنى خىيال ئەينىكىدە ھەرگىز كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئۆيلىرىدە ئاش دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ باقمىغان بىر مۈشۈك ئىكەن. بۇ مۈشۈك پەقەت تۆشۈكتىن چاشقان پۇرىقىنى پۇراش ۋە تۇپراق تاختىسىدا چاشقان ئىزىنى كۆرۈش بىلەنلا قانائەتلىنىدىكەن. ئەگەر بەخت - تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قېلىپ، بىرەر چاشقان ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، خۇددى بىر خەزىنىنى تاپقاندەك دىلى يايراپ كېتۇر ئىكەن. تاكى بىر ھەپتىگىچە شۇ غىزا بىلەن ئۆمۈر كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك ئاچلىقتىن بىتاقەت بولۇپ، مىڭ مۇشەققەت بىلەن ئۆگزىگە چىقىپتۇ. قارىسا قوشنىسىنىڭ ئۆگزىسىدە ھەم سېمىز، ھەم پاكىزلىقىدىن تۈكلىرى پارقىراپ كەتكەن بىر مۈشۈكنىڭ شىرغا ئوخشاش قەدىمىنى ساناپ دەسسەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن پەرياد چېكىپتۇ ۋە:

① «ئەنۋارى سۇھەيلى» — مەشھۇر دۇنياۋى ئەسەر «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن كىتابنىڭ پارچە نامى.

— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن بۇرادەر؟ بۇنداق مېڭىشىڭدىن قارىغاندا پەغپۇر چىنىنىڭ زىياپەتخانىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك قىلىسەنغۇ؟ بۇنداق پاكىز، چىرايلىق يورۇشۇڭ ۋە بۇنداق شانۇ - شەۋكىتىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پادىشاھ داستىخىنىنىڭ دائىملىق مېھمىنىمەن. ھەر كۇنى ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدە ھازىر بولىمەن — دە، نازۇ - نېمەت زىياپەتلىرىنىڭ داستىخىنىنى يايغان چاغدا جۇرئەت بىلەن بېرىپ سېمىز گۆش ۋە پارچە نانلارنى ئېلىپ قاچىمەن. شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر كۇن كەچكىچە راھەت - پاراغەتتە كۇن كەچۇرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى.

— سېمىز گۆش دېگەن قانداق نەرسە؟ پارچە نان دېگەن قانداق بولىدۇ؟ مەن ئۆمرۇمدە مومايىنىڭ يۇندىسى ۋە چاشقان گۆشىدىن باشقا نەرسىنى كۆرگىنىم يوق، — دەپتۇ مومايىنىڭ مۇشۇكى.

— شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۆمۈچۈكتەك ئورۇقلاپ كېتىپتىكەنسەن — دە! — دەپ كۇلۇپتۇ قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى، — مۇشۇ تەلەتىڭ بىلەن تالاغا چىقىدىغان بولساڭ، ھەممە مۇشۇكلەر سەندىن نومۇس قىلىشىدۇ. سەن پادىشاھنىڭ داستىخىنىنى كۆرسەڭ ۋە ئېسىل غىزالارنى يوراپ باقساڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا خۇددى كونا ئۆلۇك تىرىلگەندەك بولۇپ، قوۋۇرغىلىرىڭغا ئەت قونۇپ، يېڭىدىن ھاياتقا ئېرىشكەن بولاتتىڭ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مومايىنىڭ نەپسى تاقىلداپ كەتكەن مۇشۇكى يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— ھەي بۇرادەر! مېنىڭ سېنىڭدە قوشنىدارچىلىق ھەققىم بار. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئىككىمىز بىر جىنستىن. شۇڭا مۇرۇۋۋەت قىلىپ، بۇ قېتىم باراشىڭدا مېنىمۇ ئالغاچ بارساڭ، سېنىڭ شاراپىتىڭ بىلەن ئاشۇ چوڭ سورۇنغا بېرىپ قالسام،

wwww.bilnur.com

سۆھبىتىنىڭ بەرىكاتىدىن مېنىڭ ئاشۇ ناتىۋان، سۇنۇق كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالسا نېمە بولىدۇ؟

قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى ئۇنىڭ بۇ نالە - زارىنى ئاڭلاپ مېھىر ئوتىدىن كۆڭلى ئېچىشىپتۇ ۋە: «بۇ قېتىم باراشىمدا چوقۇم سېنى ئېلىپ بارىمەن» دەپ ۋەدە قىپتۇ. موماينىڭ مۇشۇكى ئۇنىڭ ۋەدىسىنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئېچىلىپ ئۆگزىدىن چۈشۈپ، قوشنىسىنىڭ مۇشۇكى دېگەنلىرىنى مومايغا دېگەن ئىكەن، موماي بۇ مەسلىھەتنى لازىم تاپماي، نەسىھەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

— ھەي ئەخمەق، دۇنيا ئەھلىنىڭ سۆزىگە ئالدانمىغىن، قانائەت ئۆيىدىن ۋاز كەچمىگىن. چۈنكى، ھېرس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ. تەمە ۋە تىلەك كۆزىنى پانا يىڭنىسى ۋە ئەجەل يىپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىككىلى بولمايدۇ.

ئەمما، موماينىڭ مۇشۇكىنىڭ بېشىغا پادىشاھ داستىخىنىنىڭ سەۋداسى چۈشكەچكە، نەسىھەت دورىسى ئۇنىڭغا زادى كار قىلماپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر كۈنى موماينىڭ مۇشۇكى قوشنا مۇشۇكنىڭ ياردىمى بىلەن يىقىلىپ - قوپۇپ يۈرۈپ، ئۆزىنى پادىشاھنىڭ داستىخىنى دەرگاھىغا ئاران يەتكۈزۈپتۇ. لېكىن، بۇ بىچارە ئۇ يەرگە بارغۇچە ھېرس ئەجدىھاسى ئۇنى يۇتۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغان ئىكەن ۋە زەئىپ تەلىيى مەھرۇملۇق سۈيىنى ھېرىسلىرىنىڭ خام تەمەسى ئوتىغا چېچىپ بولغانىكەن.

ئەسلىدە، ئۆتكەن كۈنى بىر توپ مۇشۇكلەر مېھمانخانا ئەتراپىغا يىغىلىۋېلىپ، گۆش ۋە نان قەستىدە بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ غەلۋە چىقارغانىكەن. ئۇلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىدىن مېھمان ۋە ساھىبخانىلار ھەممىسى مالال ۋە بىئارام بولغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن پادىشاھ مەرگەنلىرىگە ئوق ۋە يانى تەييارلاپ بىر

wwww.bilnur.com

بولۇڭدا مۆكۈپ ئولتۇرۇپ، قايسى مۇشۇك بىھايالىق قالقىنىنى يۈزىگە تۇتۇپ، داستىخان مەيدانىغا كىرىپ، لوقمىغا قول ئۇزاتسا، ئۇنىڭغا ئوق يېگۈزۈشنى بۇيرۇغانىكەن. مومايىنىڭ مۇشۇكى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر تائام پۇرىقىنى پۇراپتۇ — يۇ، گۆش بىلەن نان ئالماقنىڭ قەستىدە داستىخانغا خۇددى چىۋىندەك ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تېخى ئىشتىھا تارازىسىنىڭ تەخسىلىرىگە لوقما تارتىلماي تۇرۇپ، يۈرەكنى يارغۇچى ئوق ئۇنىڭ كۆكسىگە كېلىپ تېگىپتۇ...

— مېنىڭ بۇ ھېكايەتنى مىسال كەلتۈرۈشۈمدىكى مەقسەت باشقا نەرسە ئەمەس، — دېدى ھىدايىتۇللا خوجا سۆزىنىڭ ئاخىرىسىدا، — ئەلھال، بىز قەشقەر نايىبى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ مەدەت - بەرىكاتىدا ھەر قانداق تۆھپىنى مۇشەققەتسىزلا قولغا كەلتۈرۈپتىمىز. شۇڭا، ئۇنىڭ قەدرىنى بىلىپ، ھازىرچە ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ، قانائەت ھاسىل قىلمىقىمىز زۆرۈرمىكىن. قالغىنىنى ئول تەخت مىراسخورىنى سەئىدىيەلەر تەختىگە يۆلەپ چىقارغاندىن كېيىن كۆرۈرمىز. بولمىسا ئۇنىڭغا يېتەلمەي، بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قېلىپ يۈرمەيلى يەنە!

— ئى پەرزەنت، بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان، — مەن سېنىڭ كىچىك بولساڭمۇ ئەقىلدە تېز پىشىپ ماڭا يېتىشىۋالغانلىقىڭدىن كۆپ خۇرسەنمەن. مۇبادا، كىشى ئۇلۇغلۇق تەختىدە ئولتۇراي دېسە، چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا تەييار تۇرۇشى لازىم. ئەگەر سۇلتانۇل مۇھەققىقىن[1] تاجىنى بېشىغا كىيمەكنى خالىسا، ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە چىڭ باغلىشى لازىم. ھالبۇكى، قولۇمدىكى تەرىقەت تەسۋىسى ئۇلۇغ ھەيۋەت پەيدا قىلىشىمغا ياخشى مەدەتكار

① سۇلتانۇل مۇھەققىقىن — «ھەق ئاللانى تونۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى» دېگەن مەنىدە.

wwww.bilnur.com

بولدۇ. ئۈچ ئىلىك ئۆپرىماس شېرىن سۇخەن تىلىم مەرتىۋىلەرنىڭ ئەڭ ئالىيسىغا ئېرىشىشىمگە ياخشى ۋاستە بولالايدۇ! چۈنكى، ھىممەت بىلىكىنىڭ زورىدىنلا قۇتبىل ئەقتابلىق ئارزۇسىنى قىلىش مۇمكىن ھەم ھىدايەت خانىقاسىنى نازۇ - نېمەت لىباسلىرى ۋە سەلتەنەت بېزەكلىرى بىلەن زىننەتلەش مۇمكىن! ئاللاتائالا ئۆزى ئىنايىتى بىلەن دۆلەتكە ئېرىشكۈدەك كۈچ - قۇۋۋەت ۋە ئەقىل - پاراسەتنى بىزگە بېرىپتۇ. تەۋپىق يار بولۇپ، سائادەتمەنلىك ئىشىكى ئىستىقبال قىلىپ بىزگە ئېچىلىپتۇ. ئۈمىدۋارمەنكى، بۇ قېتىمقى يەكەن سەپىرىمدە تىلىگەن ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ، مۇراد قولىنى مەقسەت بويىنىنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزسەم ئەجەب ئەمەس!

— سۇلۇك - تەرىقىتىمىزنىڭ پىر كامىلى بولمىش سۇلتانۇل مۇھەققىقىن قۇتبىل ئەقتابىمىزنىڭ سۆزلىگەنلىرى بەرھەق. بىراق، ھەر بىر ئېزگۈلۈكنىڭ بىر خەتىرى بولغىنىدەك، مۇبادا، مۇراد - مەقسەت ئېتىكىمىزگە مۇشەققەت- ھىجران تىكىنى چاپلىشىپ قالسا، بىزلەر قانداق قىلمىقىمىز لازىمدۇر؟ — دېدى باياتىن ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ سۆزىگە ئارىلاشماي بىر چەتتە جىم تۇرغان خەلىپە ئابدۇلرازاق قازى.

— تەرىقەتى سۇلۇككە سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتابى بولغان بىزدەك زاتنىڭ مەقسەت ئېتەكلىرىگە مۇشەققەت تىكىنى چاپلاشمىسا، مۇرشىد - مۇخلىسلىرىمىزنىڭ پاراغەت گۈلىستانىدا مېھنەت گۈلى ئېچىلمايدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. مۇشەققەت بۇراقىغا① مىنمىگۈچە، مەقسەت ئېتىزىدىن مەنپەئەت ھوسۇلىنى يىغىۋالغىلى بولمايدۇ. ئەلھال، مۇبادا بىزلەردىن كېيىن قالسىڭىزلار ئەقتاب بولمىش پەرزەنتلىرىمىز، ھىدايىتۇللا خوجىزادە سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل

① بۇراق — رىۋايەتلەردىكى قاناتلىق تۇلپارنىڭ نامى. مۇھەممەت پەيغەمبەر مىراج كېچىسى بۇراققا مىنىپ ئەرشكە چىقىپ، ئاللا بىلەن مۇلاقەت بولغانمىش.

wwww.bilnur.com

ئەقتابىلىق رۇتبىسىدە تەرىقەت سۇلۇكىمىزنى ھىدايەت يولىغا داۋاملىق باشلاپ ماڭۇر. شۇنداق بولسىلا، بىزمۇ رازى، خۇدامۇ رازى بولۇپ، خاتىرجەم جەددى ـ جەمەت باياۋاننى كېزىپ مەقسەت جامالىنى كۆرۈرمىز!

— ئى بۇزرۇكۋار ھەزرىتى پىر، خاتىرجەم بولغايسىز. بىز سىزگە ھەم خوجىزادىمىزگە قول بەرگەنمىز. سىز خوجام رازى بولسىڭىز، خۇدامۇ رازى بولۇر! — دېدى خەلپە ئابدۇلرازاق قازى چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە.

— بارىكاللا، بارىكاللا! — دەپ چۇرقىراشتى قالغان خەلپە ـ خاس مۇرىتلارمۇ، — خوجام رازى، خۇدا رازى! خوجام رازى، خۇدا رازى!...

— مانا بۇ سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتابىلىق ئىرشاتنامىسىنى مۇرشىدىم سىز ساقلاپ قويۇڭ. مۇبادا مەن قايتىپ كەلسەم، مەن ئۆزۈم ئەھلى مۇخلىسلىرىمغا جاكارلىغايمەن. مۇبادا، مەن قايتىپ كېلەلمىسەم، سىز ئەھلى مۇخلىسلىرىمغا خوجىزادە ھىدايىتۇللا ئافاق خوجانى «سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتابى» دەپ ئېلان قىلغايسىز! — دەپ مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان سەللىسىگە قىستۇرۇقلۇق بىر قەغەزنى ئابدۇلرازاق قازىغا بەردى.

خەلپە ـ سوپىلارنى باشلاپ ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىغا بەيئەت كەلتۈرگەن بۇ ئابدۇلرازاق قازى دېگەن خەلپە مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قۇمۇلدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە، مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئىشقىيە مەزھىپىدىكى مۇرشىدلارغا خوجا مەسئۇلى بولغان ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئاچكۆز، نەپسى بالا بەڭگى بىر سوپى ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم مۇخلىسلىرىنىڭ ئۆيىگە مەسلە مەرۇپ قىلغىلى بارغاندا، مەسلە ـ مەرۇپ ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىنى ئۆي ئىگىسىنىڭ داستىخىنىغا قاراپ بەلگىلەيتتى.

wwww.bilnur.com

ئۆي ئىگىسى قولى قىسقا بولۇپ قېلىپ، قوي سويالمىغان بولسا، مەسىلە - مەرۇپ ۋاقتىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ هالدا سوزۇلۇپ كېتىۋېرەتتى — دە، تاكى ئۆي ئىگىسى قولىدىكى ۋەجۇ - ۋەسلىنى سېتىپ قوي ئېلىپ سويمىغۇچە بىزەڭلىك قىلىپ كەتمەي يېتىۋالاتتى. مۇبادا ئۆي ئىگىسى قوي سويغان بولسا، ئۇ مەسىلە - مەرۇپنى تېزلا تۈگىتەتتى — دە، سېمىز قوي گۆشىدىن قىلىنغان نېرىن چۆپنى خام پىياز بىلەن تەكشى ئىلەشتۇرۇپ، تازا ئىشتىها بىلەن يەيتتى. ئاندىن سوپىلىرىغا چىلىمىنى تازا خورلىتىپ مۇشتەك بەڭنى چېكىپ، كۆك چاينى ئىچىپ، بەڭنىڭ كەيپىنى سۈرەتتى. شۇڭا، ئابدۇلرازاق قازى توغرىسىدا مۇلكىي قەشقەرىيىدە نۇرغۇن كۈلكىلىك لەتىپىلەر تارقالغانىدى.

بىر يىلى، ئابدۇلرازاق قازى سوپىلىرىنى باشلاپ هاراپتىكى① هېلەك داڭقان دېگەن مۇخلىسىنىڭ ئۆيىدە تونەككە داخىل بولۇپتۇ. تونەك كېچىسى، بۇ يۇرتتىكى مۇرشىد - مۇخلىسلار «خوجا مەسئۇلىمىزنىڭ مەسىلە - مەرۇپىنى ئىشتىمىز» دەپ، هېلەك داڭقاننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپتۇ.

— ئەئۇزى بىللاهى مىنەش شەيتانىر - رەجىم، بىسمىللاهىر رەهمانىر رەهىم! — تۆردە ئولتۇرۇپ سوزۇپ خەتمە قۇرئان قىلىۋاتقان خەلپە ئابدۇلرازاق قازى بىردىنلا توختاپ، يېنىدىكى سوپىسىدىن:

— قوي سويۇپتۇمۇ - سويماپتۇمۇ؟ قاراپ بېقىڭلارچۇ، — دەپ سوراپتۇ — دە، چاندۇرماستىن قىرائىتىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەلهەمدۇلىللاهى - رەببىل ئالەمىن - ئەر — رەهمانىر — رەهىم — مالىكى يەۋمىددىن. . .

ئابدۇلرازاق قازى سۈرە فاتىهەدىن قىرائەت قىلىۋاتقان

---

① هاراپ - قەشقەر يېڭىشەهەر ناهىيىسىنىڭ شەرقىي - جەنۇبىغا قىرىق كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. هازىرمۇ هاراپ دېيىلىدۇ.

wwww.bilnur.com

ئارىلىقتا ھېلىقى سوپى ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپلا قايتىپ كىرىپ:

— ئىيياكەنەئىبۇدۇ ۋەئىيياكە نەستەيئىن، قوي سويۇلۇپتۇ خوجا مەسئۇلىم، قوي سويۇلۇپتۇ! ئېھدىناس سىراتەلمۇستەقىيم! — دەپ ئابدۇلرازاق قازىغا قوشۇلۇپ قىلچە چاندۇرماي قىرائەت قىلىپتۇ. ئەمما، بۇ جاۋابتىن قازى يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:

— بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم، سويغان قوي سېمىزمىكەن ـ ئورۇقمۇ؟ چىقىپ قاراپ باقساڭلارچۇ؟ سىراتەل — لەزىنە ئەن ئەمتە — ئەلەيھىم! . . .

ئاڭغىچە بىر سوپى چىقىپلا قايتىپ كىرىپ:

— بىسمىللاھىر — رەھمانىر ـ رەھىم، قۇلھۇۋەللەھۇ ئەھەد، ئاللاھۇ سەمەد، غىچ ياغكەن، سۇف! غىچ ياغكەن سۇف! — دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، قازىنىڭ دەككە ـ دۇككە ئىلكىدىكى كۆڭلى ئاندىن تەسكىن تېپىپتۇ —دە، قىرائىتىنى سوزۇپ داۋاملاشتۇرۇپ:

— بىسمىللاھىر — رەھمانىر — رەھىم! غەيرىل — مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلاز — زالىن — ئامىن! — دەپ دۇئا قىلغاندا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ «ئىلاھا ئامىـــن!» دېيىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشىپتۇ. . .

* * *

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئالتىـــنچـــى ئەۋلاد سۇلتانـــى ئابدۇلەتىپخان ئون ئىككى يىل تەخت ساھىبى بولغاندىن كېيىن، مىلادى 1630 ـ يىلى (ئات يىلى) كۈزدە، 26 يېشىدا تويۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەھمەدخان ۋە مەھمۇدخان دېگەن ئىككى جىيەنى ئوتتۇرىسىدا سەئىدىيە تەختىنى تالىشىش

wwww.bilnur.com

ماجىراسى يۈز بەردى. بۇ كۆرەشتە گاھ ئەھمەدخان يېڭىپ تەختكە چىقسا، گاھ مەھمۇدخان تەختنى ئۇنىڭدىن تارتىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ۋەزىيىتى تاكى مىلادى 1638 - يىلى سۇلتان ئابدۇللاخان خان بولغانغا قەدەر مۇشۇنداق داۋالغۇش ئىچىدە زادى تىنچىماي كەلدى.

مىلادى 1631 - يىلى سۇلتان ئەھمەدخان تۇنجى قېتىم سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مىلادى 1632 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا، سۇلتان مەھمۇدخان تەرىپىدىن تەختتىن چۈشۈرۈلدى. مىلادى 1635 - يىلى يازدا، سۇلتان ئەھمەدخان يەنە سۇلتان مەھمۇدخاننى تەختتىن ھەيدەشكە مۇۋەپپەق بولدى ۋە سەئىدىيەلەر تەختىنى يېڭىۋاشتىن ئۆز قولىغا ئالدى.

بۇ مەزگىلدە، سەئىدىيەلەر شاھزادىلىرىدىن ئابدۇللاخان ئاقسۇدا نايىب بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىدى. ئۇ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ داۋالغۇپ تىنچىماي كېتىۋاتقان ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئاقسۇدا قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، سۇلتان ئەھمەدخانغا قارشى ئاشكارا ئىسيان ناغرىسىنى چالدى ۋە چالىش① نايىبى بىلەن بىرلىشىپ يەكەنگە لەشكەر تارتىپ كەلدى.

ھەر قېتىم سەئىدىيە دۆلىتىدە بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەندە، بۇ ۋەقە، ھادىسىلەرگە قەشقەر خوجىلىرى قول تىقماي قالمايتتى. بۇ قېتىممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى! مەخدۇم ئەزەمدىن تارتىپ سەئىدىيەلەر تەختىگە كۆز تىكىپ خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ قەشقەر خوجىلىرى ئاكا - ئۇكا مۇھەممەت ئىمىن ئىشان بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ زامانىسىدىلا سىياسىي مەقسەتلىرى تۇپەيلىدىن بىر - بىرى بىلەن زادى چىقىشالمايدىغان قارىمۇ قارشى ئىككى چوڭ دىنىي مەزھەپكە

① چالىش — قارا شەھەرنىڭ تارىختىكى ناملىرىدىن بىرى.

wwww.bilnur.com

ئايرىلىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى مۇھەممەت ئىمىن ئىشانكالان بىلەن مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللالارنى ئۆزلىرىگە پىر قىلغان ھالدا ئايرىم - ئايرىم ئىشقىيەچىلەر ياكى داستارلار مەزھىپى بىلەن ئىسھاقىيىچىلەر ياكى مەخدۇمزادىلەر مەزھىپى بولۇپ شەكىللەندى. كېيىنكى چاغلاردا «ئاقتاغلىقلار» ۋە «قارا تاغلىقلار» دەپ ئاتالغانلار دەل ئاشۇلارنى كۆرسىتەتتى.

* * *

مىلادى 1587 - يىلى (توڭگۇز يىلى) كۈزدە، خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ سەمەرقەندىكى ئۆيىدە بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. بۇ ئوغۇلنىڭ تۇغۇلۇشى بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى خوجا شەھباز ئىسىملىك بىر ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالغان خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا ئۈچۈن تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى ئەلۋەتتە.

ئىسھاق خوجىنىڭ خوجا شەھباز دېگەن ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئۇشتۇر① دېگەن بىر مەشھۇر خەلىپىسى ئۇنىڭغا: «يىغلىماڭ، شەھباز كەتسە، شادى كېلۇر!» دېگەن ئىكەن.

دېگەندەك، ئىككى يىل ئۆتۈپ ئۇزاقتا قالماي، خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا يەنە بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئىسمىنى شادى خوجا دەپ قويدى. بۇ ئوغۇل كېيىنكى چاغلاردا ئىسھاقىيىچىلەرنىڭ ئەزىز خوجا دېگەن مەشھۇر پىرى بولۇپ قالدى.

مىلادى 1592 - يىلى (تىمساھ يىلى) سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ

---

① ئۇشتۇر خەلىپە (1618 - ؟) — ئىسھاقىيىچىلەرنىڭ مەشھۇر سەردارلىرىدىن بىرى. ئۆزبېك، پەرغانىدا تۇغۇلغان. كېيىن ئۇ خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا بىلەن بىللە مۇلكىي قەشقەرىيىگە سۈلۈك تەرغىباتى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ۋە يەكەندە ۋاپات بولغان.

wwww.bilnur.com

تۆتىنچى ئەۋلات سۇلتانى مۇھەممەدخان تەختكە چىقتى، ئىسھاق خوجا ئەمدىلەتىن بەتتە ياشقا كىرگەن ئوغلى شادى خوجىنى ئېلىپ سەمەرقەندتىن يەكەنگە قايتىپ كەلگەندە، سۇلتان مەھەممەدخان يېڭىسارنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قوش گۈمبەز دېگەن يەرگىچە ئالدىغا قارشى ئېلىپ چىققان ۋە ئاتا - بالا ئىككىسىنى ئاتقا مىندۇرۇپ، يەكەندىكى خان ئوردىسى - ئاقسارايغا باشلاپ كەلگەندى. كېيىن پەيزاۋات، سايقاش دېگەن ئىككى يۇرتنى مۆھۈرلەپ ئۇلارغا جۇلدۇ - جاساق قىلىپ بەردى. ئىسھاقىيە مەزھىپى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇلكىي قەشقەرىيىدە تېز تەرەققىي قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى.

* * *

مىلادى 1638 - يىلى، ئابدۇللاخان لەشكەر تارتىپ سۇلتان ئەھمەدخان ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلغاندا، سۇلتان ئەھمەدخان شادى خوجىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن، گوما دېگەن يەرنى ئۇنىڭغا جۇلدۇ - جاساق قىلىپ مۆھۈرلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما شادى خوجا ئاقسۇ نايىبى ئابدۇللاخاننى قوللاپ، ئۇنى سەئىدىيەلەر تەختىگە يۆلەپ چىقىرىش قارارىغا كەلدى ۋە كۈيئوغلى پادىشاھ خوجىنى ئابدۇللاخانغا قوشۇلۇپ، چالىش، تۇرپان نايىبلىرى بىلەن بىللە يەكەنگە ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى.

مىلادى 1639 - يىلى (توشقان يىلى) ئەتىيازدا، ئابدۇللاخان يەكەندە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىنچى ئەۋلاد سەئىدىيە خانى بولۇپ قالدى.

ئابدۇللاخان سىياسىي جەھەتتە بىرقەدەر يىراقنى كۆرەلەيدىغان دانا خان ئىدى. ئۇ زۆرۈر بولغان تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سۇلتان ئابدۇلەتىپخان ۋاپات بولغاندىن تارتىپ

wwww.bilnur.com

داۋالغۇپ بىر ئىزدا توختىماي كېلىۋاتقان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى دەرھال ئوڭشاپ، مەملىكەتنىڭ ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇ قۇمۇل دىيارىدىن تاكى بەدەخشانغا قەدەر بولغان پۈتكۈل مۈلكىي تۈركىستاننى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماستىن، «يىراقتىكىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش» تەك ئىستراتېگىيىلىك سىياسەتنى يولغا قويۇپ، چەتئەللەر بىلەن ئۈزۈلۈپ قالغان ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تۈرلۈك ئالاقىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خاقانىي چىنغا① ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى سودا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ھىندىستان، پىرسىيە، ئوسمانىيە، پەرەڭگىستان قاتارلىق غەرب ئەللىرى بىلەن بولغان ئەنئەنىۋى دوستلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

مەملىكەت بىرلىككە كەلگەن بولسىمۇ ئەمما قىرغىزلار پات - پات توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەمدىلەتىن تىنچلانغان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىغا ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرۈپ بەردى. قىرغىزلاردىن قويۇلغان مەنسەپدارلار ھە دېسىلا ئىسيان قوزغاپ زادى تىنچىمىدى. قىرغىزلارنىڭ سەردارى مىرزا بەگ ئەلچىگى ئابدۇللاخاننىڭ خىزمەت - ئىتائىتىدىن باش تارتتى. بۇ چاغدا ساتىمبىي قىرغىز يېڭىسارنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئەييۇب ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلانغاندا، ئابدۇللاخان ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، دەرھال يەكەنگە قايتۇرۇپ كەلدى. يېڭىسار ھۆكۈمىتى قاراكىچىككە تاپشۇرۇلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇمۇ ئەنجانغا قېچىپ كەتتى. ئابدۇللاخان قىرغىزلار مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ كېلىپ قۇرۇلتاي ئاچتى. ھەممەيلەننىڭ پىكرى قىرغىزلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى

① خاقانىي چىن — جۇڭگونىڭ تارىختىكى ناملىرىدىن بىرى.

wwww.bilnur.com

قىلىشقا مەركەزلەشتى. ئابدۇللاخان بۇلغاچىنىڭ ئادەملىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، ھەربىرىنى لەشكەرلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى ۋە تۇپىلاڭچى قىرغىز ئاقساقاللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ساتىمبىي ئۆيتىمىش بەگكە تاپشۇرۇلغاندى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى. قاراقچىبەگ ئەييۇببەگكە تاپشۇرۇلغاندى ئەمما ئۇ ئەھۋالنى تۇيۇپ قالغانلىقتىن، كېچىدە بەگنىڭ ئېتىنى ئوغرىلاپ مىنىپ قېچىپ كەتتى. ئابدۇللاخان تاتار ۋە بايرىنلارنىڭ ئادەملىرىنى ئەييۇببەگكە ياردەملىشىشكە ئەۋەتتى. قىرغىز ئاقساقىلى قاراقچىبەگ قىرغىزلارنى باشلاپ ئەييۇببەگنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ئەييۇببەگنىڭ ئوغلى مەتلەب خوجا ۋە شاھ مەھمۇت شاھ، خوجا ھەبىب، مۇھەممەت بەردى بايرىن، پايەندە قازى قاتارلىق بەگلەر ئۆلتۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى قىرغىزلار ئۈستىگە جازا يۈرۈشى قىلىشقا ئەۋەتكەن قوشۇنى چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرغاندا، ئابدۇللاخاننىڭ شەھباز بەگ دېگەن باھادىرى قىرغىزلارنىڭ ساتىمبەگ دېگەن ئاقساقىلىنىڭ ئوغلى ئاللا يارنى بىر ئۇمۇت قويۇپلا ئاتتىن غۇلاتتى. ۋەزىيەت بىردىنلا ئۆزگىرىپ، شەھباز بەگنىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئابدۇللاخاننىڭ لەشكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ جان بېغىش، قىپچاق تۆكلى باي، نار تايلاق قاتارلىق قىرغىز ئاقساقاللىرىنى قوشۇنى بىلەن قوشۇپلا قورشىۋالدى ۋە ئەقىنە خەزىنىچى دېگەن قىرغىز ئاقساقىلى باشلىق بىر تۈمەندەك تۇپىلاڭچى قىرغىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، تەۋەككۈل باي، نار تايلاق ۋە ئورۇقبەگ دېگەنلەرنى تىرىك تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن «موغۇلىستان جاڭگىلىنىڭ شىرلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان قىرغىزلار بېلى ئۈشتىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇز يىلغىچە قايتا تۇپىلاڭ كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

ئابدۇللاخان تۇپىلاڭچى قىرغىزلارنى تەلتۆكۈس

wwww.bilnur.com

بويسۇندۇرغاندىن كېيىن دەرھال پەرغانىگە ئەسكەر چىقىرىپ ئەنجان قاتارلىق جايلاردىكى توپىلاڭچى ـ تەپرىقاتچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، بۇ جايلارنى يىغىۋېلىشتىن سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تەسەررۇپى ئاستىغا ئالدى.[1]

بىراق، ئابدۇللاخانمۇ بۇزرۇكۋار بوۋىسى سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇدۇم بويىچە، شادى خوجىنى پىر تۇتۇپ، ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇخلىس بولدى ۋە شادى خوجىنىڭ سەئىدىيەلەر ئوردىسىدىكى سىياسىي رەقىبلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تازىلىدى.

مۇشۇ مەزگىلدە، قۇمۇلنىڭ تارخان بېگى مۇھەممەت شاھ غازى بەگ تەرىپىدىن «ۋەھىدەتۇللاھ ۋۇجۇد» دەۋاسىنى قىلغانلىق گۇناھى ئۈچۈن قۇمۇل دىيارىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى.

ئابدۇللاخان ئۆزىنىڭ سەلتەنەت ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ قەشقەر مۇزاپىتىدىكى تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى — دە، ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارغا قەشقەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئاۋات، بەشكېرەم دېگەن يۇرتلارنى مۆھۈرلەپ، جۇلدۇ ـ جاساق قىلىپ بەردى. بۇ چاغدا قەشقەردە ئابدۇللاخاننىڭ ئامراق كەنجى ئوغلى، شاھزادە يولۋاسخان نايىب بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى. سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تەخت ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە، قەشقەرگە نايىب بولغان كىشى ئەلۋەتتە ۋەلىئەھد بولاتتى. ئەمما، بۇ سەئىدىيەلەرنىڭ ئەسىرلەردىن بويان داۋام

[1] بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى بىلمەكچى بولسىڭىز، شاھ مەھمۇت بىن فازىل جوراس يازغان «تارىخى رەشىدى زەيلى» ياكى كېيىنكى چاغلاردا «سەئىدىيە خانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دەپ ئاتالغان كىتابنىڭ 153 — 155 ـ بەتلىرىگە قاراڭ. بۇ كىتاب ئەسلىدە پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تارىخىي ۋەسىقىلەر ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن 1976 ـ يىلى موسكۋادا نەشر قىلىنغان. 1988 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى قايتا باسقان.

wwww.bilnur.com

قىلىپ كېلىۋاتقان تەختكە چوڭ ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىشتەك ئۇدۇمغا مۇخالىپ ئىدى! دېمەك، ئابدۇللاخاننىڭ قەشقەر نايىبلىقىغا چوڭ ئوغلى شاھزادە نۇرىددىنخاننى قويماستىن ئامراق كەنجى ئوغلى، شاھزادە يولۋاسخاننى قويغانلىقى ئۇ سادىر قىلغان ئەجەللىك خاتالىق ئىدى. ئوتتۇز يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ دەل مۇشۇ خاتالىقى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى!

* * *

— ئى بۇزرۇكانە قەشقەرنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق ئىشقىيە ئەھلى! — دەپ مەسىلە - مەرۇپ قىلىشقا باشلىدى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ھېيتگاھ جامەسىدىكى بىر قېتىملىق جۇمە نامىزىدا. بۇ ئۇنىڭ قەشقەر دىيارىغا ئاياغ باسقاندىن كېيىنكى تۇنجى سۇلۇك تەرغىباتى ئىدى، — سىزلەر بۇنىڭدىن بۇرۇن ماڭا ۋەكىلىم ئارقىلىقلا يىراقتىن ئەگىشىپ كەلگەن ئىدىڭىزلار. مەن ئۇ چاغدا سىلەر ئۇچۇن چۆل - باياۋاندىكى يىراقتا كۆرۈنىدىغان ئالۋۇن، تەيەممۇم قىلغىنىڭىزلاردا خاك - تۇپراق بولغانىدىم. بۇ پەقەت چۆل - جەزىرىلەردە سۇ بولمىغان ۋەزىيەتتىلا قولىنىلىدىغان چارە ئىدى! بۇگۇن سىزلەر ئەزىم دەريانىڭ ياقىسىغا يېتىپ كەلدىڭىزلار. ئەلھال، ئەمدى سىزلەرگە تەيەممۇم بىھاجەتتۇر. سىزلەرنى ھىدايەتكە باشلايدىغان سۇلتانۇل مۇھەققىقىن بولمىش قۇتبىل ئەقتابىڭلار ئۆز ئورنىغا كەلدى!

ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، يېنىدا تۇرغان ئوغلى ھىدايىتۇللا خوجىغا سۆيۈنۈش نەزەرى بىلەن بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەمدى بىز ئاتا مىراس مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆزىمىزنىڭ سۇلۇك تەرغىباتىمىزنى ھېچبىر تەشۋىشسىز ئاشكارا يۈرگۈزىمىز! سىزلەر بىز بار چاغدا بىزنى، بىز يوق چاغدا

wwww.bilnur.com

خوجىزادە ھىدايىتۇللا خوجىنى پىر دەپ تونۇغايسىلەر. چۈنكى بىز ۋە ئۇل پەرزەنت ئەۋلادى پەيغەمبەردۇرمىز! ئىشانى نۇر ئاللاھدۇرمىز! ۋەھىدەتۇللاھ ۋۇجۇددۇرمىز! سۇلتانۇل مۇھەققىقىن ۋە قۇتبىل ئەقتابدۇرمىز! تەڭرىتائالا بىلەن بىزلەرنىڭ ئارىمىزغا ھېچقانداق ۋۇجۇد سىغماسدۇر! شۇڭا، خوجا رازى، خۇدا رازىدۇر! مۇبادا، ئاراڭلاردىن بىرەر كىشى ئالانغۇما ـ پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، دىنى ئىسلامنىڭ پۈتكۈل ئەھكاملىرىنى قولىدا تۇتقان تەقدىردىمۇ، ئەگەر سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتاب، ۋەھىدەتۇللاھ ۋۇجۇد بولغان بىزدەك نۇر ئاللاھغا قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن، ئۇل كىشى مۇرتەد، دەۋزىخى، گۇناھكار بولغاي، قىلغان پۈتكۈل تائەت ـ ئىبادەتلىرى زادى مەقبۇل بولمىغاي! . . .

* * *

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پۈتۈن قەشقەر دىيارىدىكى مەشھۇر كىشىلەر، تۆرە ـ ئىسىلزادىلەر ۋە پۈتۈن پۇقرايۇ ـ پەقىرلەر «مۇرتەد، دەۋزىخى، گۇناھكار بولۇپ قالمايلى» دېيىشىپ، بەس ـ بەستە مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ھىدايىتۇللا ئىشانغا قول بېرىشىپ، مۇرىت ـ مۇخلىس بولۇشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قەشقەر نايىبى، تەخت ۋارىسى بولغان شاھزادە يولۋاسخانمۇ بار ئىدى.

ئۇ ئىستىبدات جەھەتتە ئاكىسى، چوڭ شاھزادە نۇرىددىنخانغا زادىلا يېتىشەلمىسىمۇ ئەمما قارا نىيەتلىكتە شەيتان لەئىنگە ساۋاق بېرەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى.

ئابدۇللاخان چىرىك سىياسەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن، بىر قاتار ئىلغار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دۆلەتنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئومۇمىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇپ، سەئىدىيە

wwww.bilnur.com

دۆلىتىنى ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلاندۇرغان بولسىمۇ بىراق جاھالەت پىرلىرى بولغان مەخدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن سەئىدىيە زېمىنىغا تېرىلغان مەزھەپچىلىك، تەرىقاتچىلىق ۋە نادانلىق، دوگمىچىلىق ياۋۇزلۇق ئۇرۇقلىرى بۇ مەزگىلگە كەلگەندە بىخلىنىپ يىلتىز تارتىپ يىلەك تاشلىغان ۋە سەئىدىيە سەلتەنىتىدىن ئىبارەت بۇ زور دەرەخنى چىرمىۋالغانىدى. ئەلدە مالامەت ۋە مالاللىق، سىقىلىش ۋە ھارغىنلىق غالىب كەلمەكتە ئىدى. ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغان، غاپىللىق يۇقىرى مەۋقەلەرنى ئىگىلىگەنىدى. سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ بىر قاتار ئىلغار تەشەببۇسلىرى قەشقەر خوجىلىرى ۋەكىللىكىدىكى يەرلىك دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلىرىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىماقتا ئىدى. روھى خۇنۇك، ئەقلى مەجرۇھ، پەيلى بۇزۇق قەشقەر خوجىلىرى ۋاپاسىزلىق ۋە ئىنساپسىزلىق بىلەن دەستەكسىز، يالغان دۇئا-پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىرىشىپ، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ جەمئىيەت ھاۋاسىنى نادانلىق ۋە جاھالەت چاڭ-توزانلىرى بىلەن بۇلغاپ، خەلقنى ئۆزلىرىنىڭ چىنىكىدىن زادىلا چىقمايدىغان ئەقلى كوتا نادانلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتقانىدى.

ئابدۇللاخان يولغا قويغان بىر قاتار سىياسىي ئىسلاھاتلار تۈپەيلىدىن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرىغان بۇ ھايۋانىي ھېرىس ۋە شەيتانىي خىسلەتلىك قەشقەر خوجىلىرى دەرھال قارا نىيەت شاھزادە، قەشقەر نايىبى يولۋاسخان بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاق تۈزۈپ، سەئىدىيە دۆلىتىنى ئىچكى جەھەتتىن پەيدىنپەي پارچىلىدى. سەئىدىيە ئوردىسىدا تەخت تالىشىپ قانات يايغان دەھشەتلىك قانلىق سىياسىي كۈرەشلەرنىڭ ئارقا تەرىپىدە تۇرۇۋاتقان ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەر بىلەن ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشىمۇ ئىنتايىن

wwww.bilnur.com

مۇرەككەپلىشىپ ۋە كەسكىنلىشىپ كەتتى.
مىلادى 1646 ـ يىلى كۈزدە، ئىسهاقىيە مەزھىپىدىكىلەر ـ نىڭ سەردارى شادى خوجا يەكەندە ۋاپات بولدى ۋە ئالتۇنلۇقۇم مازىرىغا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرى شادى خوجا مازىرىنى كاتتا ياسىتىپ، ئەتراپلىرىغا قىرىق يەرگە خانىقا ـ تۇنەكخانا سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئالتۇنلۇقۇم مازىرى ئىسهاقىيەچىلەرنىڭ مۇقەددەس تاۋاپگاھى بولۇپ قالدى. ئۇلار بىلەن قارىمۇ ـ قارشى مەيداندا تۇرۇپ ئېلىشىۋاتقان ئىشقىيەچىلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشانمۇ بۇ چاغدا قەشقەر نايىبى، شاھزادە يولۋاسخاننىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، قەشقەردىكى ئاۋات، بەشكېرەمنى ئۆزلىرىنىڭ سۇلۇك تەرغىباتچىلىقىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى.
شادى خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئىسهاقىيىچى مەزھىپىنىڭ سۇلۇك يولباشچىلىقىنى ۋاقتىنچە ئۇشتۇر خەلىپىنىڭ چوڭ ئوغلى، شادى خوجىنىڭ خەلىپە مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان سەييىد مۇھەممەت خوجا ئۆز ئۇستىگە ئالدى.
مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان قۇرامىغا يەتكەن ئوغلى ھىدايىتۇللا ئىشاننى رەسمىي يوسۇندا «ئافاق خوجا ئىشان» دېگەن نام بىلەن ئاتاپ، ئۇنىڭ قولىغا سۇلۇك پىرلىق ئىرشاتنامىسىنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن ئۇنى ئىشقىيەچىلەر مەزھىپىنىڭ كۈندىلىك سۇلۇك تەرغىبات ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى. ئۆزى بولسا، شادى خوجىنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى...

* * *

مىلادى 1646 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مۇھەممەت

wwww.bilnur.com

يۈسۈپ ئىشان يەكەن ئالتۇنلۇقۇمدا قارا تاغلىقلار مەزھەپپەدىكىلەرنىڭ خەلىپىسى سەييىد مۇھەممەت خوجا بىلەن كۆرۈشتى.

— ئى خەلىپەم، — دەپ سۆزىنى باشلىدى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان، — خوجىزادىلەر بىلەن مەخدۇمزادىلەر بىر ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىدۇرمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز بۇ ئەلدە ئىسلام تەرىقىتىنى جارى قىلدۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىسى قىلىشقانىدى. شۇنداق ئىكەن، بىزلەر ئاتا - بوۋىلىرىمىز باشلاپ بەرگەن بۇ ئۇلۇغ ئىشنى راۋاجلاندۇرمىقىمىز لازىمدۇر! ھەزرىتى ئىشان شادى خوجا ئەزىز جېنىنى ئەجەل ئىلمىكى بىلەن تەناۋۇل قىلىپ تەقدىر ئەزەلىنىڭ ھۆكۈمىگە ئىنقىياد ئەيلىدىلەر! «كۇللۇنەفسىن زائىقەتۇلمەۋت.» ① ئول مەرھۇمدىن بىزلەرگە ئىككى مەخدۇمزادە نۇمۇنە بولۇپ يادىكار قالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار تېخى نارەسىدەدۇر، جاھاننىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرگۈچىلىكى يوق! شۇڭا، بۇ ئېغىر دەقىقىلەردە مۇقەددەس سۇلۇكىمىزنىڭ پېشۋالىقى مەرھۇمنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى بولغان بىزلەرگە مەنسۇپ بولمىقى مۇقەررەردۇر!

— ھەيھات! ھەيھات! — دەپ تەئەددى قىلدى سەييىد مۇھەممەت خوجا دەرھال، — پىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى بولمىغان بىلەن روھى ھازىردۇر. نارەسىدە بولسىمۇ، ئىككى مەخدۇمزادىمىز باردۇر. ئەلھەمدۇلىللاھى، ئول مەخدۇمزادىلەرىمىزگە يار - يۆلەك بولغۇدەك بىزلەردەك قابىل خەلىپىلەر ھەم تۇرۇپتۇ. ئۆز مۇرشىدىمىزدىن يۈز ئۆرۈپ، يەنە بىر مۇرشىدقا يۈز كەلتۈرمەك بىزلەرگە جايىز ئەمەستۇر. قەسەمكى، مۇرەببىمىز خۇدا — رەسۇل، ئاندىن قالسا، مەخدۇمزادە - پىرىمىزدۇر!

① «ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر.» قۇرئان كەرىم، سۈرە ئەنبىيا. 35 - ئايەت، 325 - بەت.

wwww.bilnur.com

سەييىد مۇھەممەت خوجا سۆزنى تۈگەتتى — دە، پېشىنى قاقشىنچە مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ ئالدىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەسلىدە شادى خوجا ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن خوجا مۇھەممەت ئابدۇللا خوجا بىلەن خوجا ئەبەيدۇللا خوجا دەپ ئىككى مەخدۇمزادە قالغانىدى. ئۇلار تېخى كىچىك، بالاغەتكە يەتمىگەنىدى. مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان ئىسھاقىيە مەزھىپىگە تېخى پىر ئەزەم قويۇلمىغان، رەھبەرلىك مەركىزىدە بوشلۇق پەيدا بولغان مۇشۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ سەئىدىيە سەلتەنىتىدىكى تەسىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتىش ئۈچۈن، شادى خوجىغا تەزىيە بىلدۈرۈش نامى بىلەن يەكەنگە كەلگەنىدى. ئەمما، سەييىد مۇھەممەت خوجا بىلەن بولغان سۆھبەت نەتىجىسىز ئاياغلاشقانلىقتىن، ئاخىر خاننىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللاخان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى ۋە بۇ مەقسەتنى خانغا يەتكۈزدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇللاخان ئەكابىر ئەشرەب، ئەمىرۇل - ئۆمەرا، بەگ - بېگاتلىرىنى ئاقسارايدىكى شاھنىشىنغا جەمئىي قىلىپ، مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى، ئىككى مەخدۇمزادىسىنى بويىندا كۆتۈرۈپ سەييىد مۇھەممەت خوجا ئۇدۇل شاھنىشىنغا — خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى.

— يا پادىشاھى ئادالەتپاناھ، — دەپ ئەرز - شىكايەت قىلدى ئۇ زارلىنىپ تۇرۇپ، — دادكى، بىرونىڭ مال - مۈلكىنى بىرونىڭ تەسەررۇپ قىلمىقى شەرىئەت، ئەھكامىغا ۋە ئەدلۇ - ئادالەتكە راۋامىدۇر؟

— قانداق دەيدىلا، خەلىپەم؟— دەپ سورىدى ئابدۇللاخان تەئەججۈپ بىلەن.

— خان باشلىق جىمىكى ئۇلۇغلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پىرىمىزغا ئىناۋەت قىلىپ قول بېرىشكەن ئىدىلەر. ھالا بۇگۈن،

wwww.bilnur.com

پىرىمىز تەقدىر ئەزەلىنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇپ، ئەجەل شارابىنى ئىچىشكە مۇشەررەپ بولدى. ئەلھەمدۇلىللاھكى، نارەسىدە بولسىمۇ ئۇل مەخدۇمزادىلەرىمىز باردۇر. ۋەللەھەمكى، بىز كىم كامىل ۋە مۇكەممەل خەلىپىلەرى پىرىمىزنىڭ مۇقەددەس جايىنامازلىرىنى خالىي ۋە يالغۇز قىلماي، ئۇل زاتى مۇبارەكىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان مەخدۇمزادىلەرنىڭ كۆڭلىنى بېزەپ خۇشھال قىلىپ، پىرىمىزنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي تۇرۇپتىمىز. ئەلھال، بۇگۈن ئاڭلىدۇقكى، ئانھەزرىتىمىز مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئەزىزگە ئىرادەت قىلۇرمىش. ئەگەر ئانھەزرىتىمدىن رۇخسەت بولسا، شۇنى بىلگۈم كەلدىكى، ئۆز ئۇستازىدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا بىر ئۇستازغا ئىمان كەلتۇرمەكنىڭ ۋەج - سەۋەبى نېمەدۇر؟ مۇبادا، ئانھەزرىتىم بۇ ۋەج - سەۋەبنى ئىلاھى كارامەت بىلەن دەلىللەپ بېرەلىسىلە، بىز ئاندىن قايىل بولۇرمىز. ئەگەر زۇلۇم قىلۇرمەن دېسىلە، رۇخسەت بەرگەيلىكى، مەخدۇمزادىلىرىمىزنى ۋە پىرىمىزنىڭ مۇبارەك تەن - جەسەتلىرىنى ئېلىپ، بۇ ئەلدىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتكەيمىز!

سەيىد مۇھەممەت خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئابدۇللاخان بىر پەس دېلىغۇل بولۇپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى — دە:

— ئى خەلىپەم، تەخىر قىلغايسىز، بۇنىڭ جاۋابىنى ئۆزىمىز بەرگەيمىز! — دەپ ئۇنى پەسكويغا چۈشۇردى. ئاندىن مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانغا قاراپ:

— ھەزرىتىم، سىلىمۇ تەخىر قىلغايلا، — دېدى، — خۇدا خالىسا، تاڭلا ئەتە جاۋاب بىرۇرمىز. دەرۋىشلەرنىڭ ئىشىنى دەرۋىشلەر بىلۇر. چۇنكى، ھەر كىشى ئۆز ھۇنىرىدە كامىلدۇر! . . .

ئابدۇللاخان مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان بىلەن ھىدايىتۇللا

wwww.bilnur.com

ئىشان ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ۋەلىئەھد، قەشقەر نايىبى يولۋاسخاننى قولىغا ئېلىۋالغانلىقىدىن بەكمۇ نارازى ئىدى. شۇڭا، ئىشقىيەچىلەر مەزھىپىنىڭ سەردارى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىق قارارىغا كەلدى — دە، ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشۈش ۋاقتىنى چەكسىز كەينىگە سۈرۈۋەردى. . .

خاننىڭ ئۆزىنى قايتا قوبۇل قىلىش ۋاقتىنى كۈتۈپ، تاقىتى- تاق بولغان مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئاخىر كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرىنىڭ تامامەن سۇغا چىلاشقانلىقىنى چۈشەندى — دە، نائىلاج خەلىپە ـ سوپىلىرىنى باشلاپ قەشقەرگە قايتماقچى بولدى.

* * *

مىلادى 1646 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، سەيشەنبە. مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان ئابدۇللاخان ئۆزىگە ئىنئام قىلغان بەدەخشان ئارغىمىقىغا مىنىپ ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بارلىق يۈك ـ تاقلىرىنى ئىككى هارۋىغا بېسىپ ۋە بەش تۆگىگە ئارتىپ، مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يەكەن بىلەن غەمكىن خوشلاشتى ۋە كۈنچىقىش تەرەپتىكى مەسخىرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ جۆنەپ كەتتى.

سەييىد مۇھەممەت خوجا ھۆرمەت يۈزىسىدىن مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشاننى ئۆز سوپىلىرى بىلەن تاكى قىزىلغىچە[1] ئۇزۇتۇپ كەلدى. ئۇلارنى ھىممىتىنىڭ سېپىدىن چىقىرۋەتكەندىن كېيىن:

— بىز مەخدۇمزادە مۇھەممەت ئابدۇللا خوجىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆزىڭىز

① قىزىل — يېڭىسارنىڭ غەربىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

wwww.bilnur.com

كېتىۋېرىسىز! — دېدى — دە، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، سوپىلىرىنى باشلاپ ئارقىسىغا ياندى.

ئۇلار قارىماققا يەكەنگە قايتماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇلار سايدىن ئۆتكەندىن كېيىن يولنى ئوڭغا بۇراشتى — دە، سايىنىڭ نېرىقى چېتى بىلەن مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قوش گۇمبەزگە[1] يېتىپ كېلىشتى ۋە مازارنىڭ ئەسلىدىكى شەيخىنى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنى مازارغا شەيخ قىلىپ قويۇشقاندىن كېيىن قالغانلىرى سەييىد مۇھەممەت خوجىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوش گۇمبەز مازىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇشتى. . .

① يېڭىسارنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى.

wwwww.bilnur.com

## ئىككىنچى باب

# ئاداۋەت تىكىنى ئۈنگەن تۇپراق

ئەل ـ يۇرت بىزنىڭ، ئەل بىزنىڭ،
سوئال ـ سوراق، گەپ سىزنىڭ.
قارغىش قىپى سىزمۇ، بىز؟
سوراقى بار بۇ يۈزنىڭ! ①

— قارا قۇرۇم چوپانلىرىنىڭ تارىخىي قوشاقلىرىدىن

**مىلادى** 1660 ـ يىلى (چاشقان يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 11ـ كۈنى چارشەنبە.

قۇياش قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدە قىزىرىپ، ئولتۇراي دەپ قالغانىدى. ئۆستەڭ بويىدىكى قىرى سۆگەتلەر بېشىنى ئۆستەڭدىكى لايقىپ ئېقىۋاتقان ئاقسۇغا ئېگىپ تۇرۇشاتتى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا ئالتۇن نۇرلار چاقنايتتى. ئۆستەڭدە سۇ ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، سۇ كېچە ـ كۈندۈز ئۇزۇلمەي ئېقىپ تۇراتتى. ئۆستەڭنىڭ ئىچىنى قومۇش، يېكەن بېسىپ كەتكەنىدى. ئۆستەڭنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى

① يۇز — ئەل، يۇرت دېگەن مەنىدە.

wwww.bilnur.com

ئېتىزلىقلاردا ئۆسۈپ ئەمدىلەتىن قىلتىرىق چىقىرىشقان بۇغدايلار سارغىيىشقا باشلىغانىدى. يەرنىڭ قۇۋۋىتى ئاللىقاچان كەتكەنلىكتىن، بۇغدايلار پەس ئۆسۈشكەن ۋە سولىشىپ كەتكەن بولۇپ، يوپۇرماقلىرىنى چاڭ - توپا بېسىپ كەتكەنىدى. ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىدىكى سازلىقتا ئەمدىلەتىن باش چىقىرىشقان يېكەنلەرنىڭ ئارىسىدا سۇ قۇشلىرى ئۈزۈپ يۈرمەكتە ئىدى. سۇدا بېلىجانلار سۇ يۈزىنى هالقا قىلىشىپ پىلتىڭلىشىپ ئوينىشاتتى.

قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان يەكەن دەرياسى مەكىت تەۋەسىگە كەلگەندە شىمالغا بۇرۇلۇپ جەينەك چىقىرىپ ئاقاتتى. يەكەن دەرياسىنىڭ مۇشۇ جەينىكىگە شېھىتدۆڭ دېگەن بىر قەدىمكى يۇرت جايلاشقانىدى. بۇ يۇرت شۇ چاغلاردا بەش يۈز تۈتۈنلۈك كاتتا يۇرت هېسابلىناتتى. دەريانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە قالما، يېڭىئاۋات، بولۇڭ لاڭقا قاتارلىق يۇرت - ئايماقلار بار ئىدى.

شېھىتدۆڭ مەھەللىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئاھالىلەر سۈيىنى ئىچىدىغان بىر چوڭ كۆل بولۇپ، بۇ كۆل ياقىسىغا بىر خانىقا جايلاشقانىدى. هازىر خانىقادىن سوپىلارنىڭ جەررە سالغان ئاۋازلىرى كەلمەكتە ئىدى.

. . . . . .

يامەنهۇ - يائاللا،
ياهۇ - دوست يائاللا،
يامەنهۇ - يائاللا،
ياهۇ دوست يائاللا!
پانى دۇنيا دېگەنلەر،
تەقۋانى تەرك ئەتكەنلەر،
هەمدۇ - سانا دېمەستىن،
كەيپ - ساپا دېگەنلەر،

wwww.bilnur.com

گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامىتى مەدەتسىز!
يامەنھۇ ـ يائاللا،
ياھۇ ـ دوست يائاللا!
. . . . . . . . . .

خانىقانىڭ ئىچىدە ئەر ـ ئايال مۇرىتلار ئارىلاش ئولتۇرۇپ ھەلقە تۈزۈشكەنىدى. ئوتتۇرىدا پۈتىغا قوڭالتاق سەندەل كەش، ئۈستىگە سۇف كېپەن، بېشىغا كۇلاھۇ ـ سەللە كىيىشكەن بىر توپ خۇدايى قەلەندەر، ئاشىق دىۋانە، كۆكەمە سوپىلار رەققىسى ـ ساماغا چۈشۈشكەنىدى. ئۇلار ھەر قېتىم جەررە سېلىشىپ سەكرەشكەندە، ئەتراپىدىكىلەرمۇ «ھۇم، ئاللا ـ ھۇم!» دەپ جەررە سېلىشىپ، ئۇلارغا تەڭكەش بولۇشاتتى. خانىقانىڭ تۆر تەرىپىدە بىر چوڭ داشقازان ئېسىلغان بولۇپ، قازاندا لىق كۆك چاي پۇرقىراپ قايناۋاتقانىدى. بۇ چايغا بېشىغا كۇلاھ، ئۈستىگە جەندە، سەپەچتىن ئۇستۇاش، پۈتىغا قوڭالتاق سەندەل كەش كىيگەن قارا قاشلىق، ئاق يۈزلۈك كېلىشكەن، قەددى ـ قامەتلىك قىران بىر ئەر كىشى مۇئەككەل ئىدى. ئۇ غۇسۇل ـ تەرەتتىن كېيىن چۆمۈچنىڭ دەستىسىنى تۇتۇپ، خانىقاغا توپلانغان بۇ ئەر ـ ئايال مۇرىتلارغا«تەۋەرۇك كۆك چاي» دەپ ئاز ـ ئازدىن يېتىشتۇرۇپ بېرىۋاتقانىدى. ھېلىقى ئىخلاسمەن مۇرىتلار «تەۋەرۇك كۆك چاي» نى ناھايىتى تۆۋەن تەزىم بىلەن، ھەتتا رۇكۇغا ئېگىلگەندەك ئېگىلىپ تۇرۇپ تەۋەززۇلۇق بىلەن قوللىرىغا ئېلىشىپ ئىچىشەتتى ھەمدە تاق ھالقىلىق، جۈپ چەمبەرلىك تۆمۈر ساپايە بىلەن تەڭكەش قىلىپ چېلىنغان «ھۇزۇرۇم» دېگەن نەغمە ـ مۇقامغا كەلتۇرۇپ، ئەبگا ئەر ـ خوتۇن، بەڭگى دىۋانە، مەينەت ئاشىق، ئۇششۇق سوپىلار رەققىسى ـ ساماغا چۈشۈپ شاۋقۇن ـ سۈرەن قىلىشاتتى:

wwww.bilnur.com

يامەنھۇ - يائاللا،
ياھۇ - دوست يائاللا،
قادىر ئىگەم قادىرسەن،
مۇشكۇل ئىشقا ھازىرسەن،
مەن - مەن دېگەن يارلارنى،
يەر قوينىغا ئالدىڭسەن!
يامەنھۇ - يائاللا،
ياھۇ - دوست يائاللا!
. . . . . . . . .

ئۇلار مۇشۇنداق بەزىدە يىقىلىپ، بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، بەزىدە شا بولۇشۇپ، ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىرىشىپ، بەھۇزۇر ھالىتىگە كېلىشتى.

بۇ چاغدا بىر سوپى پەتنۇستا ئىچكىرىكى خانىدىن خوجام ھەققى دەپ بىر چوڭ نان، خۇدا ھەققى دەپ ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بىر نان ۋە پەيغەمبەر ھەققى دەپ ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك بىر ناننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھېلىقى مۇئەككەل كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ نانلار سىڭىپ ئوبدان پىشقان بولۇپ، يۈزى سۇ يېغىدا ياغلانغان، ئۈستىگە قادالغان نۆكچە شاملارنىڭ ھەممىسى ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى.

ھېلىقى مۇئەككەل كىشى نانلارغا قاراپ دۇرۇت ئوقۇپ ھۆرۈگەندىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە مەسىلە - مەرۇپ قىلدى:

— ئاللا خاسلىقى خوجىلارغا خاستۇر، — دېدى ئۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ، — خوجا دېمەك — پىر دېمەك، مۇرىت دېمەك — ئۇممەت دېمەكتۇر. ئاللا بىلەن خوجا ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئادەم زىنھار بولماس. ئاللادىن مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، بىزگىمۇ شۇنداق

wwww.bilnur.com

ۋەھىي كەلگەندۇر! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدا خۇدا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا، بىزنىڭ روھىمىزمۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ئاللانىڭ سۆزىنى ئىشىتكەن... پەيغەمبەرنىڭ مەرتىۋە ـ ئىقباللىرى ۋە ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋە ـ ئىقباللىرى باراۋەردۇر! شۇڭا، پىرنى ئىنكار قىلغۇچىلار، پىرغا ئەگەشمىگۈچىلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر![1]...

يامەنهۇ ـ يائاللا،
ياھۇ ـ دوست يائاللا.
قادىر ئىگەم قادىرسەن،
مۇشكۇل ئىشقا ھازىرسەن.
يامەنهۇ ـ يائاللا،
ياھۇ ـ دوست يائاللا!
... ... ...

— بەرھەق! — دەپ دوست تارتتى خوجا مەسئۇلى ئابدۇلرازاق قازى، — ھەزرىتى سەئىددىل ئەزەم ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ئىشانىمىز ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەندىلەرگە پىر ـ نىجاتكار بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيادۇر![2]

بۇ بىر توپ مەست ـ بىخۇد ئەر ـ ئايال مۇرىتلارغا مەسلەمەرۇپ قىلىنىۋاتقان بۇ كىشى — مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشاننىڭ ئوغلى، ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پىرى ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجا ئىدى. ئۇ مەكتىنىڭ شىپىتدۆڭ دىگەن يېرىگە سۈلۈك تەرغىباتى قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىن كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغانىدى.

ئاپاق خوجا ئالدىدىكى پەتنۇستا تۇرغان چوڭ ـ كىچىك ئۈچ

---

① «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.
② «تەزكىرەئى پىرىياران».

wwww.bilnur.com

دانە خۇدايى نانىنى تەكشى قىلىپ ئۇشتۇپ چىققاندىن كېيىن:
— ئۇل تەۋەرۇك ناندىن بىر بۇردا ئېلىپ يېگۈچىلەر ئېغىر گۇناھ سادىر قىلغان بولسىمۇ، گۇناھلىرى ساقىت بولۇر، — دېيىشكە، ئابدۇلرازاق قازى يەنە دوست تارتتى:
— بەرھەق، ھەزرىتى ئاپاق خوجىنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، ئۇل ھەزرەتنىڭ مۇبارەك قولىدىن تەۋەرۇك ناندىن بىر بۇردا ئېلىپ يېگۈچىلەر، ئۇل پىرنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ مۇرىت - مۇخلىس بولغۇچىلارنىڭ ھەرقانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، ئاللا ئۇنداقلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلۇر، ئۇل ھەزرىتى پىر ھەزرىتى پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاشتۇر! بىر كىشى ئاللاغا ئىمان كەلتۇرۇپ، پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۇرۇپ، دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىنى ئورۇندىغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ھەزرىتى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، سەئىددىل ئەزەم ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجامدىن دۇئا ئېلىپ، قول بەرمەيدىكەن، ئىشەنمەيدىكەن، گۇناھكار بولىدۇ. قىلغان تائەت - ئىبادەتلىرى مەقبۇل بولمايدۇ[1]!

بۇ چاغدا ئاشىق سوپىلارنىڭ جەررىلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلدى:

يائاللا دوست - يائاللا،
ھەق دوست - يائاللا،
ھەمدۇ - سانا دېمەستىن،
كەيپ - ساپا دېگەنلەر،
گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامەتنى مەدەتسىز،
يامەنھۇ - يائاللا،

---

[1] «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

ياھۇ ـ دوست يائاللا.

. . .   . . .   . . .

— مۇرىتلىق پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان بۇ دۇنيادىن ۋە بارلىق مەئىشى ـ مەنپەئەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۆي تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرىدىغان خىسلەتلەرنى ھازىر قىلغان بەندىلەرگە خاستۇر. سۇلۇك تەرىقىتى دېگەن نىمە؟ سۇلۇك تەرىقىتى دېگەنلىك پۇل تاپمەن، تىجارەت قىلىمەن، ھۈنەر ـ كەسىپ قىلىمەن دېمەسلىكتۇر. خۇدا بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈش، بۈگۈن بۇنى يېدىم، ئەتە ئۇنى يەيمەن، دېمەسلىكتۇر. مانا بۇ سۇلۇكىمىزنىڭ تەرىقىتىدۇر![1]. . .

يامەنھۇ ـ يائاللا،
ھەق دوست يائاللا،
دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر،
جاھان مالىن ئالغانلار،
ئاچكۆز قۇشتەك بولۇبان،
ئۇل ھارامغا پاتقانلار،
يائاللا دوست ـ يائاللا،
ھەق دوست ـ يائاللا،

. . .   . . .   . . .

— ئى ھەزرىتى سەئىددىل ئەزەم ئىشان پىرىم، — دەپ لوقما تاشلىدى ئابدۇلرازاق قازى، — قانداق قىلغاندا تەرىقەتى سۇلۇكنى تەۋرەتكىلى بولۇر؟

[1] «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

— مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن «ئىسلام نىمەدۇر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئىسلام دىگەن ئاللاغا شەك كەلتۇرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز زاكاتلارنى بىرىش، رامزان روزىسىنى تۇتۇش» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن. ئەلھال، بىز سۇلۇكنى تەۋرىتىشكە ئۇنداق ئاددىيلا جاۋاب بەرسەك، تولۇق بولمايدۇ! — دىدى ئاپاق خوجا.

ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجا ئۇستا ناتىق ئىدى. ئۇ مەسىلە ـ مەرۇپ قىلغاندا، مۇخلىسلىرى چۈشەنمەيدىغان ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى ھەرگىز قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىدە ئالدىرىماي ـ تىنىمەي، مىغىزلىق قىلىپ سۆزلەيدىغان ئادەتنى يىتىلدۇرگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا ئەقىللىق، زىرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاندىن تاجىك، پارس، ئەرەب تىللىرىنى پۇختا، مۇكەممەل ئۆگىنىپ، فىقھە ـ تەرىقەت، ئەھكامى شەرىئەت، ئىلمى تەبىئەت بىلىملىرىنى ئەتراپلىق ۋە پۇختا ئىگىلىگەنىدى. ئۇ دادىسى بىلەن قۇمۇلدىن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كىيىن خىلى بىر مەزگىل ۋە دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كىيىنكى خىلى ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە، قەشقەر، سىرىققۇل①، يەكەن، مەكىت قاتارلىق جايلاردا مەدرىسە، خانىقا، مازار بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، مۇتالىئە قىلىش ۋە تىل سەنئىتىنى ئىگىلەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇيغۇر، تاجىك، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا ئوخشاش يازالايدىغان، مەسىلە ـ مەرۇپ قىلالايدىغان مۇرەتتىب بىلىم ئىگىسى بولۇپ يىتىشىپ چىققانىدى. ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ قۇمۇل، تۇرپان، چالىش، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچ②، يەكەن، قاغىلىق، يېڭىسار، سىرىققۇل، ئىلبالىق قاتارلىق ئۆلكىلىرىنى ۋە

① سىرىققۇل — ھازىرقى تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تارىختىكىناملىرىنىڭ بىرى.

② ئۇچ — ھازىرقى ئۇچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ تارىختىكى نامى. ئۇچ ئەسلىدە بىر خىل ئارچىنىڭ نامى ئىدى.

wwww.bilnur.com

پەرغانىدىكى ئەنجان، سەمەرقەند، نەمەنگان، قوقان ۋە بۇخارا قاتارلىق جايلارنى كېزىپ سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئاخىر ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ سۇلۇك تورلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ تەسەۋۋۇپچىلىقتا ئۆزىنىڭ يۇكسەك تالانتىنى نامايەندە قىلىپ، 1653 ـ يىلى، يىگىرمە توققۇز يېشىدا ئىشانلىق ئىرشاتنامىسى بىلەن پۇتۇن ئىشقىيە سۇلۇكىگە پىر ئەزەم بولدى.

ئاپاق خوجىنىڭ زېھنى بەكمۇ كۈچلۈك بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا بىر ئاڭلىغىنىنى جەزمەن ئېسىدە تۇتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەنىدى. ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشنى ھەرگىز جاپا دەپ بىلمەيتتى. ئۇ قىرىق كۈنلەپ ئېتىكاپلاردا ئولتۇرۇپ، كۆپ مەنىسۋى مەقسەتلەرنى ھاسىل قىلغانىدى. ئۇيغۇر، پارسىي، ئەرەبىي تىللىرىدا مەنىۋى خاراباتىدىن راۋان مەسىلە ـ مەرۇپ قىلالايتتى. ئۇ شۇنداق شېرىن زۇۋان ئىدىكى، قۇرئان كەرىمدىن قىرائەت قىلسا، مەنىۋى شېرىنتىن مەسىلە ـ مەرۇپ قىلسا، مۇرشىد ـ مۇخلىسلار ئىختىيارسىز يىغلىشىپ كېتەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى مەللە يەكتەكلىرىنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىپ تاشلار ئىدى...

*　　　*　　　*

ئۇ مەسىلە ـ مەرۇپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىزنىڭ تەرىقەتتى سۇلۇك ئىمارىتىمىز مۇنداق ئالتە تۈركۈمدىكى بەش تۈۋرۈك ئۇستىگە قۇرۇلغاندۇر. مۇبادا، بۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرى كەم بولسا، تەرىقەتى سۇلۇك ئىمارىتىمىز غۇلاپ چۈشكۈسىدۇر. بۇ ئالتە تۈركۈمدىكى تۈۋرۈكلەر قايسىدۇر؟ تۇنجى تۈركۈمدىكى تۈۋرۈك: «بەش لىباس»

wwww.bilnur.com

دېيىلىپتۇ. بۇ بەش لىباس قايسىدۇر؟ ئۇلار: كۇلاھ، جەندە، سەپەچ[1]، سەندەل[2]، سۇف كېپەندۇر[3]؛ ئۇنىڭدىن قالمىش يەنە بەش تەۋەرۇك بار. بۇ بەش تەۋەرۇك: تاق جەھەر جۇپ چەمبەرلىك تۇمۇر ساپايە، پۇتاقلىق سوتا، تاق سوپىلىق تەسۋى، تىكىشسىز داخىل كولبا، يەنج ۋە بەل كارمان[4]؛ يەنە بەش جەھەتتىكى ئىمان پاكلىقىمۇ بار. ئۇلار: ئىمتىياز، مەرتىۋە، رۇتبە، مال ـ مۇلۇك، نەپسى ھەۋەس[5] ۋە بايلىق ۋەسۋەسىسىدىن خالىي بولماقتۇر؛ مۇرىت بولماقنى نىيەت ئەيلىگەنلەر چوقۇم مۇنداق بەش جەھەتتىكى شەرتنى ھازىرلىغاندىلا، ئاندىن تەرىقەتتى سۇلۇكىمىزگە كىرەلەيدۇ. بۇ بەش شەرت ماۋۇلار: ھەممىدە پىردىن ئايرىلماسلىق، جىسىم ـ ۋۇجۇدىنى پىردىن ئايىماسلىق، ھەممىنى پىردىن يوشۇرماسلىق، ھەممىنى پىرغا تەڭ قىلماسلىق، ھەممىنى پىردىن خار ـ زار بىلىش؛ سۇلۇكىمىز مۇنداق بەش جايىنى ئىددىق ـ مۇقەددەس دەپ تونۇيدۇ. بۇ بەش ئىددىق ـ مۇقەددەس جاي: قۇتبىخانا[6]، خانىقا، مازار، قەدەم جاي[7]، تۇنەكخانىدۇر؛ مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىمىز بۇنداق بەش ئىشنى ئىرادەت قىلماقلىرى ۋاجىپ. بۇ بەش ئىرادەت: رىزىق غايىب، سەپەر غايىب (ئۆلۈممۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، نىكاھ غايىب، تەقدىر غايىب ۋە گۇناھى ـ كەبىر، ئىزگۇ ـ ساۋاپ غايىبتۇر!

بۇ چاغدا خاس مۇرىتلارنىڭ جەررىشى ئەۋجىگە چىقتى:

يائاللا دوست يائاللا،

---

① سەپەچ — ئىشانلىق سەللىسى.
② سەندەل — قوڭالتاق كىش.
③ سۇف كېپەن — ئاق خامدىن كېپەنگە ئوخشاش تەييارلانغان ياقىسىز ئۇزۇن خالتا كۆڭلەك ۋە قوراق مەللە تون.
④ بەل كارمان — قاپچۇق، تىلەمچىلىك كاشكۇلى.
⑤ نەپسى ھەۋەس — ئەھلى ئايال، پەرزەنت، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان مېھرى.
⑥ قۇتبىخانا — پىر ـ ئىشانلارنىڭ خاس خانىلىرى، مەھكىمىسى.
⑦ قەدىم جاي — مۇقەددەس تاۋاپگاھلار.

wwww.bilnur.com

هەق دوست يائاللا،
ھەمدۇ ـ سانا دېمەستىن،
كەيپ ـ ساپا دېگەنلەر،
گۇناھلىرى ھېسابسىز،
قىيامەتتى مەدەتسىز!

يائاللا دوست، يائاللا،
ھەق دوست، يائاللا.
... ... ...

* * *

ئاپاق خوجا ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ سەردارى دەپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئۆزىنىڭ مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرى، خاس سوپىلىرى ئارقىلىق ئۆز ئەتراپىغا ئادەم يىغىش، ماددىي، مەنىۋى جەھەتتە كۈچ توپلاش، ئىناۋەت تېپىشقا كىرىشتى. ئۇ سوپى ـ ئىشانلىرى ئارقىلىق پۈتۈن سەئىدىيە جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ پىرلىق خاسىيەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە غالجىرلارچە تەشۋىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

سەئىدىيە خەلقى ئەھلى مۇسۇلمانچىلىقى كۈچلۈك ۋە ئۇلۇغ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى چىڭ تۇتىدىغان خەلق ئىدى. مۇلكىي قەشقەرىيە ئىسلاملاشقان مىڭ يىلدىن بېرى، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ئىسىل ئەخلاق ـ ئەردەملىرى ۋە دىن ۋاجىباتلىرى ئۇلارنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىدە ئومۇملاشقانىدى. سەئىدىيە خەلقى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مۇئامىلات، مۇلازىمەت قۇرۇلمىلىرى، ئەسلىھەلەر، مۇلۈك ۋە بىساتلىرىنى تەييارلاش، ئۇنى ئىشلىتىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش

wwww.bilnur.com

ۋە ئۇنى ئاسراشتا ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق ماددىي، مەنىۋى ئىرىم- قىلىقلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس تۇرمۇش ئادىتىگە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇلار قۇرئان كەرىمدە تەرغىب قىلىنغان: «مۇسۇلمانلار تائەت - ئىبادەت تۇرمۇشىدا جىمىكى تائەت - ئىبادەتلىرىنىڭ ماددىي، مەنىۋى سەرپىياتلىرىنى، قىلىقلىرىنى، ئورۇنلىرىنى، بىسات - مۈلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىش (تەتبىقلاش، ئىختىرا قىلىش، پايدىلىنىش)تا، ئۇمۇمەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان قىلىق، ئورۇندىغان ئىش، سۆزلىگەن سۆز، قويغان تەلەپ ۋە لەۋز - بىشارەتلەر دائىرىسىدىلا ئەجىر قىلىشى ۋە قوبۇل قىلىشى لازىم ۋە زۆرۈردۇر...» دېگەن ئالىي ئەھكامغا كەمكۈتىسىز ئەمەل - تائەت قىلىپ كەلگەنىدى.

بىراق، سەئىدىيە خەلقى ئارىسىدا دەستەكسىز دۇئا بىلەن پەيدا بولغان، دەستەكسىز دۇئا بىلەن تونۇلغان بۇ بەتنىيەت، كاززاپ قەشقەر خوجىلىرى سەئىدىيە خەلقىنىڭ دىنىي ئىسلامغا بولغان چىن، سەمىمىي ئېتىقادىنى پايىمال قىلىپ، سەئىدىيە خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ كۆلاھۇ - جەندىلىرى ئاستىغا يوشۇرۇشقان شۇم نىيەت، يامان غەرەزلىرى ئۈچۈن كەتمەن چاپىدىغان ياۋاش، مۆمىن ۋە بويسۇنغۇچىلار توپىغا ئايلاندۇرۇپ، مىللىي خورلۇق، مىللىي چۈشكۈنلۈك ۋە مىللىي زاۋاللىق گىردابىغا ئىتتىرىش ئۈچۈن، بەتبەختلىكنى، تەپرىقاتچىلىقنى، ۋەيرانچىلىقنى، نادانلىقنى، جىنايەتنى ۋە نەسلىكنى ئاڭلىق يوسۇندا تەدرىجىي سىڭدۈرۈشتى.

ئاپاق خوجا شۇ مەقسەت بىلەن ئۆزىنىڭ مۇرىتلىرىنى خاس مۇرىت ۋە ۋاستىلىك مۇرىت دەپ ئىككىگە ئايرىدى. خاس مۇرىت ئاپاق خوجا بىۋاستە ئۆز قولى بىلەن قوبۇل قىلغان مۇرشىد - مۇخلىسلار بولۇپ، بۇلاردىن پۈتۈن مۈلكىي قەشقەرىيىدە بىر خىل سۈيىقەستچىلەر تۈسىگە ئىگە ئۆكتەم

wwww.bilnur.com

سوپىلارنىڭ جەڭگىۋار سىپى شەكىللەندى. خاس مۇرىتلار كېيىنكى چاغلاردا بولسا، ئاپاق خوجىنىڭ سەئىدىيەلەر قولىدىن دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ۋە ئۆزىنىڭ سىياسىي رەقىبلىرىنى جىسمانىي جەھەتتە يوقىتىشىدىكى ئىشەنچلىك، يارامىلىق قولچوماقلىرىدىن بولۇپ قالدى.

سەئىدىيە دۆلىتى سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ۋە سۇلتان ئىسمايىل خاننىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قەشقەرلىق خوجىلارنىڭ مەزھەپ تەپرىقاتچىلىقىنىڭ ئەجەللىك زەربىسىگە ئۇچراپ، پارچىلىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئېلىپ بارغان يىگىرمە نەچچە يىللىق سۇلۇك تەرغىباتى ۋە سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرى ھېسابىغا قولغا كەلتۈرۈۋالغان ئىجتىمائىي ئورنىغا تايىنىپ، سۇلتان ئابدۇللا خاندىن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تەختتە ئولتۇرغان سۇلتان ئىسمايىل خاندىن ئۆزىنىڭ بارلىق خاس ۋە ۋاستىلىك مۇرىتلىرىغا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىمتىيازلار: ئىشقىيە مەزھىپىدىكى مۇرىتلاردىن ئالۋان - سېلىق ئالماسلىق، ئۇلارنى يۇرتدارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشكە قىستىماسلىق، ئۇلاردىن ھاشار، لەشكەر، مەدىكار، كارۋان تۇتماسلىق، ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تەقىپ قىلماسلىق، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرغىبات - تەشۋىقاتلىرىغا دەخلى - تەرۇز بولىدىغان بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەرنى سەلتەنەت سۇرى بىلەن چەكلەپ تۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

سۇلتان ئابدۇللا خان ۋە سۇلتان ئىسمايىل خانلار سەئىدىيە دۆلىتىنى ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان ھالاكەتلىك پارچىلىنىش تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى دىنىي مەزھەپلەر ئاداۋىتىنى باشقا ئەللەردىكى ھۆكۈمدارلاردەك قىلىچ - سىياسەت يولى بىلەن ھەل قىلمىدى. ئۇلار بەلكىم «قۇرتنىڭ داۋاسى قايناق سۇ» دېگەن قەدىمكى ئاددىي ھەقىقەتنى

wwww.bilnur.com

ئېسىگە زادىلا كەلتۈرمىگەن بولسا كېرەك؛ ئۇلار دۆلەتنى بالاغا ئىتتىرىۋاتقان بۇ ئاقتاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ماجىراسىنى مادارا يولى بىلەن ھەل قىلىش، ئىشان ـ سوپىلار گۇرۇھلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ، دەھرىي ھاكىمىيەتنىڭ قۇدرىتىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئاپاق خوجا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ئىمتىيازلارغا قىسمەن ھاللاردا سۈكۈت قىلىشتى. ئەمما، بۇ «ئۇسسۇزلۇقنى ئوغا بىلەن قاندۇرغان» دەك بىر ئىش ئىدى. سەئىدىيە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ بۇنداق لىكتاسىملىقى، بىقارارلىقى ئاخىر سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بېشىغا ھالاكەتلىك زور بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ بەردى!

سۇلتان ئابدۇللا خان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن سەئىدىيە خانلىقىدا سەلتەنەت سۈرگەن سۇلتان ئىسمايىل خان ئاپاق خوجا بىلەن نەچچە ـ نەچچە رەت مۇرەسسە ـ مادارا خاراكتېرلىك سۆھبەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ، خانلىقنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇقىملىقى، ھاكىمىيەت، مالىيە، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت، خارجى ئىشلىرى، ئەمنىيەت قاتارلىق ئورۇنلىرىغا، ئۇلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە، ئەلنىڭ ئامانلىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئۇنىڭ سەئىدىيە دۆلىتىدە خۇدايى ئىشانلىق قىلىشىغا رۇخسەت بەردى. بىراق، «دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال ئۇنى جىم تۇرغۇزماپتۇ» دېگەندەك، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئەل ئامان، خانلىق باياشات، پۇقرا پاراۋان، كەيپىيات شاد ـ خۇرام، دىن ئەھلى ساپ بولغان ئەۋزەل مۇھىتىدا ئاپاق خوجىنى ئۆزلىرىگە پىر قىلغان بۇ رىياكار سوپى ـ ئىشانلار خانلىقنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزلىرىدىن ئېلىنىدىغان ئالۋان ـ ياساقنىڭ خۇدا يولىدا كەچۈرۈم قىلىنىشى بىلەن تەڭلا، سەئىدىيە سەلتەنىتىگە خۇددى شېكەستىلەنگەن شىرىنىڭ بەدىنىگە ئولاشقان چۇمۇلىلەردەك ئولىشىپ كېلىپ، پۈتۈن سۈرۈك سەئىدىيە دۆلىتىنى پاتلا

wwww.bilnur.com

ھۆتمۇ- تۆشۈك قىلىپ تاشلاشتى.

«ئۇلۇغ سەردار — ھەزرىتى ئىسمايىل خان بىننى ئابدۇرەھىم خان سەئىد خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشانغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىنىڭ زىيادىلىكىدىن، ھىدايىتۇللا ھەزرەتكە خېلى بىر مەھەل ھۆرمەت بەيئىتىدە مۇئامىلە تۇتۇپ كەلگەندۇر... خاسىيەتلىك ئۇلۇغزادىلەردىن ھەزرىتى ھۇسەيىن بىننى شاھابىددىن[①] ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئاپاق خوجا ئىسمايىل خاندىن ئۇ زاتنىڭ ئاخىرەتلىكى بەدىلىگە مىڭ قۇچاق ئاقلىق[②] تەييار قىلماقنى ئۆتۈندىلەر. ئىسمايىل خان بەجا كەلتۈردىلەر. ئاپاق خوجا ناماز چۈشۈرۈپ، دۇئا ياندۇرۇپ بولغاندىن سوڭ، مەزكۇر ئاقلىقلارنى ئۆز مۇرىتلىرىغا مۇت كېپەن قىلىپ بۆلۈپ بەردىلەر... شۇ مۇسبەت مەۋسۇمىدىن ئېتىبارەن، خوجام مۇرىتلىرىنىڭ ھەر ئىككىلا ئالەملىك تەۋەرۈك بەلگە- نىشانلىرى: خەيرلىك ئاقلىقلاردىن لىباسلار، گەزكۆلاھلار، داخىل كولبالار، بەلۋاغلار، تاناب ۋە باغلاقلار، ئاق ئاتەش[③]، ئاق ساپلىق ساپايىلەر ھەم ئاق تۇغ- شەددىلەرگە تەيىن تاپىدىغان قائىدىلەر رەسىم بولدىلەر... شۇنداق قىلىپ، خان مۇلازىملىرى ئاق سەپەچ كۆلاھلىق، ئاق پەرەنجىلىك، ئاق يەنجىلىك، ئاق ئۇلاغلىق خوجام مۇرىتلىرى- دىۋانە خانلار ياكى ساھىل ئاشىقلارغا يول بېرىدىغان رىئايە قىلىقلار ئادەتكە قائىدە بولدىلەر...»[④] بۇ ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ رەسمىي يوسۇندا «ئاق تاقىيەلىكلەر» دەپ ئاتىلىشىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. «ئاق تاقىيە» دېگەن سۆز كېيىنكى چاغلاردا يەنە «ئاق

---

① ھۇسەيىن بىننى شاھابىددىن- ئىسمايىل خاننىڭ قېيىنئاتىسى ئىدى.
② ئاقلىق — ئاق چوتا، ئاق خەسە، ئاق خام، ئاق چەكمەن، ئاق جايناماز قاتارلىق ئاق نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.
③ ئاق ئاتەش — خاس ئۇن، سۇ، تۇزدىن تەييارلانغان ئاق ئاتلا، ئاق تالقان، ئاق نان ۋە ئاق كۆمەچ- قوماچلار.
④ «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»، قولىيازما. بۇ ئەسەرنى 19- ئەسىردە بۇگۈرىيېكسساردا ئۆتكەن تارىخچى موللا غۇلامىددىن يازغان.

wwww.bilnur.com

تاغ» دەپ ئۆزگىرىپ، «ئاقتاغلىقلار» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە، ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ خاس مۇرىتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، مۈلكىي قەشقەرىيىنىڭ خوتەن ئۆلكىسىدىن قۇمۇل دىيارىغىچە، كەشمىردىن پەرغانىغىچە بولغان پۈتۈن سەئىدىيە زېمىنىدا ئۆزىگە مۇرىت ئېلىپ سەپ كېڭەيتىش، ئىشقىيە تەرىقىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى غالجىرلارچە ئېلىپ باردى. پۈتۈن دۆلەت مىقياسىدا «مۇرىدىل ھىدايەتچىلەر»نىڭ سانى بىراقلا ئاتمىش مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئەلۋەتتە، بۇ «مۇرىدىل ھىدايەتچىلەر»نىڭ ئارىسىدا سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىدىن قاچقان ۋەتەنسىزلەر، بەتنىيەتلەر، دەللە - دەللۇلە، تەبرە غەلۇلە، ئەگىر پېشانە، چاھارپاي كاشانە، مەككار ئەييارە، جادىگەر - ھارامزادە، ئاپقۇت ئېغىز، دۇبلە قوۋۇز، ئېزىتقۇ قورچاق، ئالۋاستى قورساق، لاتا كىزىك، ھىيلىگەر - داغمۇلەلەر، ئەل بەختىنىڭ كۈشەندىلىكىنى كەسىپ قىلغان دىنىي، سىياسىي زىيانكەشلەر، چېقىمچىلار، سۇخەنچىلەر، تىرىكتاپ كۆكەمىلەر، ئۆكتەم - ئۇششۇقلار ۋە ناتوغرا جاھانكەچتىلىك يولىنى تۇتقان تېجىمەل سەرگەردانلار، بەڭگى - قىمارۋاز، ئوغرى - يانچۇقچىلار، قاتىل ئالچاقلار، ئىغۋاگەرلىكى بىلەن سەلتەنەت جازاسىغا، شەرىئەت تەنبىھسىگە دۇچار بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئازازۇل يۇرت بۇزۇقلىرىمۇ بار ئىدى.

«مۇسۇلمانچىلىق دىيانەتلىرى سۇس، ئىمانى نادۇرۇس، نام - نەسەب شەرىپىدىن مەھرۇم، خانلىق غەزىپىگە مەھكۇم، ھارامغا خۇمارى كۈچلۈك، ئەل بەختىگە زامىن ۋە زىيانداش بولۇشتىن نومۇس قىلمايدىغان خۇمسىلار، جىنايىتى ۋە گۇناھى قاتتىقلىقىدىن توۋىسى مەڭگۈ مەقبۇل بولمايدىغانلار ياكى ئەۋلادلار مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغانلار خانلىق ھوزۇرىدىكى پۇقرادارچىلىق يولىدىن چىقىپ ئاپاق ھەزرەت يولىغا كىرىپ،

wwww.bilnur.com

ئاق پۆپۈكلۈك كۈلاھ، ئاق گىرۋەكلىك جەندە، ئاق ساپلىق ساپايە، ئاق يەنجىلەرنى بەلگە - ئىشارە قىلىپ، ئىشقىيە بەندىچىلىكىدە بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا خانلىق غەزىپىدىن پاناھ تاپقان ئىدىلەر...»①

دېمەك، ئاپاق خوجا سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئىچكى - تاشقى سىياسىي ۋەزىيىتىدە پەيدا بولغان ئاشۇنداق ئەلبىي بوشلۇقتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، «سەئىددىل - ئەزەم پىر»لىق نامى بىلەن سەئىدىيە ھاكىمىيىتىدىن مۇئەييەن سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىمتىيازلارنى تارتىۋالدى. بۇ سەئىدىيە دۆلىتى تەرىپىدىن ئاپاق خوجىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدە باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا يارىتىپ بېرىلگەن ھالاكەتلىك تۆرەلمە پۇرسەت، ئاتا - بوۋىلار سادىر قىلغان ئېچىنىشلىق سەۋەنلىكلەرنىڭ باشلىنىش قەدىمى ئىدى! بۇ خۇددى «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن كىتابتىكى ئاز ئەجىر ھېسابىغا ناھايىتى كۆپ دۆلەتكە ئېرىشكەن سەييادنىڭ ھېكايىسىدە سۆزلەنگەندەك كۈلكىلىك بىر ئىش ئىدى.

بۇ ھېكايىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«... ئوۋ ئوۋلاش بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان بىر كەمبەغەل سەيياد بار ئىكەن. ئۇ ئۆز كەسپىگە شۇنداق كامىل ئىكەنكى، توزاق قۇرۇپ ۋە تور تاشلاپ يا ھاۋادىكى قۇشلارغا تىنچ - ئامانلىق، يا دەريادىكى بېلىقلارغا كۈن بەرمەيدىكەن.

ئۇ بىر كۈنى توزاق قۇرۇپ، مىڭبىر ھىيلىلەر بىلەن ئۈچ قۇشنى توزاق تەرەپكە ئۇچۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇپتۇ. ئۆزى بولسا دالىدا يوشۇرۇنۇپ، قۇشلارنىڭ توزاقتا چۈشۈشىگە تەقەززا بولۇپ ئولتۇرسا، بىر تەرەپتىن قاتتىق ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ. ‹ئاپلا! بۇ ئاۋازدىن قۇشلار ئۈركۈپ كېتىپ،

① موللا غۇلامىددىن: «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» (قولىيازما).

wwww.bilnur.com

قېچىپ كەتمىگىيدى ئەمدى! ، دەپ ئەنسىرىگەن ئۇۋچى ئۇلتۇرغان يېرىدىن قوپۇپ قارىسا، ئىككى تالىپ مولللىق ھەققىدە سۆز تالىشىپ، بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقانىكەن. ئۇۋچى ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ يالۋۇرۇپتۇ:

— ئاۋازلىرىنى پەسرەك قىلىشسىلا مولللىرىم، بىكار قۇشلار ئۈركۈپ كېتىپ، قىلغان ئەجرىم زايا كەتمىسۇن!

— قۇشنى تۇتقان ۋاقتىڭدا، بىرىمىزگە بىردىن بەرسەڭ، غوۋغا قىلىشمايمىز، — دېيىشىپتۇ تالىپلار.

— ھەي ئەزىزلەر، — دەپتۇ ئۇۋچى، — مەن بالا - چاقىلىق كەمبەغەل بىر سەييادمەن، خوتۇن، بالا - چاقامنىڭ يېمەك - ئىچمىكى مۇشۇ مەن قىلىۋاتقان ئۇۋغا قاراشلىق، ئەگەر سىلەر ئىككىسىنى ئېلىۋالساڭلار، قالغان بىرى بىلەن بالا - چاقىلىرىمنى قانداق باقىمەن؟

— سەن دېگەن سەيياد، — دەپتۇ ئۇلار، — ھەر كۈنى شىكار قىلىپ تۇرىسەن، ھەر خىل قۇش - جانىۋارلارنى قولۇڭغا چۈشۈرىسەن. بىز بولساق ئۆمرىمىزدە شىكار دېگەننى كۆرۈپ باققىنىمىز مۇشۇ. شۇڭا، ھەرگىز بۇ غەنىيمەتنى قولدىن بەرمەيمىز. ئەگەر بېرىشكە ۋەدە قىلمىساڭ، غوۋغا باشلايمىز، قۇشلىرىڭمۇ ئۇچۇپ كېتىدۇ.

ئۇۋچى چارە تاپالماي، ئۇلارنىڭ شەرتىنى قوبۇل قىلىپتۇ. لېكىن، قۇشلار تۇزاققا چۈشكەندىن كېيىن بەرگۈسى كەلمەي سەرگەشتىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ:

— قۇشنى مېنىڭدىن ئېلىۋېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟

— مەدرىسىگە ئېلىپ بېرىپ، مۇدەررىسنىڭ ئالدىغا قويىمىز، دوستلىرىمىزنى مېھمان قىلىمىز.

— مېنىڭ تۇزنىقىمنى سىلەرنىڭ مەدرىسەڭلاردىكىلەر توقۇمىغان، يىپلىرىنى مولللار ئەشمىگەن، تۇزاقنى مەن ۋەخپە يەرگە قۇرمىغان، ۋەخپە غەللىدىن دان چاچمىغان؛ يا مەن

wwww.bilnur.com

كۇچۇمنى مەدرىسەڭلارغا ۋەخپە قىلمىغان، مېنى قورقۇتۇپ قۇشنى ئېلىۋالساڭلار، شەرىئەتكە راۋا كېلەمدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ سەيياد.

— بىز سېنى قورقۇتمىدۇق. پەقەت ئۆزۈڭ ۋەدە قىلغان ھەققىمىزنى تەلەپ قىلدۇق. ئەمدى ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىشىڭ كېرەك - تە، — دېيىشىپتۇ تالىپلار.

سەيياد تەڭلىكتە قېلىپتۇ. ئاخىر بىرىگە بىردىن قۇش بېرىپتۇ ۋە شۇنداق دەپتۇ:

— زىياننى مەن تارتتىم، سىلەرگە تۆھپىمۇ بەردىم. ئەمدى ھېلىقى بىر - بىرىڭلار بىلەن بەسلىشىۋاتقان گېپىڭلارنى ماڭىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭلارچۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە پايدىسى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— بىز خۇنسە توغرىسىدا مۇنازىرە قىلىشقانىدۇق.

— خۇنسە دېگەن نېمە ئۇ؟

— ئەركەكمۇ ئەمەس، چىشىمۇ ئەمەس نەرسىنى خۇنسە دەيدۇ، — دەپتۇ تالىپلار.

سەيياد بۇ گەپنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋاپتۇ ۋە بىر دانە قۇشنى ئېلىپ، بالا - چاقىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ناھايىتى تەڭلىك بىلەن بىر كۇننى ئۆتكۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئۇ تورنى ئېلىپ دەريا ياقىسىغا كېلىپ، دەرياغا تور تاشلاپتۇ. تاسادىپەن تورغا بىر بېلىق ئىلىنىپتۇ. ئۇ شۇنداق چىرايلىق بىر بېلىق ئىكەنكى، بۇنداق بېلىقنى يەر يۇزىدە ھېچكىم كۆرۇپ باقمىغانىكەن.

سەيياد: ‹مەن بۇ يېشىمغا كەلگىچىلىك بۇنداق چىرايلىق بېلىقنى كۆرمەپتىكەنمەن، ياخشىسى، بۇنى پادىشاھقا سوۋغا قىلاي، ئەگەر پادىشاھنىڭ نەزەرىگە يېقىپ قېلىپ، مېنى ئېھتىياجدىن چىقارسا ئەجەب ئەمەس› دەپ ئويلاپ، بېلىقنى كۆتۇرۇپ پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىپتۇ. پادىشاھ ئۆزى ئۇچۇن كولاتقان بىر كۆل بويىدا بېلىقلارنى تاماشا قىلىپ

wwww.bilnur.com

ئولتۇرغانىكەن.

سەيياد ھېلىقى چىرايلىق بېلىقنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپتۇ. پادىشاھ بېلىقنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن سەييادغا مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ۋەزىر پادىشاھقا ئىلتىجا قىلىپتۇ:

— ئى پادىشاھى ئالەم! بۇ جاھاندا سەيياد دېگەن تولا گەپ. بېلىق دېگەننىڭ ھەددى ھېسابى يوق، ئەگەر سىلى بىر بېلىققا مىڭ دىناردىن ئالتۇن بەرگىلى تۇرسىلا، ئۇنىڭغا پۇل توشامدۇ؟ خەزىنىدىكى ئالتۇنلار يېتەمدۇ؟ بېلىق دېگەننىڭ باھاسىغا چۇشلۇق ئىنئام بەرسىلە كۇپايە. ھەر كىشىگە ئۆز ھالىغا چۇشلۇق مەرھەمەت قىلىش كېرەك!

— مەن ئۇنىڭغا مىڭ دىنار بېرىشنى ۋەدە قىلدىم. ئەمدى لەۋزىمدىن قانداق يېنىۋالالايمەن؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مەن بىر ھىيلە ئويلىدىم، — دەپتۇ ۋەزىر، — شۇ بويىچە قىلساق پادىشاھىمنىڭ لەۋزىگىمۇ خىلاپ كەلمەيدۇ ھەم خەزىنىگىمۇ زىيان يەتمەيدۇ.

— قانداق ھىيلە ئويلىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— سەييادتىن: «بېلىقىڭ ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟» دەپ سورايمىز، — دەپتۇ ۋەزىر، — ئەگەر ئۇ: «ئەركەك ئىدى» دېسە، «چىشىنى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن مىڭ دىنارنى ئالىسەن» دەيمىز؛ ئەگەر ئۇ: «چىشى ئىدى» دېسە، «ماڭ بېرىپ ئەركىكىنى تېپىپ كېلىپ، ئاندىن ئالتۇننى ئال» دەيمىز. مۇشۇنداق قىلساق، ئۇ ئامالسىز قالىدۇ-دە، ئالتۇننى قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

— ھەي سەيياد، — دەپ سوراپتۇ ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتىنى ماقۇل كۆرگەن پادىشاھ، — بېلىقىڭ ئەركەكمۇ-چىشىمۇ؟

سەيياد تەجرىبىلىك ۋە زېرەك كىشى ئىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزىدىن بۇنداق سوئالنى سورىشىدىكى مۇددىئاسىنى تېزلا

wwww.bilnur.com

چۈشىنىپتۇ - دە، تونۇگۇن تالىپلاردىن ئۆگىنىۋالغان ھېلىقى سۆزنى يادىغا ئېلىپ:

— بېلىقىم خۇنسە ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يارايسەن، — دەپتۇ پادىشاھ سەييادنىڭ جاۋابىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، — ماڭىمۇ مۇشۇندىق خۇنسە بېلىق لازىم ئىدى. ھاي، قايسىڭلار بار؟ دەرھال يەنە مىڭ دىنار ئېلىپ چىقىڭلار، بېلىقچىغا ئىنئام بەرگەيمەن.

شۇنداق قىلىپ پادىشاھ سەييادقا ئارقا - ئارقىدىن ئىككى مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام بەرگەن ئىكەن...»

*　　　*　　　*

مىلادى 1647 - يىلى (توڭگۇز يىلى) 1 - ئاينىڭ ئاخىرقى يەكشەنبە كېچىسى.

ئەتراپ تۇت، قارىياغاچ ۋە قېرىپ قاغجىراپ كەتكەن چىنارلار بىلەن ئورالغان ياغدۇ قەبرىستانلىقى كىشىگە كېچىدە ئالللىقانداق قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ئاينىڭ سوغۇق نۇرى ئۇ يەر- بۇ يەردە چوقچىيىپ قارىيىپ كۆرۈنگەن شام گۆرلەرنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ قەبرىلەرنى تىكەن، قۇرۇق شىۋاق باسقان، پۇتۇنلەي يوپۇرماق تاشلىغان قېرى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى سوغۇق قىش شامىلىدا ئىرغاڭلاپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن قىرىق كۈن ئىلگىرى، ئاپاق خوجا دادىسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشانىنىڭ جەسىتىنى يېڭىسارنىڭ قوش گۈمبەز دېگەن يېرىدىن قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى ياغدۇ① دېگەن يەرگە دەپنە قىلغىلى ئېلىپ كەلگەندە كونا، تاشلاندۇق ياغدۇ قەبرىستانلىقىنىڭ چۆل مەنزىرىسى، قوۋزاقلىرى قېرى بوۋايلارنىڭ قاق سۆڭەك بولۇپ

① ياغدۇ — نەزەر باغنىڭ قەدىمكى نامى. بۇ يەر قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى نەزەر باغ دېگەن يەردە ئىدى.

wwww.bilnur.com

قالغان قاداقلىق قولللىرىنى ئەسلەتكۈچى توت ۋە قارىياغاچلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلغانىدى.

بۈگۈن كېچە ئۇ دادىسىنىڭ توپراق بېشىغا خوشلاشقىلى چىققانىدى.

— ئى خۇدا، — دەپ پىغامەتلىك نىدا قىلدى ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — قۇملۇق چۆللەردە بولسا قانچىلىغان ئاپەت يانغىنلىرىنى پەيدا قىلىپسەن. دەريالاردىمۇ دولقۇنلاردىن خەۋپ - خەتەرلەرنى ئاپىرىدە قىلىپسەن. شۇ قەدەر ئاپەتلەر، بۇ قەدەر خەۋپ ۋە پالاكەتلەردىن خالايىقلارنىڭ ئەقىللىرى ھەيران، ئىدراكلىرى سەرسان ۋە سەرگەرداندۇر. قارىسام، ھالا بۈگۈنگە قەدەر خاھى بۇزرۇكۋار پەدەرىمنىڭ ئىشلىرىدىن بولسۇن، خاھى مېنىڭ ئىشلىرىمدىن بولسۇن، ھېچبىر نەتىجە كۆرۈلمىدى. ئەلھال، چوڭ خانمۇ مېنى بۇ دىياردىن چىقىپ كېتىشىمنى تەلەپ قىلىپ، پەرمان چۈشۈرۈپتۇ!

ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆڭلى بۇزۇلدى - دە، يۈزىنى دادىسىنىڭ قەبرىسىگە ياققىنىچە قېقىلىپ، قېقىلىپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

ئەسلىدە، مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشان قوش گۈمبەزدە ئابدۇللا خوجىنىڭ ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىشقىيە سۇلۇكىدىكى مۇرشىد - مۇخلىسلار «ئىشان پىرىمىنىڭ خۇنىنى تۆلىتىپ بېرىسەن!» دەپ غەلىيان كۆتۈرۈشكەندە، سۇلتان ئابدۇللا خان ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتىپ، بۇ ئىش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەنىدى.

بۇ سۆھبەتتە ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشاننىڭ قاتىلى، ئىسھاقىيەچىلەر مەزھىپىنىڭ سەردارى سەييىد مۇھەممەت خوجىنى دارغا ئېسىشنى، ئابدۇللا خوجا باشچىلىقىدىكى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنى «قانۇنسىز» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى سەئىدىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىشنى تەلەپ

wwww.bilnur.com

قىلىپ تۇر ۋۇالغانىدى! ئەمما، ئابدۇللا خان ئۇنداق قىلالمايتتى. چۈنكى، سەئىدىيە خانلىقىدا ئاساسىي ئېقىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىسھاقىيىچىلەر بۇنىڭغا قەتئىي يول قويمايتتى. شۇڭا، سۇلتان ئابدۇللا خان ئىسھاقىيىچىلەر سۇلۇكىنىڭ پىرى ئابدۇللا خوجا بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنى ئاداۋەتنى تاشلاپ، يارىشىپ قېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

ئەمما، زاراتگاھلىرى بىر، ئۆي - خانىلىرى تۇتاش، ھويلا- ئاراملىرى ئۇدۇل، ئىس - تۈتۈنلىرى ئارىلاش، مەسچىتلىرى ئورتاق، جەددى - جەمەت، ئەل - يارەنلىرى ھالال ئەغلال (قۇرداش) بولغان پۈتۈنسۇرۇك سەئىدىيە خەلقى بۇ ناشۈكۈر قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سۇلۇك - مەزھەپ نىزاپەتچىلىكى تۈپەيلىدىن قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى مەزھەپكە، ئىككى پىرقىگە ئايرىلىپ كېتىشتى! بۇ خوجىلار بىرلىرى ئۆلسە، بىرلىرى تىرىلىپ، بىرلىرى كۈلسە، بىرلىرى يىغلاپ، بىرىنىڭ رەقىبىنى بىرى دوست بىلىشىدىغان، بىر - بىرىنى قارغاپ، ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان، بىر يولغا، بىر نىيەتكە، بىر مەقسەتكە كېلىشەلمەيدىغان، بىر - بىرلىرىگە يەڭ ئىچىدە خەنجەر - پىچاق، زەھەر - زوقۇم ۋە ئەل ئىچىدە ھەسەت - خۇسۇمەتلەر ساقلىشىپ جاھان تۇتىدىغان بەتبەخت، كاج تەلەي، تەتۈر پەلەك، دۇئايى بەت بولۇشۇپ كېتىشكەنىدى! شۇڭا، ئاتا - بوۋىلار: «ئارىدا پىتنە ئېقىنى ئاقسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاداۋەت كېمىسى ئۈزىدۇ؛ ئارىلىقنى پىتنە - پاسات قىلىچى كېسىپ تاشلىسا، ئۆچمەنلىك تىغى ئۆتكۈرلىشىدۇ!» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغانىدى.

ئاپاق خوجا بىلەن مەخدۇمزادە ئابدۇللا خوجىنىڭ ئەتكەسى، ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سەردارى سەييىد مۇھەممەد خوجا سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ ئالدىدىلا تەنە - مالامەتلەر تېشىنى ئېتىشىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۈستىگە تىل تىغىنى تارتىشتى:

wwwww.bilnur.com

— ئى مۇرتەد، — دېدى ئاپاق خوجا سەييىد مۇھەممەد خوجىغا، — بۇ كۆك ئاسمان گۇمبىزىدىكى كۆرۈنگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇلتۇز دەپ ئويلاپ قالما، ئۇ سەندەكلەرنىڭ بېشىغا تەگكۈچى مالامەت تاشلىرىدۇر!

— ئى تېجمەل پالاندى، — دېدى سەييىد مۇھەممەد خوجمۇ بوش كەلمەستىن، — سەن گەرچە بۇزرۇكۋار پىرىمىز مەخدۇم ئەزەمنىڭ پۇشتىدىن تامغان بولساڭمۇ، بىراق، سەن ۋە سېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭنىڭ ئۆزىدە ئادەمىيلىكتىن ئەسەر، بەلكى پۇراقمۇ يوق ئىدى. داداڭ ۋە سەن ئۆزۈڭلارنىڭ ئوسال مىجەزلىرىڭ تۈپەيلىدىن يۇرت - ئايماقلاردىن قوغلاندى قىلىنىشتىڭ! گۇناھى كىبىرلىرىڭ ئۈچۈن كۆپلىگەن مۇشەققەت ۋە رىيازەتلەرنى چېكىشتىڭ، ئەمما، تەبىئىتىڭ ۋە روھىي دۇنيالىرىڭ بەخت ۋە دۆلەتتىن مەھرۇم بولغاچقا، داداڭ بىلەن ئىككىڭ بۇ قېتىم مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەۋەلقىدىنمۇ بەغەرەز، بەتخۇي بولۇپ قايتىپ كېلىپسەن!

بۇ سەييىد مۇھەممەد خوجا دېگەن كىشى ئابدۇللا خوجىنىڭ بوۋىسى ئىسھاق ۋەلىيۇللا خوجىغا ھامىي بولغان، قارا تاغلىقلارنىڭ مۇھىم سەردارلىرىدىن بىرى ئۇشتۇر خەلىپە دېگەننىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. شادى خوجا جان ئۇزەر ۋاقتىدا ئوغلى مۇھەممەد ئابدۇللا خوجا بىلەن ئەبەيدۇللا خوجىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ۋە ئۇنى مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئەتكەسى قىلىپ تەيىنلەپ، پۈتۈن سۇلۇكنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇق بەرگەنىدى. ئۇ ۋەيرانە ھەم دىۋانە سۈپەت، غايەت يوقسۇل، نامرات ۋە كەم سۆز كۆرۈنسىمۇ ئەمما خۇدا ساقلىسۇنكى، زىكرى - سۆھبەتلەردە، بەس - مۇنازىرىلەردە ئۇنىڭغا بىر چىلىم بەڭ ياكى بىر كاسسە مەي - شاراب بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ جېدەل - ماجىرا ۋە غوۋغا - توپىلاڭ قىلىشقا پىر - ئۇستاز ئىكەنلىكى ئاشكارا بولاتتى.

wwwww.bilnur.com

— ھىيلە ـ مىكىر بىلەن باشقىلارنىڭ ھاياتلىق يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش ياكى، — دېدى ئاپاق خوجا سەيىد مۇھەممەد خوجىغا رەددىيە بېرىپ، — ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن باشقىلارنىڭ تېرىكچىلىك كېمىسىنىڭ تىگىنى تېشىپ، ھالاكەت سۇيىدە غەرق قىلىش، ئاندىن ماجالى قالمىغان بىچارىلەرنى تۇتۇپ باغلىۋېلىش ـ بۇ پالۋانلىق ئەمەس. گەرچە، سەن قوش گۇمبەزدە بۇزرۇكۋار پەدەرىمگە زوقۇم يېگۈزۈپ، ئۈزۈڭنىڭ شادى خوجىنىڭ يالىقىنى يالايدىغان ئىت ئىكەنلىكىڭنى ئاشكارا قىلغان بولساڭمۇ، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ يىگىت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچىمەن. بىلىپ قويغىنكى، يىگىت يېلىنجاپ تۇرغان ئوتتا كۆيۈپ ئۆرتەنگەن ھالەتتىمۇ، يارىلىنىپ ئېتىنىڭ يايلىسىدا يېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنىڭ رەقىبىگە ھەرگىز يېلىنمايدۇ! ئەگەر ئۇ ئەر ئاتالغان تۇرۇپ دۇشمىنىگە يېلىنىدىغان بولسا، ئۇنداق نامەرد ئىتتەك ئۆلگىنى ياخشىراق!

— ھەيھات! ھەيھات! — دەپ ئۇلارنىڭ تىل ـ ئاھانەتلىشىشىنى ئۈزۈپ تاشلىدى سۇلتان ئابدۇللا خان، — ھەدىستە: «ئەل مەئمۇرىن ـ مەئزۇرىن!»① دېيىلىدۇ. ئى زاتى شەرىفلەر، ئىشتىڭلاركى، بۇ قېرى جاھان ھۇجرىسى ئالتە گۇمبەزلىك، ئىككى ئىشىكلىك بىر ئۆيدۇر. بۇ ئۆينىڭ بىر ئىشىكىدىن كىرىپ، يەنە بىر ئىشىكىدىن چىققۇچە، ئۆينىڭ تۆت بولۇڭىدىكى بىساتلاردىن: «ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېگەن نالە ـ پەرياد كېلىپ تۇرىدۇ! گەرچە يەتتە ئىقلىم ئالتۇن خەزىنە بولۇپ كۆرۈنسىمۇ لېكىن ئۇبدانراق قارىساق، ئۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزدۇر! ئەلمىساق كۈنى، زاھىدتىن باشقا ھەربىر ئادەم ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان نېسىۋىنى ئالۇر! زاھىد بولسا، ھەرقانچە رىيازەتلەرنى چەكسىمۇ، قۇرۇق قول قالۇر. شۇڭا، دۇنيانىڭ

---

① مەنىسى: «يۇرت چوڭلىرى دائىم ئۈزرىلىك بولىدۇ!»

wwww.bilnur.com

راھتى چاقماقنىڭ روشەنلىكىدەك قىسقا، مېھنىتى بولسا، زۇلمەتنىڭ قاراڭغۇلۇقىدەك ئۇزۇندۇر! ئۇنىڭ نېمىتىگە شاد، ئەلەمىگە خاپا بولغۇچىلىكى يوق! كېلىڭلار، يارىشىپ قېلىڭلار! سىز مەخدۇمزادەم، — دېدى ئۇ ئابدۇللا خوجىغا قاراپ:

— سىز نەسەب جەھەتتە ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجىغا جىيەن بولىدۇرسىز. شۇڭا، سىز ئۇل ئەزىزنى تاغا دەپ بىلىشىڭىز دۇرۇس بولۇر! — دېگەندىن كېيىن يەنە ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىغا قاراپ:

— سىز خوجىزادەم نەسەب جەھەتتە ئۇل مەخدۇمزادىلەرگە ئاتا يوللۇق تاغا بولىدۇرسىز. شۇڭا، مەخدۇمزادىلەر ھەرنە قىلسىمۇ، ئۇلار كىچىك، بىلمەي قىلغاندۇر! ئۇلارنىڭ نارەسىدەلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىغايسىز! قىلىچ ئۆتمەيدىغان قاتتىقلىقنى يۇمشاق ئەپۇ قەلىمىنى سۈرۈپ كەچۈرگەيسىز! تىل كۆتۈرەلمەيدىغان ئاھانەت ئېغىرلىقىنى ھىممەت بارمىقىڭىز بىلەن يېنىكلا ئاسمانغا چۆرۈپ تاشلىغايسىز! شۇنداق قىلسىڭىز، ئاقىلانىلىق بولۇر! چۈنكى، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دەپ بىكارغا ئېيتمىغان! ئەل ـ يۇرتنىڭ بەخت ـ سائادىتى، ئورتاق دۈشمىنىمىز قالماق باسقۇنچىلىرىغا بىرلىكتە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ، خوجىزادىلەر بىلەن مەخدۇمزادىلەر يارىشىپ قېلىشىڭلار زۆرۈردۇر! — دەپ سەمىمىي نەسىھەت قىلدى.

ئەمما، مەخدۇمزادىلەر بىلەن خوجىزادىلەر بىر ـ بىرىگە تەتۈر قارىشىپ تۇرۇۋېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ شاھنىشىنىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياراشتۇرۇش سۆھبىتى مانا مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك بىلەن نەتىجىسىز ئاياغلاشتى. . .

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، دادىسىنىڭ قەبرە بېشىغا يۈزىنى

wwww.bilnur.com

يېقىنىپ يىغلاۋاتقان ئاپاق خوجىنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇلدى — دە، ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. بىردىنلا، ئۇ يىغىسىدىن توختىدى ۋە كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

— ئى سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، قۇتبىل ئەقتابى سەئىددىل ھەزرىتى پەدەرى پىرىم! — دېدى ئاپاق خوجا. ئۇ مۇشۇ تاپتا قەتئىي ئىرادىگە كەلگەندى، — ئوغلىڭىز يىلىنجاپ تۇرغان ئوتتا ئۆرتىنىپ كۇل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، دۈشمەنلەر ئاتقان ئوقتا يارىلىنىپ يىقىلىپ يېتىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ئاتا رەقىبىگە يېلىنماس! رەقىبلەر كۆكتە چاقناپ كۆرۈنگەنلەرنى ھەرگىزمۇ يۇلتۇز چىراغلىرى دەپ قالمىسۇن، ئۇ مەن رەقىبلەرنىڭ بېشىغا ئاتقان ئۆچمەنلىك تاشلىرىدۇر! ئى پەدەرى بۇزرۇك! مەھشەرگاھتا خاتىرجەم بولغايسىزكى، ئاشۇ ئىسھاقىيچى ئازغۇنلارنىڭ چېپچى قىرىلمىغان باشلىرىنى تۈركىستان جاڭگىلىدا كىرپىدەك ياتقۇزۇۋەتمەيدىغان بولسام، ئاشۇ ئاسمان گۇمبىزىدىكى ئالتۇن بىلەن سىرلانغان قۇياش خىشىنى سىز مەرھۇمنىڭ قەبرىسى ئۈچۈن پاياندار قىلمايدىغان بولسام، سىزنىڭ پۇشتىڭىز بولماي كېتەي!

ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا ياۋۇزلۇق تېمىپ تۇرغان نەشتەردەك كۆزلىرىدىن زېمىستان قىشنىڭ مۇزدەك سوغۇق شولىسى چېچىلىپ تۇراتتى.

— قەسەمكى، بۇ زېمىننى مەن سورىيالمىغان ئىكەنمەن، ئۇلارغىمۇ ھەم سوراتمايمەن. تارىختا «بەتنىيەت»، «خائىن»، «سولامچى» دېگەن بەتناملارغا قېلىشقا رازىمەنكى، ھەتتا بۇ زېمىنغا باسقۇنچىلارنى باشلاپ كېلىپ بولسىمۇ، ئاشۇ ئاتا قاتىلى بىلەن شۇم رەقىبلىرىمنى ئاخىر خار ـ زار قىلىپ، ئايىغىم ئاستىدا ئىتتەك ئۆمىلەتمەي قويمايمەن! ئاشۇ قارا مۇسۇلمان ئازغۇنلارنى دۇئايى بەت قىلىپ تاشلاپ، يۇرت ـ ماكانسىز، قوۋم ـ قېرىنداشسىز، نەسلى ـ نەسەبسىز، غۇرۇر ـ

wwww.bilnur.com

ئىستەكسىز، بەتقىلىق ھايۋانلار توپىغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدىغان بولسام ھېساب ئەمەس! ئىشقىلىپ قولۇمدىن كەلگەن ھەممىنى قىلىمەن. پەدەرىمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى، خانۇ ـ مانىمنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، ۋەتىنىمدىن ھەيدىلىشىم يۈرىكىمگە تۈگمەن تېشىدەك ئورناپ كەتتى! تېنىم قىيا ـ چىيما بولۇپ كەتسىمۇ، چىشىم ساق قالسىلا، بۇ ئەلنى خۇددى ئۆچكە غاجىلاپ يالىڭاچلاپ قويغان شاپتۇلنىڭ سوتىسىدەك قىلىۋەتمەيدىغان بولسام ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي! يەنە قەسەمكى، دۇئايىمنىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ ئەلنىڭ ئادەملىرىنى ئاخىر يا پالتىغا ساپ بولمايدىغان، يا شەيتانغا لاخشىگىر بولمايدىغان بەتگەردە سۈرىتى ئىنسانلارغا ئايلاندۇرۇۋەتمەيدىغان بولسام، ھىدايىتۇللالىقىم[1] ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ھارام بولغاي! . . .

* * *

ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ياغدۇ قەبرىستانلىقىدا گۆردە ياتقان مەرھۇم دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشان بىلەن يىغلاپ خوشلاشقاندىن كېيىن مۈلكىي قەشقەرىيىنىڭ مەكىت ـ دولان تەرەپلىرىگە باش ئېلىپ چىقىپ كەتتى! ئۇ بۇ دىياردا «خۇدا چاچقان رىزىق» ئىزدەپ، دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان خۇدايى ئىشان قىياپىتىدە مەكىتنىڭ شىھىتدۆڭ دېگەن يېرىدە پەيدا بولدى. . .

بۇ شىھىتدۆڭنىڭ ئەسلى نامى شور دۆڭ دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما بۇنىڭدىن يۈز يىل ئىلگىرى بۇ يەردە يۈز بەرگەن دىنىي مەزھەپ غازىتىدا ئەسلىدىكى شور دۆڭ دېگەن يۇرت نامى

---

① ھىدايىتۇللا — «بەندىلەرنى توغرا يولغا باشلىغۇچى» دېگەنلىك بولىدۇ.

wwww.bilnur.com

«شېھىتدۆڭ» دەپ ئۆزگىرىپ كەتكەندى!

7مىلادى 1533 ـ يىلى (يىلان يىلى) كۈزدە، بۇ يەردە مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرى بىلەن سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ سۇلتانى سەئىدخاننىڭ ئۇستازى، شەيخۇلئىسلام خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قېتىملىق قانلىق دىنىي مەزھەپ سوقۇشى يۈز بەردى. بۇ چاغدا سۇلتان سەئىدخان تىبەت، كەشمىرلەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىش ئۈچۈن قارا قۇرۇم تاغلىرىدا جەڭ قىلىۋاتقانىدى. ئىككى مەزھەپ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق سوقۇشتا مەخدۇم ئەزەمنىڭ مەشھۇر خەلىپىسى ۋە يېقىن ئادىمى، «ئۇزۇن قۇلاق زات» دەپ نام ئالغان مەككە خوجا باشلىق قىرىق كىشى مۇھەممەد شېرىپ ئىشاننىڭ سوپىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى مۇشۇ شور دۆڭگە دەپنە قىلىنغانلىقتىن، بۇ يەر كېيىنكى چاغلاردا «شېھىتدۆڭ» دەپ ئاتالدى. بەش يۈز تۇتۇنلۇك بۇ يۇرت چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەكتىلىك ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبۇل ھادى بەگ دېگەننىڭ تارخانلىقى ئىدى.

ئاپاق خوجا شېھىتدۆڭگە كەلگەندە دەسلەپتە ئوبۇل ھادى بەگنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ تەرغىباتىنى تەۋرىتىپ يۈردى. ئوبۇل ھادى بەگ ئىخلاسمەن ئىشقىيە مۇرىتى بولغاچقا، ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىغا ھەددىدىن زىيادە ئەقىدە ۋە ئىخلاس قىلىپ، ئۇنى ھەممىدىن يۇقىرى مەرتىۋىلىك زات دەپ ھېسابلايتتى. بۇ چاغلاردا ئاپاق خوجا ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، «سۇلۇك تۇتۇپ ئىشقىيە تەرىقىتىنى تەۋرىتىمەن» دەپ يۈرۈپ، تېخى خوتۇن ئالمىغان ـ نىكاھلىق بولمىغانىدى.

ئوبۇل ھادى بەگنىڭ چىنارخان ئىسىملىك بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىزنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ

wwww.bilnur.com

قامىتى گۈزەللىك بېغىدىكى چىنار دەرىخىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قارا چاچلىرىنى كۆرگەن سۇمبۇل تاقەت قىلالماستىن تولغىنىپ چىگىشلىنىپ كېتەتتى. باغدىكى غۇنچىلار ئۇنىڭ گىلاستەك لالەرەڭ ئاغزىنى كۆرگەندىن كېيىن گەپ قىلالماس بولۇپ قېلىپ چىڭ تۇرىۋالاتتى. ئۇنىڭ تال - تال ئۆرۈم چاچلىرى گوياكى ئىرىكلىك بويىنىغا سېلىنغان ئەجەل سىرتمىقى ئىدى!

ئاپاق خوجا كۈندىكى ئادىتى بويىچە كۈن چۈش بولغاندا، خالايىقلار مەسنىۋى خاراباتتىن دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن شىپىتدۈك خانىقاسىغا كەلدى. بۈگۈنكى دەرسكە ئوبۇل هادى بەگمۇ قاتناشقانىدى. ئاپاق خوجا مەسىلە - مەرۇپ قىلغاندا سۆزلىگەن پاساهەتلىك سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن ئوبۇل هادى بەگمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىهوش - خاراموش بولۇپ كەتتى. ئۇمۇ باشقىلاردەكلا رەققىسى - ساماغا چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشتان - كۆڭلەكلىرىنى سېلىپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى. هوشيار ۋاقتىدا شەرىئەت - تەرىقەتتىن سۆزلەيدىغان، تون - سەللىسىنى زادىلا يەشمەيدىغان بۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاپاق خوجا ئىشانىنى كۆرگىنىدە تەندە جان، قەلبىدە ئىماندىن بىخەۋەر بولۇپ، خۇدىنى بىلمەيدىغان، جەررە - سۆهبەت قىلىۋاتقان چاغدا، خانىقانىڭ ئىچى ئۇنىڭ كۆزىگە نەچچە خىل رەڭدە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى...

مۇرىتلار خانىقادا زىكرى - سۆهبەت قىلىشقاندا، هەلقە سېلىشقاندا، نەشە چېكىپ كەيپ قىلاتتى. ئاپاق خوجا بۇنداق ناشايان ئىشلارنى چەكلىمەيلا قالماستىن، بەلكى مەدەت بېرەتتى:

— ئادەم مەست بولغان چاغدا، — دەيتتى ئۇ هەمىشە، مەسىلە - مەرۇپ قىلغاندا، — ئەررائى ئىلاهتىن بىخەۋەر

wwwww.bilnur.com

بولىدۇ. ھەر كېچە بىدار بولۇپ، ئىشقىنىڭ شەرىستانىدىن يول ئالىدۇ. ۋادەرىخ، بۇ پەلەك غەددار - مەككار، بۇ دۇنيا سېھىرگەرلەرنىڭ سېھرىگە ئوخشايدۇ. بىرنى دۇنياغا ئاشىق قىلدى. بىرنى خوتۇنغا ئاشىق قىلدى. بەندىلەر ئەنە شۇ ۋەجىدىن بىر - بىرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، خۇدانىڭ ئىشقىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، ئادەم مەستى - مۇستەغرەق بولۇپ يۈرگەندە، ئاندىن خۇداغا يېقىنلىشالايدۇ!...[1]

— ۋاي ھەسرىتا! — دەپ پۇشايمان ئىلكىدە قولىنى چىشلەيتتى ئوبۇل ھادى بەگ، ئاپاق خوجىنىڭ بۇ مەسىلە - مەرۇپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — نېمە ئۈچۈن پىرىمنىڭ مەقسەتلىك سۆلۈكى تەرىقىتىگە بالدۇرراق ئەگەشمىگەن بولغىيتىم؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ ئاي، يۇلتۇزلۇق چېھرىدىن بالدۇرراق بەھرە ئالمىغان بولغىيتىم؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ نەسەب - ھەسەبلىرىگە، ئۆز ۋۇجۇدى شېرىفلىرىگە بالدۇرراق مۇيەسسەر بولماي، ئۇلۇغ نەزەرلىرىدىن يىراق قالغان بولغىيتىم؟ نېمىشقا پىرىمنىڭ قەندە - قەندالەتلىك شېرىن سۆزلىرىنى بۇرۇنراق ئىشىتىپ، تېتىمىغان بولغىيتىم؟ پىرىمنىڭ زىكرى - سۆھبەتلىرىگە بۇرۇنراق داخىل بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئىشىم تەس بولارمۇ؟[2]...

ئوبۇل ھادى بەگ مۇشۇنداق پۇشايمان ئىلكىدە كېچە - كۈندۈز ئىزتىراپقا چۈشۈپ قېلىپ، يېگىنى زوقۇم، ئۇيقۇسى ھارام بولدى. ئاخىر ئۇ: «ئەمدى بىز تىلىگەن ۋە ئارزۇ قىلغان ئاللا خوجامغا — پىرى ئەزەمگە ئۇلىشىپتۇق!» دەپ ئاپاق خوجىغا ناھايىتى يۇقىرى ئەقىدە باغلىدى ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن يەر - زېمىن، سۇ - كۆللىرىنى، مال - چارپايلىرىنى ئاپاق خوجىغا ئاتاپ، ئاتلىرىنى يىلقا - ئۇيۇرى بىلەن، كالىلىرىنى ئېغىلى

---

① «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.
② «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

بىلەن، قويلىرىنى بولسا قوتنى بىلەن ئىشقىيە سۇلۇكىگە خۇدايى ۋەقپە قىلىۋەتتى. قىزى چىنارخاننى بولسا قىزلىق ئىپپىتى بىلەن ئېلىپ كېلىپ، ئاپاق خوجىغا نىكاھلاپ چېتىپ دۇئاسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نوقانچى خوجا ـ ئىشانلارغا، گۇرەنلىك مۇشتۇمزۇرلارغا، قالماق ـ مانجۇلارغا مال ـ چارۋىلىرىنى يىلقا ـ ئېغىلى بىلەن، قىز ـ چوكانلىرىنى ئىپپەت ـ سىپكىلەكلىرى بىلەن دۇئا قىلدۇرۇۋېتىدىغان ئوسال ئادەت، يامان قىلىقلار شەكىللىنىپ تاراشقا باشلىدى.

كېيىنكى چاغلاردا سوپى ئاللا يار ئۆزىنىڭ «سۇباتىل ئاجىزىن» دېگەن كىتابىدا مۇنداق بىر مەسنىۋىنى يېزىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇنداق يامان قىلىق، ئوسال ئادەتلىرىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن راسا قامچىلىغانىدى:

«بولۇپتۇ ھەم تەقى بىر فىرقە پەيدا،
ئاتى مۆمىن ۋەلى، نەفسىگە شەيدا،
يىغۇرلە پارە ۋە بوينى يوغاننى،
سالۇرلە ئوتتۇرغا قىزۇ ـ جۇۋاننى،
ئالىپ بارسا كىشى ئەھلى ئايالىن،
كۆتەرۇر بىھەتلىك ۋەبالىن.
ھارام ئىشنىكى تائەت بىلسە ئىنسان،
ئىرۇر بول ئېتىقادى نامۇسۇلمان،
بۇ ئايغان فىرقە كىم زاللى مۇزىلدۇر،
شەرىئەت ئەھلى بۇ ئەلدىن خىجىلدۇر.[1]»

دېمەك، ئاپاق خوجا تەرغىب قىلغان ئاشۇ دەستەكسىز

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1988 ـ يىل 2 ـ باسمىسى، 244 ـ بەت.

wwww.bilnur.com

دۇئالارنىڭ كاساپىتىدە، خەلقى بۇ پايپېتەك قەشقەر خوجىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن تەدرىجىي يوسۇندا كېيىنكى چاغلاردا جوڭغار- مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ مەنپەئەتى ھېسابىغا كەتمەن چاپىدىغان، بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى دىنىي مەزھەپكە، مەنپەئەتلىرى پۈتۈنلەي قەشقەر خوجىلىرى ۋە قالماق - مانجۇ خوجىلىرىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن ئايرىلىدىغان ئىككى سەپكە پارچىلاپ تاشلاندى. باشقا ئەللەردىكى خەلق بۇ چاغدا بىر قەۋم، بىر نىيەت ۋە بىر مەقسەتتە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەركەزلىرىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، زىچ ئىتتىپاقلاشقانلىقتىن تېز روناق تېپىپ، راۋاجلاندى. ئەمما، جوڭغار - مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ چىنىكىدىن چىقالمايدىغان بۇ زاكا غالچا قەشقەر خوجىلىرى سەئىدىيە زېمىنىنى روناق تاپقۇزۇش ئورنىغا، بۇ گۈزەل يۇرت - ماكانىنى بارلىق بايلىق - غەنىيمەتلىرى، ئەزىز پەرزەنت، ئوغۇل - قىزلىرى، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئەھلى خوتۇنلىرى، ئىگىچە - سىڭىللىرى بىلەن قوشۇپ، قىلچە ئويلىماستىن جوڭغارلارغا سۇڭلاپ بېرىشتى! يەنە تېخى «ھەممىن- قەدەر»① دېيىشىپ، بەدەل - شەپقەت ھېسابىدا، قالماق - مانجۇ خوجىلىرىدىن ئالغان خەنجەر، قامچىلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى داۋاملىق «تەربىيىلىدى».

شۇنداق قىلىپ، شېھىتدۆڭ - ئاپاق خوجىنىڭ مۈلكى قەشقەرىيىدە ئىشقىيە سۇلۇكى تەرغىباتىدا قەشقەر بەشكېرەمدىن قالسىلا، ئىككىنچى سىياسىي، ئىقتىسادىي مەركەزگە ئايلاندى. ئاپاق خوجا مۇشۇ يەردە پۈتۈن سەئىدىيە دۆلىتىگە تونۇلۇشقا باشلىدى. . .

① «ھەممىن قەدەر» — «شۇنچىلىك» دېگەن مەنىدە.

wwww.bilnur.com

*　　　　*　　　　*

ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ئىشقىيە سۇلۇك تەرغىباتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سەئىدىيە دۆلىتىدىن تارتىۋالغان ئىمتىياز ھوقۇقلىرىغا تايانغاندىن سىرت، يەنە ئۆز سۇلۇكىدىكى مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە قاقتى - سوقتى قىلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەھشىيلەرچە بۇلاپ - تالىغانلىقتىن، ۋەج - بايلىقى تېز كۆپىيىپ، سەئىدىيە دۆلىتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان فېئودال پومېشچىككە ئايلاندى. ئۇنىڭ مۈلكى قەشقەرىيىدە توقسان يەردە چاھار بېغى، يۈز پاتمانلاپ① ئۈزۈك كۆزى تېرىلغۇ يېرى، يىگىرمە بەش كۈپ ئالتۇن — كۈمۈش، ئۈنچە مەرۋايىت، ياقۇت - گۆھەر ئېرىغ مېلى، يەتمىش بەش يۈك② زىلچا - گىلەمى، ئۈچ مىڭ ئېتى، ئون تاتىم تۆگە③ خان كارۋىنى، بەش چوق④ ئىپار - ئەنبىرى، يۈز جۈپ شاھزەرى⑤، تۆت يۈز ياقا تون - سەرپايلىرى، بەش مىڭ دانە جايناماز مال - دۇنياسى، ۋەج - تەئەللۇقاتى بار ئىدى. قەشقەر شەھىرىدىلا ئۇنىڭ ئۈچ يۈز ئېغىز دۇكىنى، يىگىرمە يەردە ھويلا - ئارامى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھەر يىلى دەھبىد، سەمەرقەند، بۇخارا، خوراسانلاردىكى جەددى - جەمەت، ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرىگە ئەۋەتىپ تۇرىدىغان سوۋغا - سالاملىرى ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئىلبالىقتىكى جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ چوڭى غالدانغا، تىبەتتىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ چوڭى دالاي لاماغا قەرەللىك ئەۋەتىپ تۇرىدىغان ئولپان - سوۋغاتلىرى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا

① بىر پاتمانلىق يەر 400 موغا تەڭ كېلەتتى.
② بىر يۈك — 12 دانە بولىدۇ.
③ بىر تاتىم تۆگە - 12 دانە تۆگىدىن تەركىب تاپىدۇ.
④ چوق — قوچقارنىڭ ئۇرۇق خالتىسىدىن ئېلىپ پۈتەي ئىشلەنگەن خالتا، ئىچىدىكى پۇراق تېشىغا ئۆتمەيدۇ. تېشىدىكى نەم ئىچىگە ئۆتمەيدۇ.
⑤ شاھزەر — يۈزىگە خەت ئويۇلغان ياپىلاق ئالتۇن ئۈزۈك.

wwww.bilnur.com

ئىدى.

دادىسى مۇھەممەت يۇسۇپ ئىشان بىلەن ئاران ئالتە خېچىرلىق (ئۆزلىرى مىنىدىغان قېچىرمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە) ۋەجۇ - بىسات، ئالتە پېقىر سوپىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا يول بويى تىلەپ تاپقان سەدىقە - پىتىرلىرى بىلەن جان بېقىپ، قەشقەرگە ئاران ئۇلىشۋالغان بۇ خۇدايى ئىشان ئاپاق خوجا ساددا خەلقنى دەستەكسىز دۇئالار بىلەن قاقتى - سوقتى قىلىپ توپلىغان بۇ ھەددى - ھېسابسىز زور بايلىق ئۇنىڭ ئاشۇ شېھىتدۈك خانىقاسىدا مەسىلە - مەرۇپ قىلغاندىكى مۇشۇ سۆزلىرىگە تولىمۇ زىت روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.

— ھەرقانداق ئادەم جەڭ قىلسا، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلسۇن! — دېگەنىدى ئۇ تەنتەنىلىك بىلەن، — بىر ئادەم بىر يىلغىچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، قاينىغان سۇ تەلەپ قىلمىسا — ئۇ ئادەم ھەقنى ئىزدەيمەن دەيدىكەن — مۇشۇ رىيازەتكە سەۋر - تاقەت قىلالمىسا، ھەقتىن بۇنى ئالالمايدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت - پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ راھەت - پاراغەتلىرىدىن بىنېسىپ بولىدۇ... ئى مۇرىتىم، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆمرۈڭنى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەنكى ئاچىزارلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىگۈچە، خۇداغا يېتىشمەن دېگىنىڭ بىكار، ھەرقانداق كىشى ئۆيىدىن، ئەھلى ئايالىدىن، بالا - چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان راھىتىدىن تولا يىغلاپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ، دىلىنى ئۆزسە، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ![1]...

ئاپاق خوجا ئىشنى خۇدايى سۇلۇك تەرغىباتىدىن باشلاپ،

① «ھەزرىتى ئاپاق كەلىمەلىرى»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

ئىقتىسادىي جەھەتتە زور بايلىق توپلاپ، سىياسىي جەھەتتە سەئىدىيەلەر خانىدانىدىكى ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئىمتىياز ـ ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، ئاخىر سەئىدىيەلەر قولىدىن دەھرىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندا، ئەسلىدىكى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي بىرلىكى بولغان 3784 بەگلىك يۇرت ـ ئايماق بىردىنلا كېمىيىپ 2400 ئىشان بەگلىك يۇرت ـ ئايماققا ئايلىنىپ قالدى؛ ئەسلىدىكى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ 389 مىڭ تۈتۈن، 1 مىليون 945 مىڭ نوپۇسلۇق ئاھالىسى ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كېمىيىپ كېتىپ، 130 مىڭ تۈتۈن، 450 مىڭ نوپۇسقا چۈشۈپ قالدى؛ ئەسلىدە سەئىدىيە دۆلىتىدە 2143 ئۆستەڭ بار ئىدى. ئاپاق خوجا زامانىسىغا كەلگەندە ئۆستەڭلەر قاراقسىز تاشلىنىۋېتىلگەچكە، قۇرۇپ، قۇم ـ لاتقا تىنىپ ئاران 503 ى قالدى. ئەسلىدىكىسىدىن 40 مىڭ چارەكلىك تېرىلغۇ يەر كېمىيىپ كەتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ سۇلۇك تەرغىباتى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلدى. مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ھەر ئالتە نەپەر بېجىرىم ئەرنىڭ ئىچىدە بىر ئادەم سۇلۇككە كىرىپ ئاشىقى لاماكانغا ئايلاندى. شۇ چاغلاردا ئىماننى پاكلاش، سۇلۇك بەندىچىلىكىنى ئادا قىلىش يۈزىسىدىن قەشقەرىيەدىن ئەرەب، ئەجەم، پەرغانە، كەشمىر ئەللىرىگە چىققان «مەككىگە ماڭغان مۇساپىر»، «ئەنجانغا چىققان يېتىمچى»، «قاڭقىپ يۈرگەن ئاللا خورجۇن»، بىزەڭ «خۇدايى قەلەندەر»، «ئاشىقى سايىللار» نى قەدەمدە بىرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئىدى. تىلەپ ۋە تىلىمەي يەيدىغان، دۇئا بىلەن قېپىندىغان بۇ تىركىتاپ خۇدايى سوپى، خۇدايى بۇۋى، خۇدايى ئىشان، خۇدايى سەئىدلەر تىلەش، ئالداش، دوق قىلىش، بۇلاش، ئىمان يىغلاش، قول قوبۇل قىلىش ۋە «خۇدا چاچقان رىزىق» نى ئىزدەپ تېپىپ يېيىشنى

wwww.bilnur.com

خۇدايى كەسىپ، خۇدايى ئىختىيار ئەيلىشىپ، باشلىرى قايغان، پۇتلىرى تايغان، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەرگە «ھىجرەت» قىلىشاتتى. نەتىجىدە بۇ ئەلدە ئەمگەك كۈچىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مۇساپىرلىشىشى يۈز بەردى. يەرلەر تېرىلماي ئاق تاشلىۋېتىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى تەرىپىدىن ئەھيا قىلىنىپ، گۈللەندۈرۈلگەن بۇ گۈزەل ۋەتەن، قەدىرلىك ئانا ماكان ئاپاق خوجىنىڭ قولىدا ئېغىر خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. بەزى ئۆلكىلەر چۆللىشىپ، كەپتەر كوۋۇكلىرى ھوقۇشلارغا ئۇۋا بولدى. مەسىلەن، قەدىمكى چالىش ئەسلىدە بىر ئاۋات، باغۇ - بوستانلىق، توق، باياشات، ئەلۋەك ئۇيغۇر يۇرتى ئىدى. بۇ يەر ئاپاق خوجىنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ خارابلاشتى. شۇنداق! كىشىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى ۋەيران قىلىۋېتىپ، يەنە ئۆزىگە كۆرسىتىش — تراگېدىيەدۇر!

بۇ نومۇسسىز لاماكان ئاشىق، تېجىمەل دەرۋىش، خۇدايى يالاڭتۆش، چۇرۇش بەڭگى، بىزەڭ دىۋانە، جاھىل قەلەندەر، گۆكتەم سوپى، نوقانچى ئىشان، يۈزسىز قەشقەر خوجىلىرىدىن مىراس قالغان مىللىي ئاڭسىزلىق، خۇدايى مەھكۇملۇق ۋە خورلۇقنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان غەيرىي ئادەملىك ئىللەتلىرىنىڭ ھەممىسى دەل ئاشۇ كاززاپ ئاپاق خوجا تەرغىب قىلغان، تەۋرەتكەن سۇلۇك ئەقىدىلىرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئىدى!

نەزمە

ئېكىنزارلىق بولدى ئاتا چارۋا مەيدان،
يەر، مەھەللە ھال كېتىپ بولدى ۋەيران.
قەھەت بېسىپ، ئەل - جامائەت بولدى سەرسان،
ئەتراپ چۆل، ھۆكۈم سۈردى مۇندا بوران!

wwww.bilnur.com

## ئۇچىنچى باب

# براخمان مولىسى بىلەن مۇسۇلمان مولىسى

«ئاڭقاۋ ئەلنىڭ هارامدىن مولىسى بولىدۇ.»

— قازاق خەلق ماقالى

**مىلادى** 1677 ـ يىلى (يىلان يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جۈمە (زۇلھەججەنىڭ 9 ـ كۈنى).

قۇياش بۇددالا سارىيى جايلاشقان تاغ ئۈستىدە چاقناپ تۇراتتى. بۇددالا سارىيىنىڭ ئالدى كەڭ بىر تۈزلەڭلىك ئىدى. ساراي ئۇچما راۋاقلىق كاتتا بۇددا قورۇلۇشى بولۇپ، راۋاقتا چىلىنىۋاتقان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى يىراقلاردىكى تاغلاردا ئەكس سادا چىقىرىپ جاراڭلاپ تۇراتتى.

ئۇزاق سەپەر مۇساپىسىنى بېسىپ چارچىغان ئاپاق خوجا هارپا كۈنى تىبەتنىڭ لىخاسا شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇددالا سارىيىنىڭ نېرىقى چېتىدىكى تەكىياخانىغا چۈشكۈن قىلدى.

بۇددالا سارىيى بۇتپەرەس تاڭغىتلارنىڭ سوڭزەنگەنبۇ①

---

① سوڭزەنگەنبۇ (617 — 650) — تىبەت پادىشاھى. قۇللۇق تۈزۈمدىكى تىبەت دۆلىتىنى قۇرغۇچى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان يىللاردا تىبەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، لاسا (هازىرقى لىخاسا) نى پايتەخت قىلغان. مىلادى 649 ـ يىلى، تاڭ ئىمپېراتورى تەرىپىدىن كوراگانلىققا ۋە كۆكنۇر ئىنالچىلىقىغا تەيىنلەنگەن.

wwww.bilnur.com

دېگەن قەدىمكى پادىشاھىنىڭ زامانىدا ياسىلىشقا باشلاپ تاكى ھازىرقى براخمان پادىشاھى، بەشىنچى ئەۋلاد دالاي لاما زامانىغا كەلگەندە ئاندىن پۈتۈپ ھازىرقى ھالەتكە كەلگەنىدى. بۇ ئىمارەتنىڭ ياسىلىشىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مىڭ يىلدەك ۋاقىت كەتكەنىدى. /بۇددالا سارىيى ئەسلىدە تاغىت براخمانلىرىنىڭ پادىشاھلىرى تۇرىدىغان ئوردىسى بولۇپ/ ئىچى قەسىر - ساراي، قارشى - ئوردا، دەھلىز - زال، ساخرام - بۇتخانا، ستوپا - مۇنار، ئېتىكاپخانا - تىلاۋەتخانا، ئايۋان - يولەك ۋە سەينا - ھويلا قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، تاغنىڭ ئۇستىگە ئالدى قىيپاش جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغان ئون ئۈچ قەۋەتلىك تولىمۇ ھەيۋەتلىك بىر ئىمارەت ئىدى. سارايىنىڭ ئۆگزىسى ئالتۇن سۇيى يۈگۈرتۈلگەن زەر كاھىشلار بىلەن يېپىلغانىدى. يىراقتىن قارىسا، پارقىراپ كۆزنى چاقنىتاتتى.

سارايىنىڭ سەيناسىدىكى ياپيېشىل قارىغاي - شەمشاد دەرەخلىرى ئۈچما راۋاقلار بىلەن بوي تالىشىپ تۇراتتى. رەڭدار شەپەق نۇرى بۇددالا ئوردىسىغا چۈشۈشى بىلەن ساراي تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. سارايىنىڭ ۋادەكلىرى، تۈۋرۈك، لىم ۋە خار - جەگىلىرىگە تۈرلۈك نەقىشلەر ئويۇلغان، سارايىنىڭ تاملىرىغا تۈرلۈك بۇددا ھېكايەتلىرى رەسىم قىلىنىپ سىزىلغان تاڭكا[①] ئېسىلغانىدى. مەسىلە - مەرۇپ قىلىنغاندا، سارايىنىڭ ئىچى ۋە سىرتى بۇتپەرەس براخمانلار بىلەن لىق تولاتتى. قوڭغۇراق ساداسى، بۇرغا - كاناي ئاۋازلىرى ياڭراپ، يىراق - يېقىنلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لىخاسانىڭ تۆت ئەتراپى تاغ بىلەن ئورالغان بولغاچقا، گەرچە ئەتىياز پەسلى بولغان بولسىمۇ، بۇ يەردە ھاۋا ئىللىپ كەتكەن. باھارنىڭ ئىزنالىرى ئايان بولۇشقا باشلىغانىدى. غۇر - غۇر ئىللىق شامال دەر پەردىلەرنى قايرىپ،

---

① تاڭكا - بۇتلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان يىپەك پەردە.

wwww.bilnur.com

ئىللىق قۇياش نۇرى بىلەن تىلاۋەتخانىلارنىڭ ئىچىنى لىق
تولدۇراتتى. راھىب - سىرامانلارنىڭ نوم - سۇترا ئوقۇغاندىكى
ئاۋازلىرىدىن پۈتۈن بۇددالا سارىيى لەرزىگە كېلەتتى.

* * *

ئارافات كۈنى. ئاپاق خوجا سەھەر تۇرۇپ تاھارىتىنى
ئالدى - دە، ناماز بامداتنى پۈتۈن پەرھىز - سۈننەتلىرى بىلەن
ئۆتەپ ئادا قىلدى. بۈگۈن زۇلھەججەنىڭ ئونىنچى كۈنى
مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى ئىدى. ئۇ قۇياشقا قاراپ
بېقىپ ھېيت نامىزىنى ئۆتەيدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانلىقىنى
ھېس قىلدى - دە، ئۆزى چۈشكەن تەكىيە خانىنىڭ سىرتىدىكى
مەيداندا قۇربان ھېيت نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇدى. ئۇ ئىككى
رەكئەت مەسچىت نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ:

— بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، . . . نىيەت قىلدىم
ئۆتەرمەن ئىككى رەكئەت ھېيت قۇربان نامىزىنى، جەمئىي
تەكبىرلىرى بىلەن، ۋاجىبدۇر شۇ ۋاقىت ئىچىدە يۈزۈم
قىبلىگە، قىبلە جىھەتى كەئبىگە، ئىقتىدا قىلدىم ئۆزۈمگە،
خالىسەن لىللاھ تائالا ئاللاھۇ ئەكبەر! — دەپ قۇلاق تۇتۇپ سانا
ئوقۇدى. قالغان ئۈچ تەكبىرنى كېيىنكى رەكئەتتە قىرائەتتىن
كېيىن روكودىن ئىلگىرى ئېيتىپ قۇلاق قاقتى. . .

/ئۇ ئىقتىدا قىلغان قىبلە تەرەپتە بۇتپەرەسلەرنىڭ بۇتخانىسى
بۇددالا سارىيى جايلاشقانىدى. «. . . ھەي، مۇبادا ھازىرنىڭ
ئۆزىدە مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ھېيتگاھ جامەسىدە بولغان
بولسام، — دەپ ھەسرەتلىنىك ئويلىدى ئۇ قىرائەت
قىلىۋېتىپ، — ماڭا، لەكمىڭ - لەكمىڭ ئادەم ئىقتىدا قىلىپ
ناماز ئوقۇماتتى!»

ئاپاق خوجا قۇربان ھېيت نامىزىنى ئۆتەپ بولغاندا، ئەتراپتا

wwww.bilnur.com

ئۆلىشىۋالغان بۇتپەرەس سىرامانلار بۇ يوچۇن كېيىنگەن كەلگىنىدىكە قىزىقىپ قارىشىپ، تاڭغىچە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ تۇرۇشاتتى.

ئۇ تەكىيە خانىغا قايتىپ كېلىپ، دالاي لامانىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تەقەززا بولۇپ ئولتۇردى. ناماز پېشىن مەھەلدە بىر سىرامان كىرىپ، دالاي لامانىڭ مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى ۋە ئۆزى بىلەن بىللە مېڭىشىنى ئېيتتى. دالاي لامانىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئاپاق خوجا خۇشاللىقىدىن پېشىن نامىزىنىڭ قازا بولۇش - بولماسلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماستىنلا دەرھال ئورنىدىن تۇردى - دە، ھېلىقى سىرامانىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

دالاي لاما ئاپاق خوجىنى بۇددالا سارىيىدىكى قونشىئىم[1] زالىدا — ئۆزىنىڭ شاھىنشىنىدا قوبۇل قىلدى.

تىبەت بۇتپەرەستلىرىنىڭ چوڭى، براخمان پادىشاھى دالاي لامانىڭ دەھرىي ئىسمى ئاۋاڭ لوساڭ جاسۇ[2] دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يېشى ئاتمىشلاردىن ھالقىغان، چاچ - ساقاللىرى ئۇچنەك ئاقارغان ۋىجىك بىر ئادەم ئىدى.

مىلادى 1653 - يىلى (يىلان يىلى)، خاقانىي چىن شۈنجى[3] ئۇنىڭغا: «ئەرشىئەلادىكى ئاق كۆڭۈل بۇرھان ھىمايىسىدىكى ۋاجرادولا دالاي لاما» دېگەن ئاتاقنى بەرگەنىدى. بۇ - «دېڭىزدەك كەڭ قورساق نوم بىتىك ئاچارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. دېمەك، تىبەت ئېلىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان

---

① قونشىئىم — بۇددا دىنىدىكى تۆت چوڭ بۇرھانىنىڭ ئىككىنچىسى، مېھىر - شەپقەت ھامىيسى، ئەسلى نامى ئاۋالوكىتا ئىشۋارا بۇددىھا.

② ئاۋاڭ لوساڭ جاسۇ (1617 - 1682) — تىبەت گىرۇ مەزھىپىدىكى بۇتپەرەسلەرنىڭ سەردارى. دالاي لاما - ئۇنىڭ روھانىيلىق نامى. مىلادى 1642 - يىلى گوشخان ئورساكىنى بېسىۋالغاندا، ئاۋاڭ لوساڭ جاسۇ دالاي لاما بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققانىدى.

③ خاقانىي چىن شۈنجى — مانجۇلار 1644 - يىلى سەددىچىنىدىن بېسىپ كىرىپ پۈتۈن جۇڭگونى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندىن كېيىن جۇڭگو تەختىدە ئولتۇرغان پادىشاھ ئېيسىنگور فۇلىنىنىڭ سەلتەنەت نامى.

wwww.bilnur.com

ئىككىنچى ھۆكۈمدار يوق ئىدى.

سىرامان ئاپاق خوجىنى شاھىنشىنىغا باشلاپ كىرگەندە، بېشىغا ئالتۇن دىدىم[1]، ئۇچىسىغا سېرىق زەربابتىن براخمانچە يەكتىز تون كىيگەن دالاي لاما قونشىئىم بۇتىنىڭ تاڭكاسى ئالدىغا قويۇلغان ئالتۇن چىرگىنىدا[2] ئولتۇراتتى. شاھىنشىنىڭ بوسۇغىسى يەردىن بىر گەز ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بوسۇغىدىن ئالتۇن چىرگىن قويۇلغان شاھ سۇپىنىڭ ئالدىغىچە يەتتە غۇلاچ ئارىلىق بار ئىدى.

ئاپاق خوجا بۇ ھەشەم كاراماتكە قاراپ سەل ھودۇقۇپ قالدى — دە، بوسۇغىنى ئاتلاپ ئۆتكىچە پۈتلىشىپ كېتىپ ئالدىغا دۈم چۈشتى. ھېلىقى سىرامان دەرھال ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويدى.

ئاپاق خوجا شاھىنشىن ئىچىگە كىرىپ، بۇ بۇتپەرەسلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە يۈزىنى يەرگە يېقىپ دالاي لاماغا يەتتە قېتىم سەجدە قىلدى: ئۇ بۇ يەتتە غۇلاچ ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكىچە يەتتە قېتىم يۈزىنى يەرگە يېقىپ، يەتتە قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئاران شاھ سۇپىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كېلەلىدى. ئالتۇن چىرگىنىدە ئولتۇرغان دالاي لاما:

— ھەي مېھمان، — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن، — قاتمۇ قات تاغلاردىن ئېشىپ، نۇرغۇن جاپا - رىيازەتلەرنى چېكىپ، مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا كەلمەكنى ئىختىيار قىلماقتا سەۋەبىڭ نېمىدۇر؟

— ئى براخمانلارنىڭ مېھرىبان پادىشاھى، — دېدى ئاپاق خوجا شاھ سۇپىنىڭ گىرۋىكىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، — مەن زامانىنىڭ سېھىرلىك سوقماق يول - كوچىلىرىدىن تەمتىرەپ ئۆتۈپ، سىزنىڭ مۇقەددەس نەپەس شەرىپىڭىزدىن تەۋپىق تېپىش

[1] ئالتۇن دىدىم — تاج، كۇلاھ، براخمانچە بۆك.
[2] ئالتۇن چىرگىن — تەخت، براخمانلار ئولتۇرىدىغان كۇرسىنىڭ نامى.

wwww.bilnur.com

ئۇچۇن ھۇزۇرۇڭغا كەلدىم. بۇنىڭغا مېنىڭ خۇداپەرەستلىك سائادىتىنى ھاسىل قىلىپ، سېنىڭ ئېتىقادىڭنى تونۇغانلىقىم سەۋەب بولدى. ھالا بۈگۈن سېنىڭ ئاۋاتلىق چېھرىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. ئەمدى مەن سېنىڭ سېخىي دوستلۇقۇڭغا قول بېرىپ، ئاخىرەتلىكىڭنى تونۇسام، ئىنايەت ۋە مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن مېنى قوللاپ، ماڭا ياردەم بېرەرسەنمۇ؟

— كىمدۇرسەن؟ نامۇ - ئەمالىڭ، زاتى - شەرىفىڭ نېمەدۇر؟ قايسى ھۇدۇتلۇقتىن كېلۇرسەن؟ — دەپ سورىدى يەنە دالاي لاما.

— مەن مۇسۇلمان پىرقىسىنىڭ موللىسى، سەييىدزادەدۇرمەن. زاتىم ئۇيغۇر، نامۇ - شەرىفىم ھىدايىتۇللا خوجىزادەدۇرمەن. خۇسۇسەن مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ياركەند، كاشغەر خەلقى مۇرىت - مۇخلىسىم ئەردى. ئەلھال، بۇ شەھەرلەرنى ئىسمايىل خان ئاتلىق بىر مۇرتەد مەندىن سويۇپ ئالدى ۋە مېنى بۇ ھۇدۇتلۇقتىن قوغلاپ چىقاردى. سېنىڭدىن شۇنى ئىلتىماس قىلادۇرمەنكى، كىشى بۇيرۇپ، مېنىڭ قولۇمدىن كەتكەن ئاشۇ تەختىم - بەختىم، ۋەجۇ - ۋەسلىمنى قولۇمغا ئالىپ بەرگەيسەن! — دېدى ئاپاق خوجا يىغلاپ تۇرۇپ.

مۇلكىي قەشقەرىيە ھۇدۇتلۇقى ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى كۆپ ئاڭلىغان دالاي لاما ئالدىدىكى بۇ مۇسۇلمان موللىسىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، ئالتۇن چىرگىنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى، ئاندىن:

— ئى مۇسۇلمان، سەن ئېيتىۋاتقان بۇ مەملىكەت بىر زامانلاردا بىزنىڭ سەلتەنەتلىك ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇلكىي تەسەررۇپلۇقىدا بولغانىدى. قارا، ئاۋۇ ئالتۇن قونشىئىم بۇت قۇتچۇردا[1] قويۇلغان. مۇنۇ يىپەك تاڭىا — خوتەن يىپىكىدىن

① قۇتچۇر — بەخت - سائادەتلىك بەگ دېگەن مەنىدە، تۇرپاننىڭ قەدىمكىناملىرىدىن بىرى.

wwww.bilnur.com

تىكىلگەن، ماۋۇ قاشتېشى لوڭقا قارىقاش ھاۋزىسىدىن سۈزۈپ ئېلىنغان قاشتېشىدا ئويۇپ ياسالغان. ئاۋۇ قۇتا، ــ دەپ تېشىغا ياقۇتتىن كۆز قويۇپ، ئالتۇندىن تۇتقۇچ بېكىتىلىپ ياسالغان بىر ياغاچ قۇتىنى كۆرسەتتــــى دالاي لاما، ـــ سىـــلەرنىـــڭ خارەتلىرىڭلارنىڭ قولى بىلەن ياسالغان!... بىــز ئۇ كاتتا دەۋرنى تېخى ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق!

دالاي لاما بۇ يەردە ئۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرىيە ھودۇتلۇقىدا يۈز بەرگەن تائخىت يىغىلىقىــــغا ئىـــشارەت قىلىۋاتاتتى...

تارىخى ھىجرىيىنىڭ 138 ـ يىلى① (قوي يىلى) يازدا، تاۋغاچ ئېلىدە② ئۆكلۈك ـ سۆيگىن توپىلىڭى يۈز بەردى. توپىلاڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىپ، تاۋغاچ ئېلى بىلەن ئۇيغۇرىيە ئارىسىدىكى قەدىمكى يىپەك يولىنى ئۈزۈپ قويدى. تىبەت ئاقسۆڭەكلىرى تاۋغاچ خاقانىنىڭ ئۇيغۇرىيە ئېلى بىلەن كارى بولمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرىيىنىڭ ئۇدۇن،③ كۇسەن④، ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى⑤، بېشبالىــق⑥ قاتارلىق جايلىرىغا بېسىپ كىردى ۋە پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

مىلادى 759 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، بۈيۈك ئۇيغۇرىيە سەركەردىسى بۆكۈ تېكىن⑦ تائخىت باسقۇنچىلىرىغا قارشــى ئۇرۇش

① مىلادى 755 ـ يىلى.
② تاۋغاچ ئېلى ـــ دۆلىتىمىزدىكى تاڭ سۇلالىسى (618 ـ 907). قەدىمكى ئۇيغۇر يازمىلىرىدا «تاۋغاچ ئېلى» دەپ ئاتالغان.
③ ئۇدۇن ـــ قەدىمكى خوتەن.
④ كۇسەن ـــ قەدىمكى كۇچا.
⑤ ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى ـــ مىلادى 5 ـ ئەسىردە تۇرپان ئەتراپلىرىدا تۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ فېئودال دۆلىتى.
⑥ بېشبالىق ـــ قەدىمكى قاغانبۇتىنىڭ نامى. ھازىر جىمسارنىڭ شىمالىدا.
⑦ بۆكۈ تېكىن (779 ـــ ؟) ـــ بۆكۈ قاغان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ 3 ـ ئەۋلات پادىشاھى. مويۇنچۇر قاغانىنىڭ ئوغلى. «ئالىپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» دەپمۇ ئاتالغان. مىلادى 762 ـ يىلى يازدا، ئۇ 5000 ئۇيغۇر ئاتلىق ئەسكىرىنى تاۋغاچقا باشلاپ بېرىپ، تاڭ سۇلالىسىدىكى سى چاۋبى توپىلىڭىنى باستۇرغان. 20 يىل تەختتە ئولتۇرغان.

wwww.bilnur.com

قوزغاپ، تاڭغىت باسمىچىلارنى تەلتۆكۈس مەغلۇپ قىلدى ۋە ئۇلارنى مۇلكىي قەشقەرىيىدىن قوغلاپ چىقاردى. تاڭغىت باسمىچىلارنىڭ شاڭكۇڭرى دېگەن بىر سەركەردىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ناھايىتى نەپىس ياسالغان بىر ياغاچ قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئورساڭغا ـ[1] تاڭغىت پادىشاھى — زەنبۇغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى ۋە ئۇنى: «يەنە خەقنىڭ مۇقەددەس زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلىدىغان بولۇشساڭ ئاقىۋىتىڭ مانا مۇشۇنداق بولىدۇ!» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى! . . .

بۇتپەرەستلەرنىڭ چوڭى دالاي لاما ماختىنىۋاتقان بۇ ياغاچ قۇتا ئەنە شۇ چاغدا تىبەتلەرنىڭ شاڭكۇڭرى دېگەن سەركەردىسىنىڭ بېشى سېلىنغان ھېلىقى ياغاچ قۇتا ئىدى!

— ئى پەرۋەردىگارىم، ئەگەر ئاشۇ سەلتەنەتلىك دەۋرانىڭنىڭ يەنە قايتىپ كېلىشىنى ھېلىمۇ خالىساڭ، سېنىڭ نۇسرەت سۈپەت قوشۇنلىرىڭنى مۇلكىي ئۇيغۇرىيىگە باشلاپ بېرىشتىن ھەرگىزمۇ باش تارتمايمەن! — دېدى ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ.

دالاي لامانىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇغاندەك بولدى — دە، پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر سېزىم تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. شۇنداق، ئۇ خۇشال بولماي كىم خۇشال بولسۇن؟ بۇددا تەرىقىتىنى كۈنچىقىشتىكى مۇلكىي ئۇيغۇرىيىدە يەنە چارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلىۋاتقان چاغدا بۇنداق پايدىلىق پۇرسەتنى ئەلۋەتتە قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك — تە!

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئاپاق خوجىنى يۆلەپ ئورنىدىن

① ئورساڭ ـ تىبەتنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى. ھازىر شىزاڭ، دېيىلىدۇ.

wwww.bilnur.com

تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقان پېتىچە قونشىئىم بۇتىنىڭ تاڭكاسى كەينىدىكى خۇپىيە خانىغا قاراپ ماڭدى. . .

*　　　*　　　*

رەبىيەلئەۋۋەلنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ جۇڭغارىيە قالماقلىرىنىڭ چوڭى غالدانغا قارىتىپ يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ كۆكنۇرغا[1] قاراپ يولغا چىقتى.

جۇڭغارلار — موڭغۇللارنىڭ تۆت ئويرات قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. ئويراتلار چىڭگىزخان زامانىسىدىلا موڭغۇل دالاسىنىڭ غەربىدىكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان گوبىي چۆلى ئەتراپىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئۇلۇس ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ ئۈرۈمچى ئەتراپلىرىدا ياشايدىغانلىرى خوشۇت قەبىلىسى، ئىلى ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىرى تورغات قەبىلىسى، ئېرتىش دەرياسى بويىدا ياشايدىغانلىرى دۆربىت قەبىلىسى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تۆت قەبىلە ئىچىدە جۇڭغار قەبىلىسى ھەممىدىن كۈچلۈك قەبىلە سانىلاتتى. ئۇلارنىڭ تۇرغان جايى ئۇلارنىڭ نامى بىلەن جۇڭغارىيە دەپ ئاتىلاتتى. جۇڭغار قەبىلىسى تارىختا يەنە جوراس قەبىلىسى دەپمۇ ئاتالغانىدى. تۈركىستاندىكى سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئەجدادلىرى مۇشۇ جوراس قەبىلىسى بىلەن تارىختا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق قىلىشقانىدى.

① كۆكنۇر — ھازىرقى چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ تارىختىكى نامى. كۆكنۇر كۆلىمۇ شۇ يەردە.

wwww.bilnur.com

پەغپۇرچىننىڭ[①] چۇڭجېن[②] 13 ـ يىلى[③] 9 ـ ئايدا، موڭغۇللارنىڭ جۇڭغارىيىدىكى جۇراس قەبىلىسى ۋە خوشۇت، خالخە[④] موڭغۇللىرىنىڭ قىرىق تۆت تارخانى تارباغاتايدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، «موڭغۇل ئويرات ياسىقى» نى تۈزۈپ چىقىشتى. بۇ ياساق بويىچە ھەرقايسى موڭغۇل ئۇلۇس ـ قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ـ ئارا مەجبۇرىيەتلىرى، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە يايلاق ھۇدۇتلۇقى ئۈستىدە ئېنىق بەلگىلىمە تۇرغۇزۇلدى. شۇڭا، بۇ «موڭغۇل ئويرات ياسىقى» موڭغۇل جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەشتە مۇئەييەن رول ئوينىدى.

خاقاني چىننىڭ شۇنجى تۇنجى يىلى[⑤] 6 ـ ئايدا، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ چوڭ سەردارى باتۇر قۇنتەيجىنىڭ ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا غالدان دەپ ئىسىم قويدى. بۇ ئوغۇل باتۇر قۇنتەيجىنىڭ ئالتىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ سىڭگى دەپ بىر ئاكىسىمۇ بار ئىدى.

موڭغۇللارنىڭ ئادىتى بويىچە، ھەر بىر تۇتۇندە ئىككى ئوغۇل بولسا، بۇ ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە كىچىكى چوقۇم مانجى[⑥] بولاتتى. مۇشۇ ئادەت بويىچە، غالدانمۇ كىچىك ۋاقتىدىلا تىبەتكە ئەۋەتىلىپ، دالاي لامانىڭ ھۇزۇرىدا سىرامان بولدى.

غالدان كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا تولىمۇ ئەقىللىق، زىرەك ئىدى. شۇڭا، دالاي لاما ئۇنى تېزلا ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ دالاي لامانىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

مىلادى 1670 ـ يىلى (ئىت يىلى) يازدا، جۇڭغارىيە قالماقلىرىنىڭ سەردارى، غالداننىڭ ئاكىسى سىڭگى ئۆزىنىڭ ئاتا

---

① پەغپۇرچىن — جۇڭگو تارىخىدىكى مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ 1368).
② چۇڭجېن — 16 ـ ئەۋلاد پەغپۇرچىن، پادشاھ جۇيۇجيەننىڭ نامى.
③ مىلادى 1640 ـ يىلى.
④ گوبى چۆلىنىڭ شىمالىدا ياشايدىغان موڭغۇللار.
⑤ مىلادى 1644 ـ يىلى.
⑥ مانجى ـ بالا سىرامان.

wwww.bilnur.com

بىر، ئانا باشقا ئاكىلىرى چىيچەن تەيجى ۋە جوتباھادۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئاكىسىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان غالدان دەرھال لىخاسادىن جۇڭغارىيەگە — ئىلىبالىقتىكى ئېرەن قابۇرغىغا[①] قايتتى.

خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ 10 - يىلى[②] يازدا، غالدان ئاكىسى سېڭگىنىڭ قول ئاستىدىكى كونا بۇرادەرلىرى ۋە ئويراتلارنىڭ ئاتاقلىق سەردارلىرىدىن سوخۇر ئۇباش ۋە ئوچىرتو چىيچەن دېگەن خانلارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن چىيچەن تەيجى، جوتباھادۇرلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى بىلەن ئالتاينىڭ قاناس كۆلى بويىدا قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ قېتىمقى قاناس ئۇرۇشىدا چىيچەن تەيجى مەغلۇپ بولۇپ غالدان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جوتباھادۇر كۆكنۇر بويىغا قېچىپ كەتتى.

قاناس ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان ئوتتۇز يەتتە ياشلىق غالدان جۇڭغارىيە قالماقلىرىنىڭ داڭلىق سەردارىغا ئايلاندى.

غالدان ئۆزىنىڭ ئورنىنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە تەسىر كۈچىنى ئەتراپقا قانداق كېڭەيتىش ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئەقىلدارلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. «بۇ چاغدا، تومۇز ۋاقتى ئىدى. خاقانىي چىننىڭ يۇننەن، گۇيجۇ ھۇدۇتلۇقلىرىدا غەليان چىققان، شەنشى، سىچۈەن ئۆلكىلىرىدە چېكەتكە ئاپىتى يۈز بەرگەنىدى. غالدان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خاقانىي چىن ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ بارماقچى بولدى. بۇ ئىشنى ئاڭلىغان دالاي لاما دەرھال ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ‹بەس، بۇ نىيىتىڭدىن يان! ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ!›، دەپ گەپ ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن غالدان خاقانىي چىنغا يۈرۈش قىلىش

① ئېرەن قابۇرغا — تارىخىي يەر نامى. تەڭرىتاغلىرى. ھازىرقى نىلقا، ساۋەن، تېكەس چېگرىسىدىكى ئېرەن قابۇرغا تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى قالماق كۆرە ئۆپچۆرىسىگە توغرا كېلىدۇ.

② مىلادى 1671 - يىلى.

wwww.bilnur.com

نيیتىدىن ياندى. ئۇنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ئۇنىڭغا: «دۆلەت قۇرۇشتا ئاساس پۇختا بولمىسا بولماس. بۇزرۇكۋار بوۋىمىز تېموچىن[1] دەسلەپتە باش كۆتۈرۈپ چىقىپ قىرىق ئەلنى بېسىۋالغان، جاھاننى پايىمال قىلغانىدى. ئاندىن پەغپۇر چىنغا ھۇجۇم قىلىپ، ئالتۇن خاننى[2] يوقىتىپ، مۇلكىي خىتايغا مۇئەككەل بولغانىدى» دېيىشتى. غالدان ئۇلارنىڭ مەسلىھىتى بويىچە «يىراقتىكىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، قوشنىسىنى كوچىلاش ھىيلىسى» نى قوللاناماقچى بولدى...»[3]

غالدان «يىراقتىكىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، قوشنىسىنى كوچىلاش ھىيلىسى» بويىچە، بىر تەرەپتىن خاقانىي چىنغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ بەيئەت قىلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى ھەر قايىسى ئويرات قالماقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇلكىي قەشقەرىيىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى سىڭگىمۇ مۇلكىي قەشقەرىيىگە بىر نەچچە قېتىم باستۇرۇپ كىرىپ، كۆپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان ۋە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا قول تىققانىدى.

مىلادى 1673 ـ يىلى (كالا يىلى) يازدا، غالدان ئۆز تاغىسى سوخۇر ئۇباشىقا ھۇجۇم قىلىپ مەغلۇپ بولدى. ئۇ ئۇچېرتو چېچەن خاندىن ياردەم سورىدى. مىلادى 1676 ـ يىلى قىشتا، غالدان سوخۇر ئۇباشىقا يەنە ھۇجۇم قىلىپ ئاخىر ئۇنى يېڭىپ تىرىك تۇتۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى باغىبەندىنى

① تېموچىن — موڭغۇللار تارىخىدىكى مەشھۇر ئىستېلاچى چىڭگىزخان.
② ئالتۇنخان — شىمالدىكى جورچىتلار قۇرغان فېئوداللىق سۇلالە نامى. مىلادى 1115ـ يىلى ئاگۇدا تەرىپىدىن قۇرۇلغان. مىلادى 1234 ـ يىلى چىڭگىزخان تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان.
③ لياڭ فېن: «جېگرا ئىشلىرىغا ئائىت خاتىرىلەردىن قىسقارتىلما»، چىڭخەي خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 421 ـ بەت.

wwww.bilnur.com

ئۆلتۈرۈۋەتتى. باغبەندىنىڭ ئوغلى خاندۇ ئېجىنا دەرياسى بويىغا قېچىپ كەتتى.

مىلادى 1677 ـ يىلى يازدا، غالدان ئۆزىگە ياردەم قىلغان ئوچېرتو چېچەن خانغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى تارمار كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ھەرقايسى ئويرات ئۇلۇسلىرىغا ئۆز گېپىنى ئۆتكۈزىدىغان» مەقسەتنى ئاخىر ئىشقا ئاشۇردى.

مىلادى 1677 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، غالدان 30 مىڭ ئاتلىق لەشكىرى بىلەن سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۆلكىلىرى تۇرپان بىلەن قۇمۇل ھۇدۇتلۇقىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ جايلارنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئاپاق خوجا دالاي لاما بەشىنچىنىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ قۇمۇلغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئاراتۇرۇكتىكى قارارگاھىغا كېلىپ غالدان بىلەن كۆرۈشتى. . .

* * *

— پاك پەرۋەردىگارغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە دالاي لاما بۇرھانەھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە سالاۋەتىن سوكرە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئاپاق خوجا، — ئالەم گۈلشەنىنى ۋە ھۆكۈمدارلار بەزمىسىنى بېزىگۈچى، جاھان سەلتەنەتىنىڭ تايانچىسى ۋە سەردارى، پادىشاھلىق تاجىسىنىڭ شولىسىنى ئاشۇرغۇچى ياخشى نىيەتلىك غالدان قالماق پادىشاھ ئالىيلىرىغا مەندىن سالام! يەر يۈزىدىكى پادىشاھلارنىڭ ۋە سەلتەنەتىنىڭ مەركىزى بولغان ئانھەزرىتىمدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم شۇكى، ئىلتىماسىمنى قوبۇل ئېتىپ، مۇراد چىمەنزارلارنىڭ ئەبەدىي گۈللىنىشى ئۈچۈن مېھرىبانلىق بۇلاقلىرىدىن سۇغارغايسىز. غەمناك بولغان يۈرىكىمىزدىكى غۇبارلارنى ئۆز مەرھەمىتىڭىز بىلەن

wwww.bilnur.com

پاكلىغايسىز، تەڭرىتائالا يارىتقان بەندىلەر ئىچىدە ئەڭ ئەلاسى ۋە سۆيۈملۈكىدۇرسىز! ئىنسانلار ئارىسىدا مۇھەممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قېلىشقۇسىز ئادەممىي ئەۋزەلدۇرسىز! خورلانغان ۋە مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغان مېنىڭدەك بىر ناتىۋان مىسكىنىر مۇشەققەتلەر بىلەن براخمان پادىشاھى بۇرھانەھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرەپلىك بوسۇغىلىرىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇل ھەزرىتى بۇرھانەھۇ بىلەن مۇلاقەتتە بولۇشقا نېسىپ بولدۇم. مۇراد ـ مەقسەتلىرىمنى براخمانلارنىڭ ئۇلۇغ موللىسى بولمىش ئۇل سۇلتانۇل مۇھەققىقىنغا مەلۇم قىلىۋىدىم، ئۇشبۇ مەكتۇپنى سىز قالماق ئالىيلىرىغا قارىتىپ پۈتۈپ بەردى...

غالدان ئاپاق خوجىنىڭ قولىدىن دالاي لامانىڭ ئۆزىگە قارىتىپ يازغان خېتىنى ئالدى ۋە ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدى. خەتتە مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

«... سەن بۇرھانىمىز بارلىق كىشىلەر ئارىسىدىن تاللىغان ئۇلۇغۋار ھۆكۈمدارسەن. بۇرھان مەملىكىتىنىڭ مۇراد ـ مەقسەت تۇلپارىنىڭ سەلتەنەت ئۈزەڭگىسىگە ئاياغ قويغان ئادەمسەن. بەختىيارلىقنىڭ ئىگىسى، مەملىكەتلەرنى ئىشغال قىلىش سىرلىرىنى ئاچقۇچى سەن. شۇڭا، ساڭا بېشەۋكەتى[1] خان تاجىنى ئاتا قىلدىم...

مېنىڭ ئۇل مەكتۇپىمنى ساڭا ئېلىپ بارغۇچى ئافاق بىسيار ئۇلۇغ، ئۆز دىنىدا كامىل مۇكەممەل بىر كىشىدۇر. ئۇ كاشغەر، ياركەندنىڭ خەجەسى ئىكەن. ئىسمايىل خان دېگەن مۇنىڭ يۇرتىنى سويۇپ ئېلىپتۇ. كېرەككى، لەشكەر ئەۋەتىپ، يۇرتىنى قولىغا ئېلىپ بەرگەيسەن ۋە ئەگەر شۇنداق قىلمىساڭ مۇشكۇل بولغۇسىدۇر! گەپ تامام، نامەۋەسسالام، ئەرشىئەلادا.

[1] دالاي لاما غالدانغا «بوشۇكتۇخان» دەپ نام بەرگەنىدى.

wwww.bilnur.com

كى ئاق كۆڭۈل بۇددا ھىمايىسىدىكى ۋاجرادرلا دالاي لاما.»①

غالدان «يىراقتىكىسى بىلەن ئەپ ئۆتۈپ، قوشنىسىنى كوچىلاش ھىيلىسى» نى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ كېيىنكى قەدىمىدە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇلكىي قەشقەرىيىسىنى بويسۇندۇرماقچى ئىدى. مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئاپاق خوجا دالاي لامانىڭ ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭغا زور مەدەت ۋە جۈرئەت بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دالاي لاما ئۇنىڭغا «بېشەۋكەتى خان» دەپ رەسمىي ئۇنۋان بەرگەنلىكى ئۇنى تېخىمۇ يۈرەكلىك قىلدى. چۈنكى، بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى خان بولغان ئىسەن بۇقانى ھېسابقا ئالمىغاندا، غالدان جۇراس قەبىلىسىدىن خان بولغان تۇنجى ئادەم ئىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇلكىي قەشقەرىيە — غالدان ئىستىلا قىلىشنى ئوڭىدىمۇ - چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان باياشات بىر مەملىكەت ئىدى!

تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەئىدىيە دۆلىتى — جۇڭغارلارنىڭ باتۇر قۇنتەيجى، سېڭگى دەيدىغان خانلىرى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چاغلاردىلا جۇڭغار موڭغۇللىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە بىر قانچە قېتىم ئۇچرىغانىدى. ئەمما، بىر پۈتۈن سەلتەنەت مەركىزىگە ئىگە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قوشۇنلىرى سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىرىغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، تاجاۋۇزچىلارنى مۇلكىي قەشقەرىيىدىن ئارقا - ئارقىدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ۋە سەئىدىيە خەلقىنىڭ ئىززەت - نەپسىنى قوغداپ قالغانىدى.

غالدان ئىنتايىن قارا نىيەت يامان ئادەم ئىدى. ئۇ جۇڭغارىيە تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن تەڭرىتاغلىرىنىڭ

---

① مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى، 49 - بەت.

wwwww.bilnur.com

چەنۇبىدىكى كەڭ مۇنبەت، باياشات ئۆلكە بولغان مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزۈۋېلىش قەستىدە بولۇۋاتقاندا، سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ خاندانىدا تەخت تالىشىش كۈرىشى ۋە ئاقتاغلىقلار بىلەن قاراتاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ كۈرىشى كەسكىنلىشىپ «ياسەن، يامەن»، ياكى «سەن بار مەن يوق، مەن بار سەن يوق» دەيدىغان مۇتلەق مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

ئاپاق خوجىنىڭ دالاي لامانىڭ ئىنايەتنامىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئەسكەر چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىشى غالدان ئۈچۈن ئىنتايىن ياخشى، تېپىلغۇسىز پۇرسەت بولۇپ بەردى. دېمەك، نۇسرەت قۇشى مۇلكىي قەشقەرىيە ئاسمىنىدا ئۇنىڭغا كۈلۈپ قانات قېقىۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۇ سەئىدىيە خانلىقىنى تەلتۆكۈس مۇنقەرز قىلىدىغان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندى - دە، مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۇزۇل - كېسىل ئىستېلا قىلىش قارارىغا كەلدى. . .

* * *

مۇشۇ مەزگىللەردە چاغاتاي نەسلىدىن بولغان سەئىدىيلەر ئىچكى نىزا ئوتىغا پېتىپ قېلىشتى. ئەلدە بىرلىك بولمىدى. غەلىيانلار ئۆي توشقىنىدەك كۆپەيمەكتە ئىدى. بالا ئاتىغا، ئاتا بالىغا، قېرىنداش قېرىنداشقا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش بۇ ئەلدە ئادەتكە ئايلانغانىدى. ھەدىستە : «بىرلىك بولمىغان ئەلدە بەرىكەت قاچىدۇ» دەپ ئېيتىلغىنىدەك، سەئىدىيە خاندانىدىكى نىزالار ۋە بۇ نىزالارنىڭ بىۋاستە سەۋەبچىسى بولغان قەشقەر خوجىلىرى بىر- بىرىگە پىتنە قوپۇشۇپ جىم تۇرۇشمىغانلىقتىن،

wwww.bilnur.com

تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 919 ـ يىلى[①] (ئىت يىلى) قۇرۇلغان سەئىدىيە دۆلىتى 150 يىل ئۆتۈپ، ئونىنچى ئەۋلاد خان — سۇلتان ئابدۇللاخان زامانىغا كەلگەندە زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى.

سەئىدىيە خاندانىنىڭ ئۆدۈمى بويىچە، ھەر بىر شاھزادە بىردىن پىرغا قول بېرىشكەن ۋە ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇشقانىدى. بۇ پىرلارنىڭ دۇئايى ـ دەستەكلىرى بۇ قارا نىيەت، بىكۆيۈم، بىۋاپا شاھزادىلەر ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ ئەمرىدىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان مەملىكەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، خوجىلار پىتنىسىگە چەك قويۇش، ئىسيانكار شاھزادىلەرنى جازالاش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەدبىرلىرى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ جان تومۇرىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان خوجىلار تەپرىقاتچىلىقىدىن ئىبارەت بۇ ياد زەھەر[②] ئالدىدا تېزلا بىكار بولۇپ كەتتى.

ئەزەلدىن بىر قەبىلە، بىر مەزھەپ، بىر جامائەت، بىر قوۋم ۋە بىر بىرلىك خاسلىقى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىدىغان، ئۆملۈك، ھەمدەملىك، ۋاپادارلىق، غول ـ غۇرۇر، ئىلمۇ ـ ئېرپان، ئەدلۇ ـ ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى تەقدىر مەنبە قىلىشقان ھالدا ياشاپ كەلگەن سەئىدىيە ئاھالىسى بۇ بىر توپ ماكانسىز تېجىمەل خوجا ـ پىرلارنىڭ ئاشۇنداق دۇئايى ـ دەستەكلىرى بىلەن يېتەكلىنىشى ئارقىسىدا، كۆپ قەبىلە، كۆپ مەزھەپ، كۆپ قوۋم، تارقاقچىلىق ھالىتىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىدىغان كۆپ پىرقە ـ گۇرۇھلۇق، بىھەمدەم، بىۋاپا، بىكۆيۈم ۋە غۇرۇرى

① مىلادى 1514 ـ يىلى.

② ياد زەھەر — ئاستا تەسىر قىلىدىغان بىر خىل زەھەرنىڭ نامى. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دە مۇشۇنداق دەپ مەلۇمات بەرگەنىدى.

wwww.bilnur.com

تەرىقەت، تەرىقەتى ئىرپان، تەرىقەتى ئادالەت، تەرىقەتى ھەققانىيەت ۋە تەرىقەتى ئادەم بولۇپ قۇمدەك چېچىلىپ كېتىشتى.

تەپرىقچى ـ سوخەنچى خوجا ـ ئىشانلار سەئىدىيە ئاسمىنىنى بېشىغا قالپاق، سەئىدىيە زېمىنىنى پۇتىغا پايپاق قىلىپ كىيىشىپ يۇرۇشەتتى. ئادەملەرنىڭ قەلبىدە بىۋاپالىق، بىكۆيۈملۈك، ياۋۇزلۇق، ھەسەتخورلۇق شۇمبۇيىلىرى بىخ سۇرمەكتە ئىدى. ئادەملەرنىڭ قېنى بۇزۇلغان، جەمئىيەتنىڭ مىجەزى بۇزۇلغانىدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سۇلتانلىرىدىن بولغان سۇلتان ئابدۇرەشىدخان[1]، سۇلتان ئابدۇلكەرىمخان[2] ۋە سۇلتان مۇھەممەدخان[3] قاتارلىق ئادالەتپاناھ، خەلقپەرۋەر سۇلتانلار بۇ خەتەرلىك ئاقىۋەتنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ ئەمما خىش قېلىپىدىن چىققان — كېچىككەنىدى!

قەشقەر خوجىلىرىنىڭ بوۋىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككى ئوغلى، ئاتا بىر، ئانا بىر ئاكا ـ ئۇكا قېرىنداشلار خوجا مۇھەممەت ئىمىن ئىشان بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانى باش مەنبە قىلىشقان ئىشقىيە مەزھىپى بىلەن ئىسھاقىيە مەزھىپى بۇ چاغدا مۇلكى قەشقەرىيىدە يىلتىز تارتىپ بولۇشقان ۋە خۇددى ياغاچقا چۈشكەن قۇرتتەك سەئىدىيە خانلىقىنى ئىچىدىن غاجىلاپ يەپ كاۋاك قىلىپ قويۇشقانىدى.

مۇھەممەد ئىمىن ئىشان مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1507 ـ يىلى پەرغانىدىكى كاساندا تۇغۇلغان،

① سۇلتان ئابدۇرەشىدخان — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد پادىشاھى. مىلادى 1534 ـ 1560 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن.

② سۇلتان ئابدۇلكەرىم خان — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلات پادىشاھى. مىلادى 1560 ـ 1591 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن

③ سۇلتان مۇھەممەدخان — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 4 ـ ئەۋلاد پادىشاھى. مىلادى 1592ـ 1609 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن.

wwww.bilnur.com

مىلادى 1562 ـ يىلى ئۆزىنىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئىسھاق خوجا ۋەلىيۇللا تەرىپىدىن يەكەندە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئىشقىيە (داستارلار) مەزھىپىنىڭ 1 ـ ئەۋلاد ئىمامى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىمام كالان دەپمۇ ئاتالغان؛ ئىسھاق خوجا ۋەلىيۇللا — مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى بولۇپ، مىلادى 1511 ـ يىلى پەرغانىدىكى كاساندا تۇغۇلغان. كېيىن يەكەنگە كېلىپ 12 يىل سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان. مىلادى 1589 ـ يىلى پەرغانىدىكى دەھبىدتە ئۆلگەنىدى. ئۇ ئىسھاقىيە (قارا تەقىيەلىكلەر) مەزھىپىنىڭ 1 ـ ئەۋلاد ئىمامى ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئىمام ۋەلىيۇللا دەپ ئاتالغان. «ئاق تەقىيلىك ئىشان ھەزرەتلەر كۈنەس قابۇرغا ئېتەكلىرىدە، قارا سالبارلىق[1] ئىشان — پىرىملار قارا قۇرۇم، قۇز قابۇرغا ئېتەكلىرىدە خۇدايى بەندىلىكنىڭ ئەھلى تەرىقەت يولىنى يايدىلەر... كاشغەردىن كۆھلە ـ كۈمۈشلەرگىچە[2] بارابەر ھەر بىر يۇرتتا، ھەر چاقاردا بىردىن بىرنەچچىلەرگىچە ئىشقىيە ئەزىزانلىرى مەسىلە ـ ماساھىپ بىلەن دۇئا بېرىپ، بىر بۆلەكتىن پۇقرانى تەۋبە ـ ئىستىغپارغا يېتەكلىشەر، ھەر پىر ھەر يەردە بىر ـ بىرلىرىگە داخىلە ئەمەس ئىردىلەر...»[3]

سەئىدىيە شاھزادىلىرى قول بېرىشكەن بۇ پىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھەرگىزمۇ خۇدا ـ روسۇل يولىدىكى نوقۇل دىنىي ئۇلۇغلار ياكى ئىسلام مۇتىۋەرلىرىدىن بولماستىن بەلكى قەبىھ سىياسىي قارا نىيەتلىرىنى كۆلاھۇ ـ جەندىلىرىنىڭ تېگىگە يوشۇرۇشقان قانخور، خىيانەتكار مەلئۇنلار ئىدى. ئۇلار «مۇسۇلمان ئۇممەتلەر نىيەت ـ ئەفئاللىرىنى ئۇلۇغ پىرلارنىڭ

---

① قارا سالبارلىق — قارا سالۋا تۇماقلىق دېگەن مەنىدە.
② كۆھلە ـ كۈمۈش — كۈمۈش تاغلىرى. توقسۇن بىلەن قارا شەھەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.
③ «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قاغىلىق ئازغانساللىق سۇلتان باي ھاجىم دېگەن ئۆلىما يازغان. ئۇ 1929 ـ يىلى كەشمىردە ۋاپات بولغان

wwww.bilnur.com

نىيەت ـ ئەفئاللىرى بىلەن بىر قىلىشنى ھەر تىنىق، ھەر قەدەمدىكى خۇدالىق قەرزدۇر، ئىككى ئالەملىك ۋەزىپە ۋە شەرتتۇر» دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرمىگەن، ئۇلارغا ئىشەنمىگەن كىشىلەرنى «نىيەتلىرى بۇزۇلغان، ئەزىز پىرلەرگە سەرگەشتىلىك قىلغان كىشىلەردۇر. بۇنداق كىشىلەر ياشايدىغان يەر، ئەل ـ يۇرتلاردىن خوجا پىرلەر رازى بولمايدۇ. ئاللا رازى بولمايدۇ» دەپ ئەيىبلىشەتتى. مۇشۇنداق نەزەر ئېتىبارلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئۆمۈر مەشغۇلاتلىرىنى سەئىدىيە ئاھالىلىرىنى مەنىۋى جەھەتتىن تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى خىسلەت، پەزىلەت ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدىن ۋاز كەچتۇرۇپ، مەلئۇن سوپى ـ ئىشانلارغا ئەگىشىپ ھەم ئۇلارنىڭ راي ـ قىلىقلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۆرنەك ـ ئۈلگە قىلىشقا، يۇقىرىدا سەئىدىيە خاندانىدىكى سۇلتان ـ شاھزادە، ئاقسۆڭەك ـ بەگلەرنى، تۆۋەندە ھەر بىر يۇرت، ھەر بىر مەھەللە ھەتتا ھەر بىر تۇتۇنگىچە بىردىن پىرغا قول بېرىپ، پىرنىڭ ئارقىسىغا جەملىشىپ، پارچىلىنىپ، خوجا چىنىكىدىن چىقماسلىققا ئادەتلەندۇردى. ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتىن تەدرىجىي يوسۇندا تەپرىقاتچىلىققا، بۆلگۈنچىلىككە، ئۆزئارا زادىلا قولاشمايدىغان تۇرلۇك يۇرت ـ جامائەت تۇركۇملىرىگە پارچىلاپ تاشلىدى. نەتىجىدە «بۆلۈنگەننى بۆرە يەر» دېگەندەك، پۈتۈن سۇرۇك ئۇيغۇر خەلقىنى پەۋقۇلئاددە قارامىلىق ۋە نادانلىق ئىسكەنجىسىگە چۈشۇرۇپ قويۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن زادىلا كارى بولمايدىغان، پايدا ـ مەنپەئەت دېسە دوزاخنىڭ ئوتىنىمۇ يالماپ يۇتۇشتىن يانمايدىغان بىغەم كالۋالارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. تارىختا غۇرۇرى كۈچلۈك، مىجەزى قەيسەر، ئادالەتنى ياقلايدىغان، دىيانەتلىك ـ پەزىلەتلىك، ئېرپان ـ مەرىپەتتە دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان، مادار ـ غەيرەتتە شۆھرەتلەنگۈدەك ئىش ـ نەتىجە ياراتقان، ئۆزىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى بىلەن ھەممە ئىنسان گۇرۇھىغا

wwww.bilnur.com

ئۆلگە بولۇپ «ئۇيغۇر» دەپ نام ئالغان بۇ قوۋمدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تەدرىجىي يوسۇندا قان بۇزۇلۇپ، زىتلىششىتا بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان، زىيانكەشلىكتە بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان، غەيۋەت - سۇخەنچىلىكتە ئەرلىرى ئاياللىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىر ئوچۇم خۇمسىلار يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى. . .

* * *

پۈتۈنسۈرۈك سەئىدىيە ئاھالىسىنىڭ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆزلىرىگە ئوق مەنبە قىلىشقان ئىشقىيە ۋە ئىسھاقىيە دەپ ئىككى مەزھەپكە ئايرىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى يەنىلا مەخدۇم ئەزەمدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 1471 - يىلى (توشقان يىلى) ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدە سەئىد مۇھەممەت كالان بىن جالالىدىن ئىشان ئائىلىسىدە بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا خوجا ئەھمەد دەپ ئىسىم قويدى. جالالىدىن ئىشاننىڭ ئائىلىسى كېيىنكى چاغلاردا پەرغانىدىكى كاسان قەلئەسىگە كۆچۈپ كەلگەنلىكتىن، كاسان خوجا ئەھمەدنىڭ لەقىبى بولۇپ، خوجا ئەھمەد كاسانى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ كىشى مىلادى 1521- يىلى (تىمساھ يىلى) يازدا، يەنى سۇلتان سەئىدخان[1] تەختكە چىقىپ يەتتە يىلدىن كېيىن تەسەۋۋۇپچىلىق سۇلۇك تەرغىباتى ئۈچۈن مۇلكىي قەشقەرىيىگە كەلدى. ئۇ بۇ يەردە تەرىقەت تەۋرىتىپ، سۇلۇك تىكلەپ ئاتاق قازانغانلىقتىن، مۇرىت - مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن «پىر، ئەۋلىيا» دېگەن مەنىلىرىنى

① سۇلتان سەئىدخان — سەئىدىيە خانلىقىنىڭ 1 - ئەۋلاد پادىشاھى. ئۇ مىلادى 1514- يىلى سەئىدىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ، 1533 - يىلغا قەدەر تەختتە ئولتۇردى.

wwww.bilnur.com

بىلدۈرىدىغان «مەخدۇم ئەزەم»، «ئەزەم ۋەلىيۇللا» دېگەندەك ناملار بىلەن ھۆرمەتلەندى.

قەشقەر خوجىلىرى مۇشۇ مەخدۇم ئەزەم دەپ ئاتالغان خوجا ئەھمەد كاسانى دېگەن ئىشاننىڭ پۇشتىدىن تامغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى مەخدۇمزادىلەر دەپ ئاتىدى. «مەخدۇم» سۆزى ئەرەب تىلىدىكى «خادىم» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن سۆز بولۇپ، ئۇ «تەربىيەتچى، ئەتكە» دېگەن مەنىلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئالىم، ئۆلىما ۋە ئۇلۇغلارنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆرمەت نامى ئىدى. ئەمما، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە، «مەخدۇمزادە» سۆزى مەخسۇس خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ پۇشتىدىن تامغانلارنىڭ نامى بولۇپ قالدى.

مۇئەررىخلەر مۇلكىي قەشقەرىيىدە پەتنە قوپۇشقان ئىشقىيە (ئاقتاغلىقلار) مەزھىپىدىكى خوجىلار بىلەن ئىسھاقىيە (قارا تاغلىقلار) مەزھىپىدىكى مەخدۇمزادىلەرنىڭ نەسەبنامىسى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ تەزكىرە ـ تەرجىمىھاللارنى يېزىشىپ، ھەر خىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. قارا جاڭگالغا ئوخشايدىغان مۇشۇنچىۋالا كۆپ، مۇشۇنچىۋالا مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز خوجىلار تەزكىرىسى، خوجىلار تەرجىمىھاللىرى ۋە خوجىلار ھەققىدىكى تۈرلۈك كۆز قاراشلار ئىچىدە قايمۇقۇپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، مەن (مۇئەللىپ) بىرقەدەر ئومۇملاشقان كۆز قاراشلارنى رەتلەپ كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇندۇم.

ئەينى زاماندا، «شېرىف»[①] دېگەن ئۇنۋان ئىمام

---

① شېرىف — ئۇلۇغ ـ بۈيۈك، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
② ئىمام ھەسەن (624 — 669) — شىئەلەرنىڭ 2 ـ ئەۋلاد ئىمامى. ھەزرىتى ئەلى بىلەن بىبى پاتىمەدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغۇل.

wwww.bilnur.com

ھەسەنگە② ئۇلىشىدۇ؛ «سەييىد» ① دېگەن ئۇنۋان ئىمام ھۈسەيىنگە② ئۇلىشىدۇ؛ «خوجا» دېگەن ئۇنۋان ئىمام مۇھەممەد ھەنەفىگە③ ئۇلىشىدۇ؛ «تۆرە» دېگەن ئۇنۋان ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇغا④ ئۇلىشىدۇ، دېگەن قاراش بىرقەدەر ئومۇملاشقاندى. بۇنىڭ مەنىسى مۇنداق ئىدى: ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ⑤ نىڭ پۇشتىدىن تېمىپ بىبى پاتىمەنىڭ⑥ قورسىقىدا تۆرەلگەن ئىمام ھەسەننىڭ جەمەتىگە ئۇلاشسا «شېرىف»؛ ئەگەر ئىمام ھۈسەيىننىڭ جەمەتىگە ئۇلاشسا «سەييىد» دېيىلىدۇ؛ ئەمما ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇنىڭ پۇشتىدىن تېمىپ، ئۇنىڭ بىبى پاتىمەدىن باشقا ئايالىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى «خوجا» دېيىلىدۇ، دېگەنلىك بولاتتى. بۇ ئىمام مۇھەممەد ھەنەفىنىڭ جەمەتىدىكىلەرگە ئوخشىشاتتى؛ مۇبادا، ئاتا تەرەپ سەييىد نەسەبىگە ئۇلىشىپ، ئانا تەرەپ خوجا نەسەبىگە ئۇلاشسا، بۇنىڭ ئەۋلادى «سىيان» دېيىلەتتى. بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىدە «ۋەسەد»، ئۇيغۇرچىدە «ئوتتۇرا» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىناتتى. شۇڭا، ئىمام رەببانى⑦ سەييىدلەر نەسەبىدىكىلەر بىلەن خوجا نەسەبىدىكىلەرنىڭ ئارىلىقىدا تۆرەلگەنلىكى ئۈچۈن، «مىيان خوجا» دەپمۇ ئاتالغانىدى. كىشىلەر ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام

① سەييىد — مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

② ئىمام ھۈسەيىن (626 ـ 680) — شىئەلەرنىڭ 3 ـ ئەۋلاد ئىمامى. ھەزرىتى ئەلي بىلەن بىبى پاتىمەنىڭ 2 ـ ئوغلى. ھىجرىيەنىڭ 60 ـ يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 10 ـ كۈنى (ئاشۇرا كۈنى)، ئۇمەۋىيلەر تەرىپىدىن كەربالادا ئۆلتۈرۈلگەن.

③ ئىمام مۇھەممەد ھەنەفە (700 ـ ؟) — شىئەلەرنىڭ كاسانىيە مەزھىپىنىڭ ئىمامى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھۆرى دېگەن ئايالىدىن تۇغۇلغان.

④ ھەزرىتى ئۆمەر (584 — 644) — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت ساھابىنىڭ بىرى. ئابابەكرىدىن كېيىنكى 2 ـ ئەۋلاد خەلىپە.

⑤ ھەزرىتى ئەلي (600 — 661) — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت ساھابىنىڭ بىرى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى.

⑥ بىبى پاتىمە (605 ـ 632) — مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئايالى.

⑦ ئىمام رەببانى — ھىندىستاندا كەڭ تارقالغان رەببانى ئېقىمىنىڭ ئاساسچىسى ئەھمەد فارۇقى سەرھەندىنىڭ ھۆرمەت نامى. ئۇ ـ رەببانى سۇلۇكىنىڭ پىرلىرىنىڭ بىرى.

wwww.bilnur.com

ھۈسەيىننىڭ نەسلىگە «شېرىپ» ، «سەييىد» دېگەن ھۆرمەت نامىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نەسەبىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرگە ئۇلىدى. ھەزرىتى ئىمام مۇھەممەد ھەنىفە ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيىن بىلەن ئاتا بىر تۇغقان بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى «خوجا» دېگەن ھۆرمەت نامى بىلەن ئاتىدى...

دېمەك، خوجىلار ھەققىدە يېزىلغان كۆپلىگەن تەزكىرە ـ تەرجىمىھاللاردا قەشقەر خوجىلىرىنىڭ نەسەبى مەخدۇم ئەزەمگە باغلانغان.

مەخدۇم ئەزەم مۇلكىي قەشقەرىيىگە ئۆزى بىلەن بىللە مۇھەممەد ئىمىن خوجا ئىسىملىك چوڭ ئوغلى بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلى دېگەن تۆتىنچى ئوغلىنىمۇ ئالغاچ كەلگەنىدى.

مۇھەممەد ئىمىن خوجا كىچىكىدىنلا ناھايىتى ئەقىللىق، زېرەك، سۆزمەن بولغانلىقتىن، مەخدۇم ئەزەم ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ تەرىقەتچىلىك سۇلۇكىدىكى ئورنىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇشنى ئۇزاقتىن ئويلاپ كېلىۋاتقانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئىشانلىق ئىرىشاتنامىسى بېرىپ، رەسمىي پوسۇندا ئىشانى كالان دەپ ئاتىغانىدى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىسھاق خوجا ئىچى تار ۋە قارا نىيىتى كۈچلۈك بىر ئادەم بولغاچقا، دادىسىنىڭ سۇلۇكتىكى ئىماملىق ئورنىغا ئاكىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا زادى چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ مىلادى 1562 ـ يىلى، زۇلھەججەنىڭ 1 ـ كۈنى سەھەردە، يەكەننىڭ ھەيدەرباغ دېگەن يېرىدە ئاكىسى مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننى زوقۇم جان قىلىپ ئۆلتۈردى. ئەمما، ئۆزى تەپرىقاتچىلىق تەرغىباتى يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن، سۇلتان ئابدۇلكەرىم خان تەرىپىدىن پەرغانىگە سۈرگۈن قىلىندى ۋە مىلادى 1589 ـ يىلى پەرغانىدىكى دەھبىدتە ئۆلدى.

مۇھەممەد ئىمىن ئىشان — ئىشانى كالان خوجا دەپمۇ

wwww.bilnur.com

ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئاق ئاق تاقىي كېيىگەنلىكتىن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئىشقىيە ياكى داستارلار دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇ — ئاقتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىدى.

خوجا ئىسھاق ۋەلى — ئىمامى ۋەلىيۇللا دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى قاراتاقىي كېيىگەنلىكتىن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئىسھاقىيە دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. بۇ — قاراتاغلىقلار مەزھىپىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئىدى.

مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئاخىر سەئىدىيە خاندانىنىڭ بېشىغا چىقىپ، بۇ ئەتراپلارغا جۇڭغارلارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مانجۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان خوجىلار نىزاپەتچىلىكىنىڭ باش - ئايىغى توغرىسىدا مۇشۇنچىلىك مەلۇمات بېرىمىز.

*　　　*　　　*

مەخدۇم ئەزەم كاسانىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدا، ئوغۇللىرىغا ساۋات بېرىۋېتىپ، بىر كۈنى سەئىد زىيائىددىن نەقشەبى[①] يازغان مەسەللەر توپلىمى «تۇتىنامە» دىن مۇنداق بىر ھىكايەتنى سۆزلەپ بەرگەنىدى: «چىن ۋىلايىتىدە بۇك - باراقسانلىق بىر ئورمانلىق بار ئىكەن. بۇ يەرنى بىر شىر ماكان تۇتقانىكەن. شىر ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئورمانلىقتىكى ھەممە جانىۋارلار ئۇنىڭ پەرمانى بويىچە ئىش قىلىدىكەن. بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن شىر قېرىپ، ماغدۇرىدىن كېتىشكە

① نەقشەبى — 9 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھىندىستاننىڭ بەدايۇن دېگەن يېرىدە تۇغۇلۇپ، مىلادى 1350 - يىلى، ھازىرقى پەرغانىدىكى قارشى شەھىرىنىڭ نەقشەب دېگەن يېرىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تۇتىنامە» مىلادى 1330 - يىلى يېزىلغانىدى. ئۇ يەنە «گۈلرىز»، «سەلكۈل - سۇلۇك» («ئىزدەنگۈچىلەر دوستى»)، «كۈللىيات ۋە جۇزئىيات» («پۈتۈن ۋە پارچىلار») قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

wwww.bilnur.com

باشلاپتۇ.

قازارا، شىر قېرىپ ھالىدىن كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئورمانلىقتىكى جانىۋارلار ئالدىدا ئادەتتىكى مۇشۇكچىلىكمۇ ھەيۋىتى قالماپتۇ. چۈنكى، قېرىلىقنىڭ ھۆرمىتى بولسىمۇ ئەمما لەززىتى يوق، ياشلىق خار - زارلىقتا ئۆتسىمۇ ئەمما لەززەتلىكتۇر.

نەقشەبى، قېرىلىق كىچىك بالىدۇر،
قول - پۇتى ئاجىزلىقتىن تىترەر.
قېرىدى، خار بولدى باتۇرمىش،
قىلدى جانىۋارلار ئۇنى مەسخىرىلەر.

شىر ناھايىتى قېرىپ كەتكەنلىكتىن، چىشلىرى ئاجراپ، كاۋاك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يېگەن گۆشلىرى چىشلىرىنىڭ ئاراشلىرىدا قېلىپ قالىدىغان بولۇپتۇ.

بۇ ئورمانلىقتا چاشقانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، شىر ئۇخلاپ قالسىلا چاشقانلار كېلىپ ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ قالغان گۆشلەرنى چىقىرىپ يەپ، شىرغا ئارام بەرمەيدىكەن. بىر چاغلاردا ھەممە ھايۋانلارغا باش بولغان شىر ئەمدىلىكتە چاشقانلارغا ئەمەك بولۇپ قاپتۇ. بىلمەك كېرەككى، ھەر قانداق ئۇلۇغ ۋە كۈچلۈك نەرسە ۋاقتى كەلگەندە خار ۋە ئاجىزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ھالسىزلىنىدۇ. تاغ شۇنچە چىڭ، مەزمۇت ۋە ھەيۋەتلىك بولسىمۇ، چاشقانلار ئۇ يەرنى ئۆزىگە ماكان قىلىپ تېشىپ ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋېتەلەيدۇ؛ يىلان شۇنچە رەھىمسىز، شۇنچە چاققاق بولسىمۇ ئەمما چۈمۈلە ئۇنىڭ بەدىنىگە ئولىشىپ، ئۇنى تەشمە - تۆشۈك قىلىپ ئۆلتۈرەلەيدۇ. بولمىسا پۈتۈن ئالەمنى يىلان قاپلاپ كەتكەن بولمايتتىمۇ؟ دېمەك، ھەر قانداق

wwww.bilnur.com

قۇدرەتلىك بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق تەرىپىنى بىلىشى ۋە ئۆزىنىڭ قۇۋۇتىگە تولا ئىشىنىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئىمام شافىي[①] (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي!) بىر پادىشاھنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرغان ئىكەن. بىرەڭ چىۋىنلار پادىشاھنىڭ يۈزىگە قونۇۋېلىپ، بىئارام قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن بىزار بولغان پادىشاھ:

— بۈيۈك ۋە قۇدرەتلىك تەڭرى چىۋىننى يارىتىشتا نېمىنى كۆزدە تۇتقان بولغىيتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەزرىتى ئىمام شافىي:

— پۈتكۈل ئىلىم - ھېكمەتنىڭ ئىگىسى بولغان تەڭرىتائالا چىۋىننى يارىتىشتا شۇنى كۆزدە تۇتقانكى، چىۋىندە تەكەببۇرلۇق يوق. ئۇ كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ ۋە بىچارىلىقىنى ئۆز كۆزىگە كۆرسىتىدۇ. تەڭرىتائالا چىۋىن ئارقىلىق كۈچ - قۇدرەت ئىگىلىرىگە ئۆزىنىڭ ئۇلاردىنمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قازارا، جانىۋارلارنىڭ پادىشاھى بولغان شىر بىر كۈنى ئۆزىنىڭ ئەقىئالىنى بۆرىگە ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى سوراپتۇ. بۆرە ناھايىتى پىشىپ يېتىلگەن مەككار ئىكەن. ئۇ:

— ئەي شاھىم، ھەرقانداق دەردكە دەرمان باردۇر. بۇ ئىشقا كۈچ ئىشلەتمەي، ھىيلە - پەم ئىشلىتىش كېرەك. مۈشۈك سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى جانىۋار. بىز ئۇنى چاقىرتىپ كېلەيلى ۋە ئۇنىڭغا كوتۇۋاللىقنى بېرەيلى. ئاندىن ئۇنىڭغا چاشقانلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى تاپشۇرساق، سىز بۇ غەمدىن خالاس بولغان بولىسىز، — دەپتۇ.

① ئىمام شافىي (767 — 820) — ئىسلام دىنىدىكى شافىي مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى ۋە ئىمامى. ئۇ مەككىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان، قاھىرەدە ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ قاھىرە يېنىدىكى مۇقەتتەم تېغىدا قەبرىسى بار.

wwww.bilnur.com

بۇ سۆز شىرغا ماقۇل كېلىپتۇ. شىر مۈشۈكنى چاقىرتىپ كېلىپ، چاشقانلارنىڭ زۇلمىدىن ئۆزىنىڭ تولىمۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان مۈشۈك:

— ئەي شاھىم، چاشقانلارنىڭ ئاتا - بوۋىسىنى مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم تولا ھالاك قىلغاندۇر. ئەگەر سىز ماڭا كوتۇۋاللىقنى بەرسىڭىز، مەن بۇ ئىشنى تامامغا يەتكۈزگەن بولاتتىم، — دەپتۇ.

شىر كوتۇۋاللىقنى مۈشۈككە بېرىپتۇ. مۈشۈكمۇ چاشقانلارنى تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپتۇ. مۈشۈكنى كۆرگەن چاشقانلار ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي پاراكەندە بولۇشۇپتۇ. شىر مۈشۈكنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆپ ئىنئام - ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ ئىززەتلەپتۇ.

مۈشۈك چاشقانلارنى قورقۇتۇپ پاراكەندە قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنى ئۆلتۈرمەيدىكەن. مۈشۈك دائىم: «ئەگەر مەن چاشقانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتسەم، مېنىڭ شىرغا لازىمىم قالمايدۇ. شىرمۇ مېنى ئىززەتلىمەيدۇ. شۇڭا، ھەر كىم ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلىشى كېرەك!» دەپ ئويلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۈشۈك ئۆزىنىڭ ئىككى ئاسلىنىنى شىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ:

— ئەي ھۆرمەتلىك شاھىم، مېنىڭ بۇ ئىككى پەرزەنتىم چېچەن ۋە ياخشى مىجەزلىك چوڭ بولدى. ئۇلار پادىشاھلار مەجلىسىنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئەگەر سىزدىن پەرمان بولسا، بۈگۈن مېنىڭ ئورنۇمدا بۇ ئىككى پەرزەنتىم كوتۇۋاللىق قىلسا، مەن باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسام، — دەپتۇ.

شىر بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپتۇ. مۈشۈك ئاسلانلىرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى مېھماندارچىلىق يولىغا راۋان بولۇپتۇ.

wwww.bilnur.com

ئانىسىنىڭ ئىلمىدىن خەۋىرى يوق بۇ ئىككى ئاسلان بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ چاشقان تۇتۇشقا كىرىشىپتۇ ۋە بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا پۈتۈن چاشقانلارنى تۇتۇپ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ بولۇپتۇ.

ئەتىسى مېھماندارچىلىقتىن قايتىپ كەلگەن مۈشۈك بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ پەرىشان بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ئەمدى شىرنىڭ بىزگە ھاجىتى قالمىدى. بىزگە بولغان ئىلتىپاتىمۇ يوققا چىقتى. بۇ سەۋەنلىك مېنىڭدىن ئۆتتى» دەپتۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن شىر: «مۈشۈككە كوتۇۋاللىقنى بېرىشتىكى مەقسەت چاشقانلارنى يوقىتىش ئىدى. ھازىر بۇ مەقسەتكە يەتتىم. ئەمدى مۈشۈككە ئۆزرە قويۇپ يولغا سېلىشىم كېرەك. مۈشۈك تىرنىقى ئۆتكۈر، كۆرگەنلا نەرسىنى تاتىلايدىغان جانۋار. ئۇ ئاجىز جانۋارلارنى يېدى. مەن ئۇ چاشقانلارنىڭ خۇنىنى ئۆزۈمگە ئارتىۋالماسلىقىم كېرەك» دەپ ئويلاپ، مۈشۈكنى كوتۇۋاللىقتىن ئېلىپ تاشلاپ يولغا سېلىپتۇ.

مۈشۈك بالىلىرىغا:

— بۇ ئوتنى ئۆزۈڭلەر تۇتاشتۇردۇڭلار. مۇبادا، چاشقانلارنى ئۆلتۈرمىگەن بولساڭلار، بۇ ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. شىر قەدىمدىن تارتىپ بىزگە دۈشمەن ئىدى. بىر ئايدىن بېرى ئۇنىڭ بىزگە ئېھتىياجى چۈشكەچكە، بىزنى ئۆز ئوردىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مانا سىلەر چاشقانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ يوقىتىۋېتىۋىدىڭلار، پۈتۈن مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلاردىن قۇرۇق قالدۇق. ئىززەت ـ ئابرۇيىمىزدىن ۋە مەنسەپ ـ مەرتىۋىمىزدىن ئايرىلدۇق. يەنە تېخى جېنىمىزغا ئاپەت يېتىش ئېھتىمالىمۇ بار. ئۇلۇغ تەڭرى پۈتۈن مەۋجۇداتلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن قىلىپ يارىتىپتۇ. ئۇلۇغلارنىڭ ئىلتىپاتى ۋە كىچىكلەرنىڭ ئۇلۇغلارغا خىزمىتى مۇشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان، — دەپ،

wwww.bilnur.com

ئاسلانلىرىنىڭ چاشقانلارنى تۇتۇپ يەپ تۇگىتىپ قويغانلىقىنى تەنقىد قىلىپ تەربىيە بېرىپتۇ.

ئاسلانلار ئانىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشىغا ناھايىتى ئۆكۈنۈپتۇ ۋە كۆپتىن - كۆپ پۇشايمانغا قېلىپتۇ.

نەقشەبى، بۇ پەلەك شۇنداق،
گاھى قەنت، گاھى ئوغا تەقدىم قىلۇر.
ئاخشىمى ئىچسە بىر كىشى شەربەت،
ئەتىسى ئۇ كىشى زەھەرمۇ ئىچۇر.

* * *

سۇلتان ئابدۇللاخان زامانىدا، قەشقەر — نايىبى، شاھزادە يولۋاسخان ۋەكىللىكىدىكى يەرلىك تەرەققىپەرۋەر كۈچلىرى بىلەن سۇلتان ئابدۇللاخان ۋەكىللىكىدىكى بىرلىكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى. يولۋاسخاننىڭ كەينىدە ئاپاق خوجا ۋەكىللىكىدىكى ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەر بار ئىدى؛ سۇلتان ئابدۇللاخاننىڭ كەينىدە ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەر تۇراتتى.

قەشقەر نايىبى — شاھزادە يولۋاسخان سۇلتان ئابدۇللاخاندىن تەختنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئاپاق خوجا بىلەن سىياسىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئىشقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۈچى يولۋاسخاننىڭ قوللىشى ئارقىسىدا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. شۇ مەزگىللەردە مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى قەشقەر، يەكەن، خوتەن، مەكىت، يېڭىسار، مارالبېشى، ئاقسۇ، ئۈچ، كۇچا، باي ۋە سايرام، ھەتتا كورلا ۋە چالىشقا قەدەر بولغان ئالتە شەھەر ۋە ئون ئۈچ كىچىك شەھەردىكى 16 مىڭ كەنت - قىشلاقتىن

wwww.bilnur.com

81 مىڭ تۈتۈن، تەخمىنەن بەش يۈز مىڭ ئاھالە ئىشقىيە — ئاقتاغلىقلار سۇلۇكىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىشتى.

سۇلتان ئابدۇللاخان 1639 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۆزىنىڭ ئەمدىلەتىن سەككىز ياشقا كىرگەن ئامراق كەنجى ئوغلى، شاھزادە يولۋاسخاننى قەشقەرگە نايىب قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ قەشقەرگە نايىب بولغان ئوتتۇز يىل ئىچىدە قەشقەر خەلقىنى شۇنداق قاتتىق ئەزدىكى، زۇلۇم بابىدا ھەججاج① ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەن تۇراتتى. سىياسىي جەھەتتىكى تەقىپ ئىنتايىن قاتتىق بولغانىدى. ھەر بىر مۇسۇلمان پۇقراسىنىڭ كەينىدە پايلاقچى بار ئىدى. كىشىلەر يولۋاسخاننىڭ خۇپىيلىرى دەستىدىن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. قەشقەر ئاھالىسى ئۇنىڭ زۇلۇم - ستەملىرى دەستىدىن جاھانغا خۇددى ھەبەشنىڭ چىچىدەك تارىلىپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار يۇرت - ئايماقلىرىنى تاشلاپ كۆچۈپ كېتىشكەنىدى. ئەلدە بەرىكەت قاچقان، نوپۇس ئازىيىپ، مەملىكەتنىڭ مەھسۇلاتى تۆۋەنلەشكە باشلىغانىدى. دېمەك، يولۋاسخان بىلەن پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچىيىپ، كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانىدى.

ئاپاق خوجا بۇ ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر نايىبى يولۋاسخان بىلەن سۇلتان ئابدۇللاخان ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىشقا باشلىدى. ئۇ يولۋاسخانغا كۆرسەتمە بېرىپ، خان ئوردىسىدىكى بىر بۆلۈك يامان نىيەتلىك ئادەملەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇزاقتىن بۇيان سەئىدىيە سەلتەنىتىگە خىزمەت قىلىپ كەلگەن، سىنالغان، ئىشەنچلىك، سادىق، ئېتىقادلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمرۇل - ئۆمەرالار ۋە بەگۇ - بىگاتلارنى

① ھەججاج — يەنى ھەججاج يۈسۈپ. ئۇ خەلىپە ئابدۇل مۇلۇك ئىبنى مەرۋاننىڭ نايىبى بولغانىدى. زالىملىقتا داڭقى چىققانلىقتىن «ھەججاج زالىم» دەپ ئاتالغان.

wwww.bilnur.com

ئابدۇللا خانغا يامان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قولى بىلەن ئۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يوق قىلدى. مىرزا تېنبەگ، نەرقىبەگ، ئەمىر ئەييۇب، سۇلتان ئەلى تاغايى قاتارلىق بەگ ـ ئەمىرلەر سۇلتان ئەھمەد خان زامانىدىلا خانلىققا سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار يولۋاسخاننىڭ سەئىدىيە تەختىنى تارتىۋېلىشىدىكى مۇھىم توسالغۇلارنىڭ بىرى ئىدى. يولۋاسخان ئاپاق خوجىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇلارنىڭ نامىغا قارىتىپ قارا خەت[1] يازدى ۋە بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئابدۇللا خانغا ئەتەي ئاشكارىلاپ قويۇش ھىيلىسىنى قوللىنىپ، ئابدۇللا خاننى ئۇلارغا ئىشەنمەس قىلىپ قويدى. بۇ قارا خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى: «. . . گەرچە قۇياش ئۆز ھارارىتى بىلەن كىشلەرنى كۆيدۈرەلىسىمۇ ئەمما قۇياشنىڭمۇ تاغ ئارقىسىغا پاتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ؛ گەرچە ئاينىڭ نۇرى خىرە بولسىمۇ ئەمما يەر يۈزىنى تەنھا يورۇتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. ئاتام ئابدۇللاخان تەختتىن چۈشۈشكە ئاز قالدى. ھەر كىمنىڭ بەدىنىگە ئۆزىنىڭ كۆڭلىكى يېقىن. شۇڭا، قايسى تەرەپتە تۇرۇشنى بالدۇرراق ئويلىشىپ كۆرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. ئاگاھلاندۇرماپتۇ، دەپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن بۇ نامىنى سىلەرگە يازدىم. گەپ تامام، بىرمىڭ يەتمىش ئالتىنچى[2] ھىجرى، رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى.»[3]

مىلادى 1666 ـ يىلى، ماھى شەۋۋالنىڭ 17 ـ كۈنى ئابدۇللاخان بۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپمۇ كۆرمەستىن مىرزا تېنبەگ، نەرقىبەگ، ئەمىر ئەييۇب بەگ ۋە سۇلتان ئەلى تاغايى قاتارلىق كىشىلەرنى ئاسىي نامى بىلەن چاپتۇرۇۋەتتى. ئارقىدىنلا، ئابدۇللاخان «قارا خەت» تەقىپىنى

① قارا خەت — ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىش يۈزىسىدىن يېزىلغان قۇتراتقۇلۇق خېتى.
② مىلادى 1666 ـ يىلى.
③ شاھ مەھمۇد جوراس: «تارىخى رەشىدى — زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار») غا قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 ـ يىل نەشرى.

wwww.bilnur.com

تىخىمۇ كېڭەيتىپ، خوتەن نايىبىغا پەرمان چۈشۈرۈپ، «مۇھەممەت قاسىم باشلىق بەگلەرنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن سەئىدىيە سەلتەنىتى ئۇچۇن نەچچە ئەۋلاد سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ كەلگەن كىشىلەر شۇبھىلىك بولۇپ قالدى. ئابدۇللاخان ھەتتا ئۆز ئىنىلىرى بولغان شاھزادە ئىبراھىم سۇلتان ۋە شاھزادە ئىسمايىل سۇلتانلارنى چالىشقا پالىدى. بەزى ئىنىلىرىنى بولسا ئۆلتۈرۈۋەتتى. . . »①

كېيىنكى چاغلاردا ئابدۇللاخان يولۋاسخان بىلەن ئاپاق خوجىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى قولىدا تۇتۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدىكى خەلقپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك خىزمەتتىن ھەيدىدى. ئۇ «. . . ئوردىغا ئۇزاق يىللار خىزمەت قىلغان، سىنالغان ئەمەلدارلارنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا قىرغىزلارنى ھاكىم - بەگ قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. . . »②

بىراق، قىڭغىر ئىشنىڭ قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ قىڭغىرلىقى بىلىنىدۇ. ئابدۇللاخان ئاخىر يولۋاسخان بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ سەلتەنەتنى پارچىلاشتەك ئاسىيلىق ھەرىكەتلىرىنى سەزدى ۋە دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، شاھزادە يولۋاسخاننى قەشقەر نايىبلىقىدىن، ۋەلىئەھدلىكتىن ئېلىپ تاشلىدى ھەمدە 1666 - يىلى يازدا، يولۋاسخاننى جازالاش ئۈچۈن قەشقەرگە قوشۇن ئەۋەتتى. 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ قالغان شاھزادە — قەشقەر نايىبى يولۋاسخان بىر تۈركۈم ئادەملىرىنى ئېلىپ پاناھلىق تىلەپ ئۇدۇل جۇڭغارىيىگە كېچىلەپ كەتتى. ئۇ

① ② شاھ مەھمۇد جۇراس: «تارىخى رەشىدى — زەيلى» («سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار») غا قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى.

wwww.bilnur.com

جۇڭغارىيىدە موڭغۇللارنىڭ ئوچرتو چېچەن دېگەن سەردارىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىگە موڭغۇل ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كەلدى.

مىلادى 1667 - يىلى يازدا، سۇلتان ئابدۇللا خاننىڭ لەشكەرلىرى جۇڭغارلار بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوپى - ئىشانلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن يولۋاسخان بىلەن ئۇرۇش قىلىپ يېڭىلىپ قالدى.

يولۋاسخان سۇلتان ئابدۇللاخان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنىنى تېزلا بىتچىت قىلىپ تاشلىدى، قەشقەرىيىنى تارتىۋالدى ۋە يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى.

ئابدۇللاخان بىۋاپا، ئىنساپسىز ئوغلى يولۋاسخاندىن كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقتا چىداپ تۇرالماي، سەئىدىيە تەختىنى كىچىك ئوغلى ئابدۇل مۆمىنگە بېرىپ، ئۆزى ھەج قىلىپ كېلىش نامى بىلەن يەكەندىن چىقىپ كەتتى.

مىلادى 1668 - يىلى (مايمۇن يىلى) 4 - ئايدا، يولۋاسخان يەكەننى ئاخىر پەتھى قىلىپ، ئىنىسى ئابدۇل مۆمىننى ئۆلتۈردى ۋە سەئىدىيە تەختىنى تارتىۋالدى. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى (زۇلقەئدەنىڭ 1 - كۈنى) شەنبە يولۋاسخان سەئىدىيە تەختىگە ئولتۇرۇپ سۇلتانلىق تاجىنى كىيدى. ئۇ 11 - ئەۋلاد سەئىدىيە خانى دەپ ئاتالدى.

بۇ چاغدا سابىق ئاقسۇ نايىبى — ئابدۇللاخاننىڭ ئىنىسى، شاھزادە ئىسمايىلخان چالىش نايىبىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ مىلادى 1668 - يىلى يازدا ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ئاقسۇنى تارتىۋالدى. ئاقسۇ يولۋاسخانغا قارشى كۈچلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى. قارا تاغلىق خوجا - ئىشانلار بىردىن، ئىككىدىن ئاقسۇغا — ئىسمايىل خاننىڭ يېنىغا يىغىلىشقا باشلىدى.

مىلادى 1670 - يىلى يازدا، يولۋاسخان تەپرىقچى

wwww.bilnur.com

كۆچلەرنى جازالاش نامى بىلەن يەكەندىن ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلدى. 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى شوتا قۇدۇق دېگەن چۆلدە پارتلىغان مەيدان ئۇرۇشىدا، سۇلتان يولۋاسخاننىڭ قوشۇنى ئىسمايىلخان تەرىپىدىن تارمار كەلتۈرۈلدى.

بۇ چاغدا جوڭغار قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى سېڭگىنىڭ قوشۇنى كىرىيە تەرەپلىرىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ بولۇپ، جوڭغارىيىگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغانىدى. ئۇ يولۋاسخاننىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ خوتەن دەرياسىنىڭ قىنى بىلەن تەكلىماكان چۆلىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتى ـ دە، ئۇدۇل ئاقسۇنىڭ غەربىدىكى يايدى دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىپ، يولۋاسخاننىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئىسمايىلخان قوشۇنلىرىنى توسۇۋالدى.

يولۋاسخان بىلەن جوڭغارلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئاقسۇغا يېڭىۋاشتىن ھۇجۇم قوزغىدى. ئاقسۇ قولدىن كېتەي دەپ قالغان خەتەرلىك پەيتتە، سېڭگىنىڭ سىياسىي رەقىبى بولغان يىلدان تەيشىمۇ دەرھال جوڭغارىيىدىن مۇز داۋان يولى ئارقىلىق ئاقسۇغا ياردەمگە قوشۇن چىقىرىپ، ئىسمايىل خاننى مەغلۇبىيەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

دېمەك، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى سىياسىي گۇرۇھنىڭ ۋە ئىككى دىنىي مەزھەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەمەلىيەتتە جوڭغارىيىدىكى ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن قانلىق كۆرەشنىڭمۇ ئىنكاسى ئىدى. بۇ كۆرەشتە سۇلتان يولۋاسخان جوڭغارلارنىڭ سېڭگى گۇرۇھى بىلەن ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاقتاغلىقلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، سۇلتان ئابدۇللا خاننى يېڭىپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇرالىغان بولسىمۇ، ئۇ ھەر ھالدا ئۆزىنىڭ ھازىرقى قورچاقلىق ئورنىنى چۈشىنەتتى.

wwww.bilnur.com

چۈنكى، ئۆزىنى تەختكە يۆلەپ چىقىرالىغان ئاشۇ جۇڭغارلار بىلەن ئاقتاغلىق خوجىلار تەختتىن ئارتىپ چۈشۈرەلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇ خەلقىنىڭ كۈچىگە سەل قاراپ قالغانىدى. ئۇ تەختتە بىرەر يىل ئولتۇرا - ئولتۇرماستىنلا، پۈتۈن مۈلكى قەشقەرىيە بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك پارتلىغان خەلق قوزغىلىڭىنىڭ يالقۇنىغا دۇچ كەلدى ۋە بۇ قوزغىلاڭنىڭ يالقۇنىدا ئۇنىڭ تەختى - بەختى كۆيۈپ كۈل بولدى...

جۇڭغارلار يولۋاسخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ سەئىد مىرزىنى تەختكە چىقىرىپ، مىرزا ئەلى تاغايىنى ئاتالىققا، ئىسفەندىيار بەگنى قەشقەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە، ئىۋەز بەگنى ئىشىكئاغالىققا، قوشۇمچە يەركەننىڭ باقاۋۇل بېگلىككە، موللا قارا خوجىنى قازىكالانلىققا تەيىنلىدى. سىڭگى ئەركبەگ باشچىلىقىدىكى مىڭ كىشىلىك بىر قالماق قوشۇننى باسقاق قىلىپ يەكەندە قالدۇردى.

بۇ ئەركبەگ دېگەن سەركەردە ئەسلىدە قارا تاغلىقلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇ سىڭگى جۇڭغارىيىگە ئەسكەر چېكىندۈرگەن ئەپلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاقسۇدىكى ئىسمايىل خاننى دەرھال ئۆزى بىلەن بىللە يەكەنگە يۈرۈش قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. ئىسمايىلخان جۇڭغارلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاقتاغلىقلارنىڭ قارشىلىقىنى ناھايىتى تېزلا يىمىرىپ تاشلىدى - دە، يەكەننى ئىشغال قىلدى. ئاقتاغلىقلار قارا تاغلىقلارغا زىممىلىك[1] بىلدۈرگەن ئاپاق خوجىنىڭ ھامىيلىقىدا يەكەندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى.

مىلادى 1670 - يىلى 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، زۇلھەججىنىڭ

---

① زىممىلىك بىلدۈرۈش — ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا مەمۇرلارغا بويسۇنۇش.

wwww.bilnur.com

11 - كۈنى دۈشەنبە ئىدى. شادىيانىگە چېلىنىۋاتقان قۇربان ھېيت ناغرىسىنىڭ ياڭراق ساداسى ئىچىدە ئىسمايىلخان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى يەكەنگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. شۇ كۈنى، ئىسمايىلخان ئۆزىنىڭ سەئىدىيە تەختىگە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ سەئىدىيە سۇلتانلىرىنىڭ ئون ئىككىنچىسى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقىسى ئىدى!

ئىسمايىلخان سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەختكە ئولتۇرغان دانا خان ئىدى. ئۇ مەركەزنىڭ سەلتەنەت سۈرىنى كۈچەيتىش يولىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ بەزى مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ بىراق قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ماجىرالىرى ئارقىسىدا ئۇنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى كۆپۈككە ئايلاندى. مەملىكەت قاراتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەردىن تەلۋىلەرچە قانلىق قىساس ئېلىش چۇقانلىرى ئىچىدە مۇنقەرز بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى...

*　　　*　　　*

ئاپاق خوجا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان خوجا تەقىبىنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي، ئاخىر يۇرتنى تاشلاپ بەدەخشان ئارقىلىق تۈركىستان ئەللىرىگە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ماۋرائۇننەھردىكى[①] ھەرقايىسى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ باققان بولسىمۇ ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى خالىمىدى.

---

① ماۋرا ئۇننەھر — تارىخىي، جۇغراپىيىۋى يەر نامى. ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرلەرنىڭ نامى ئىدى.

wwwww.bilnur.com

ئاپاق خوجا قەشقەردىن چىقىپ ئەڭ دەسلەپتە بەدەخشانغا قېچىپ باردى. بۇ چاغدا بەدەخشان بۈيۈك بابۇرىيلەر[①] ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ياردەمگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن تۈركىستان ئەللىرىگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا تۈركىستاندا بۇخارا خانلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بۇ ئۆزبېكلەر قۇرغان سۇلالە بولغاچقا ئۇ يەنە ئۆزبېك خانلىقى دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۆزبېك خانلىقىدا تارىختا جەمئىي ئىككى سۇلالە ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، بىرى، شەيبانىلەر سۇلالىسى دېيىلەتتى. بۇ سۇلالە مىلادى 1500 ـ يىلى (مايمۇن يىلى) مەشھۇر ئۆزبېك خانى شەيبانىخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، مىلادى 1599 ـ يىلىغىچە داۋاملاشقانىدى؛ يەنە بىرى، مىلادى 1599 ـ يىلى ئاستراخاندا قۇرۇلغان ئاستراخانىلار سۇلالىسى[②] بولۇپ، بۇ چاغدا ئابدۇل ئەزىز[③] دېگەن پادىشاھ تەختتە ئىدى. ئاپاق خوجا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن مۇلكىي قەشقەرىيەگە ئەسكەر چىقىرىشنى ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئابدۇلئەزىزخان ئاپاق خوجىنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى ئىلتىپاتسىز قالدۇردى. ئاخىر، ئاپاق خوجا سەرگەردان بولۇپ بەدەخشانغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالماي بابۇرىيلەر ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يەنە بىر ئۆلكىسى بولغان

---

① بابۇرىيلەر — بۇ ئىمپېراتورلۇق تۈركىستانلىق زوھۇرىدىن مۇھەممەد بابۇر تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقتىن شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئىمپېراتورلۇق جەمئىي 329 يىل (1526 ـ 1857) ھۆكۈم سۈرگەن.

② ئاستراخانىلار سۇلالىسى — ئۆزبېكلەرنىڭ ئەشتەرخانىلار سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۇلالە مىلادى 1599 ـ يىلىدىن 1753 ـ يىلىغىچە جەمئىي 154 يىل ھۆكۈم سۈرگەنىدى.

③ ئابدۇلئەزىز — ئەشتەرخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر پادىشاھى. ئۇ مىلادى 1642 ـ يىلىدىن 1680 ـ يىلىغىچە جەمئىي 38 يىل تەختتە ئولتۇرغانىدى.

wwww.bilnur.com

كەشمىرگە يېتىپ كەلدى ۋە كەشمىر ئارقىلىق تىبەتنىڭ لاداق[1] دېگەن يېرىگە ئۆتۈپ، لىخاساغا — براھمانلار پادىشاھلىقىغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ چاغدا بابۇرىيلەرگە ئەۋرەڭزىب[2] پادىشاھ ئىدى.

ئاپاق خوجا تىبەتنىڭ لىخاسا شەھىرىگە مىڭبىر جاپالاردا بېرىپ، بۇتپەرەسلەرنىڭ چوڭى دالاي لاما بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى تىبەت زىيارىتى نەتىجىلىك بولدى. غالدان دالاي لامانىڭ ئۆزىگە يازغان مەكتۇپىغا ئاساسەن، ئوغلى سەپتىڭ بالجۇر بىلەن سەركەردە زەڭگى قونتەيجىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 120 مىڭ[3] جۇڭغار ئاتلىق لەشكىرى بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە باستۇرۇپ كىردى.

مىلادى 1678 - يىلى (ئات يىلى) يازدا ئاپاق خوجا جۇڭغارىيىدىن باشلاپ كەلگەن بۇ 120 مىڭ جۇڭغار ئاتلىق ئەسكىرى مۇز داۋان ئارقىلىق ئۇدۇل ئاقسۇغا چۈشتى.

پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنى بوراندەك سۈپۈرۈپ ماڭغان جۇڭغار باسقۇنچىلىرى بىلەن ئۇلارغا ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقان ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنى ئاقسۇ چۆلىدە سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قارشىلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلدى ۋە ئىسمايىل خاننى ئەسىر ئالدى. غالدان ئاپاق خوجىنى يىراقتىن كونترول قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىسمايىل خاننى ئىلىبالىققا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنى ئېرەن - قابۇرغا دېگەن يەرگە نەزەربەند قىلىپ قويدى.

---

① لاداق — ئەسلىدە تىبەتنىڭ بىر ئۆلكىسى ئىدى. كېيىن كەشمىرگە تەۋە بولۇپ، ھىندىستاننىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن.

② ئەۋرەڭزىب — بابۇرىيلەر ئىمپېراتورلۇقىدا مىلادى 1658 - يىلىدىن 1707 - يىلىغىچە ئىمپېراتور بولغان. ئۇ ئاپاق خوجا بىلەن زامانداش ئىدى.

③ بەزى مەنبەلەردە «12 مىڭ قالماق چېرىكى» دېيىلىدۇ. مەن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دىكى «120 مىڭ قالماق چېرىكى» دېگەن ساننى ئاساس قىلدىم.

wwww.bilnur.com

غالدان ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ تەختىگە چىقىرىپ، ئۇنىڭغا «ساغان زالىڭ، ئاق خان»[1] دەپ رەسمىي نام بەردى. شۇنىڭ بىلەن 164 يىل داۋاملاشقان سەئىدىيە خاندانلىقى ئۈزۈل - كېسىل مۇتقەرز بولۇپ، جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى 80 يىل داۋاملاشقان قانلىق ھۆكۈمرانلىقى باشلاندى. . .

نەزمە

ھۇجۇم قىلىپ كەلدى ماڭا ئەشەددىي دۇشمەن،
ئەي دوستلىرىم، كاشكى، مېنى يوقلاپ تۇرسىڭىز.
ئۆتتى مېنىڭ روزىغارىم نادانلىق بىلەن،
مەن قىلمىدىم، ئەمدى سىزلەر ھەزەر ئەيلىڭىز!

— شەيخ سەئىدى

[1] ساغان زالىڭ — موڭغۇلچە «ئاپاق خوجا» دېگەن سۆز.

wwww.bilnur.com

تۆتىنچى باب

# بۇ پاجىئەگە زېمىن گۇۋاھ

«كىمكى ئاللانى قويۇپ، شەيتاننى دوست تۇتىدىكەن، ئۇ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) ئوپئوچوق زىيان تارتقان بولىدۇ (119). شەيتان ئۇلارغا (يالغان) ۋەدىلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى خام خىيالغا سالىدۇ (يەنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلارنى كۆڭلىگە سالىدۇ). شەيتان ئۇلارغا پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىدۇ (120). ئەنە شۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. ئۇلار جەھەننەمدىن قاچىدىغان جاي تاپالمايدۇ (121).»

-- قۇرئان كەرىم. سۈرە نىسا

مىلادى 1678 ـ يىلى (ئات يىلى) 9ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى. يېرىم كېچە.

جوڭغارلار يەكەن قەلئەسىنىڭ بەش قوۋۇقىغا بىراقلا ھۇجۇم باشلىدى. سېپىل ئەتراپىدا سۇ بىلەن لىق تولدۇرۇلغان چوڭقۇر خەندەك بار ئىدى. خەندەكتىن سېپىل قوۋۇقىغا ئۆتكىلى بولىدىغان تاختا كۆۋرۈك زەنجىر بىلەن ئۈستىگە تارتىپ

wwww.bilnur.com

قويۇلغانىدى.

شەھەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئاق تاغلىق سوپىلار ئالدىن كېلىشىپ قويۇلغان ۋاقىت - قەرەلىدە جوڭغارلار شەھەرگە تېگىش قىلىشى بىلەن تەڭلا دەرھال شەھەرنىڭ ھەرقايسى قوۋۇق- ئەگۈنلىرىگە تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ تارتىۋالماقچى ئىدى. شۇڭا، سېپىل سىرتىدىن جوڭغارلارنىڭ هاي - هۇيلىرى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭلا، سوپىلارمۇ ھەرقايسى قوۋۇقلارنى ئەمىر كېبىر - ئېۋەز بەگنىڭ قورۇقچىلىرىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن، قوۋۇق ئەتراپىدىكى ئۆيلەرگە ئوت قويۇشتى. بۇ چاغدا ئاپاق خوجا غالدان بىلەن شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئالتۇنلۇق دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى ھەفتەئى مۇھەممەدان تۆپىلىكىدە جوڭغارىيە - سوپى ئىشانلار بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ شەھەرگە قىلىۋاتقان ھۇجۇم جېڭىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقانىدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا غالداننىڭ ئوغلى سەپتېنىڭ بالجۇر قوماندانلىق قىلىۋاتقانىدى. ئەتراپ ئوتقاش — گۈلخانلارنىڭ ئوت يالقۇنىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

شەھەرنىڭ بەش قوۋۇقىدا بىردىنلا ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلگىنىنى كۆرگەن ئاتلىق جوڭغارلار قوۋۇقلارنى تېزرەك ئىگىلەش ئۈچۈن، تاختا كۆۋرۈك تەرەپكە ئات سېلىشتى.

ئۇڭ تەرەپتە ئېگىزلىكنىڭ كەينىدىن بىر توپ جوڭغار ئاتلىق چېرىكلىرى ھايقۇرتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ چىقىشتى. ئاتلىق جوڭغارلار بىر ئوق يېتىم كەلگۈدەك جايغا يېتىپ كېلىشكەندە، قەلئە ئۈستىدىكى ئېۋەز بەگنىڭ جەڭچىلىرى جوڭغارلارنى قوللىرىدىكى ئوقيا ۋە توفەڭلەرنىڭ[1] ئوقى بىلەن قارشى ئېلىشتى. بۇ چاغدا، يەنە بىر گۇرۇھ جوڭغار ئاتلىقلىرى ھەفتەئى مۇھەممەدان ئېگىزلىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئالتۇنلۇق

① توفەڭ — ئىچىگە دورا - ئوق چىڭدىلىپ، پىلىك ئارقىلىق ئېتىلىدىغان مىلتىق.

wwww.bilnur.com

دەرۋازىسىنى بۆسۇپ ئۆتمەكچى بولۇپ ئۇدۇلىدىن ئات سېلىشىۋىدى، ئالدىدىن زالىپ[1] ئېتىلغان ئوق يامغۇرىغا دۇچ كېلىپ، ئون نەچچە جوڭغار چېرىكى ئات ـ پاتلىرى بىلەن تەڭلا يەرگە يىقىلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئالتۇنلۇق دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداندا قىزغىن جەڭ باشلىنىپ كەتتى. ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان جوڭغار چېرىكلىرى سان جەھەتتىن كۆپ بولغاچقا، ئېۋەز بەگنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ چوڭ غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىشلىرىغا قارىماي، دەۋرەپ بېسىپ كېلىۋېرىشتى.

ئالتۇنلۇق دەرۋازىسى تەرەپتە، ئۆز جەڭچىلىرى بىلەن جوڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىغا داددىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئېۋەز بەگ چىداپ تۇرالماستىن گۇلخان ـ ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا ئالتۇندەك پارقىرىغان قىلىچىنى يېنىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى — دە، ئالغا ئات قويدى.

قەلئە بېگىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرگەن نۆكەرلەر ھەر ياقتىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشتى. بىر نۆكەر:

— بەگ جانابلىرى، سىلى جەڭگە كىرمىسىلە، سىلى ئۈچۈن ئۆلسەك، بىز ئۆلەيلى! — دەپ ئۇنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىغا مەھكەم ئېسىلدى. ئېۋەز بەگ:

— قويۇۋەت مېنى! ئانام مېنى جەڭگە ئاتاپ تۇغقان! باشقىلار قىرغىنغا كىرگەندە مەن تاماشا كۆرەمتىم؟! — دەپ قولىدىكى قامچا بىلەن ئاتنى قاتتىق بىرنى ئۇردى. مۇنداق قامچا يەپ ئۆگەنمىگەن كۈچلۈك جىرەن قاشقا بىر سەكرەپلا ئالغا قاراپ ئۇچتى — دە، ئىگىسىنى جەڭنىڭ قايناپ تۇرغان جايىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. قالغان نۆكەرلەرمۇ بوراندەك قوزغىلىپ، ئات يۇگۈرتكىنىچە جەڭگە كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار ئوت يالقۇنىنىڭ

---

[1] زالىپ ئېتىش — بىرقانچە مىلتىقنىڭ تەڭلا ئېتىلىشى.

wwww.bilnur.com

يورۇقىدا جۇڭغار ئاتلىقلىرى بىلەن قىلىچلىشاتتى، نەيزىلىشەتتى. قوللىرىدىكى چوقماقلىرىنى جۇڭغارلارنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇشاتتى...

— ئاۋۇ قىلىچۋازلىق قىلىۋاتقان باھادىر كىم؟ — دەپ سورىدى غالدان يېنىدىكى ئاپاق خوجىدىن ئېۋەز بەگنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

ئاپاق خوجا سىنچىلاپ قاراپ، ئاخىر ئۇنى تونۇدى. ئۇ يولۋاسخان تەختكە چىققاندا يولۋاسخاننىڭ ئەمىر كېبىرلىرىدىن بىرى بولغان باھادىر ئېۋەز بەگ ئىدى. بۇنىڭدىن توققۇز يىل ئىلگىرى، ئاشۇ ئېۋەز بەگ يولۋاسخاندىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسمايىل خاننىڭ سەئىدىيەلەر تەختىگە چىقىشقا ياردەم بەرگەنلىكتىن، ئاپاق خوجا يەكەننى تاشلاپ بەدەخشانغا قېچىشقا مەجبۇر بولغانىدى!

— ئۇنىڭ ئىسمى ئېۋەز بەگ، — دەپ جاۋاب بەردى ئاپاق خوجا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، چۈنكى ئۇ بۇنىڭدىن توققۇز يىل بۇرۇنقى ئۆچىنى تېخى ئۇنتۇلۇپ قالمىغانىدى، — ئاسىي ئىسمايىل خاننىڭ لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىرى. ئۇ ناھايىتى قارام بىرنېمە. بىشەۋكەتى قالماق خان ئالىيلىرى، ئۇنىڭدىن قاتتىق ھەزەر قىلماق لازىمدۇر!

ئېۋەز بەگنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىغا قايىل بولغان غالدان ئاپاق خوجىنىڭ كېيىنكى گەپلىرىگە ئانچە قۇلاق سېلىپ كەتمىدى.

— بېرىپ مېنىڭ پەرمانىمنى يەتكۈز. ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار! يارىلاندۇرۇپ قويساڭلارمۇ بېشىڭلارنى ئالىمەن! — دەپ بۇيرۇق بەردى غالدان يېنىدىكى بىر تورغائتقا.

— جە! — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى ھېلىقى تورغات ۋە ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپلا جەڭ بولۇۋاتقان جايغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

wwww.bilnur.com

ئېۋەز بەگ بۇ چاغدا جوڭغارلارنىڭ سەركەردىسى سىۋېن ئارابدان بىلەن نەيزىلىشىۋاتقانىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىرنېمە پۇلاڭلىغاندەك بولدى — دە، ئېتىنىڭ بويىنغا ھالقا قىلىپ ئېتىلغان بىر كەمەنباغ كېيلىپ قالدى. كەمەنباغ چىڭ تارتىلىپ تۇزلەندى. ئېۋەز بەگنىڭ ئېتى مۇدۇرلەنگىنىچە ئالدى تەرەپكە بىر ئۇمتۇلىۋىدى، ئات ئۇستىدىكى ئېۋەز بەگ ئاتنىڭ بېشىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئالدى تەرەپكە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرماقچى بولغىنىدا، ئون نەچچە جوڭغار چېرىكى ئۆزلىرىنى ئاتتىن ئۇنىڭ ئۇستىگە تاشلاشتى — دە، ئۇنى يەرگە مەھكەم نىقتاپ بېسىۋالدى. ئېۋەز بەگ پۈتۈن كۈچى بىلەن تېپىرلاپ بوشىنىشقا ھەرىكەت قىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان تاغدىن ۋە كېكىردىكىنى مەھكەم قامالىلىۋالغان تۆمۈر چاڭگالدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى...

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، غالدانىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ تاتىرىپ تامدەك بولۇپ كەتكەن چىرايىغا كۆزى چۈشتى ۋە بوغۇلۇپ: «ھەي ئىت!» دەپ ۋارقىرىدى.

ئېۋەز بەگنىڭ ئىككى نۆكىرى كەمەنباغچى جوڭغار چېرىكلىرىنى كەينىدىن قوغلاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چۈشۈشكە ئۇلگۈرگەن بولسىمۇ ئەمما بىرمۇنچە جوڭغار ئاتلىق چېرىكلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپلا بۇ ئىككى نۆكەرنىڭ ئۇستىگە ئېتىلدى ۋە پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىۋاتقان بۇ ئىككى نۆكەرنى ئۇزاق ئېلىشىشتىن كېيىن قىلىچلاپ تاشلىدى. ئۇلار پارچىلىنىپ توپىغا ئارىلاشتى.

ئېۋەز بەگنىڭ جەڭچىلىرى ئەمىر كېبىرنىڭ جوڭغارلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئەلەمگە چىديالماستىن تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇش قىلىشتى. ئەمما، جوڭغارلار ئۇلارنىڭ تولىسىنى تېخىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن قىرىپ تاشلىدى.

wwww.bilnur.com

قالغانلىرى بولسا كۆچلۈك جۇڭغار ئاتلىقلىرى تەرپىدىن كەڭ دالاغا توزدۇرۇۋېتىلدى. ئۇلار يەكەن قەلئەسىنىڭ جۇڭغارلار قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يىنىپ - يىنىپ تولىنىپ، ئۆلۈمنى ھەممىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلاتتى. . .

يەكەن قەلئەسىدە قارشىلىق داۋاملاشماقتا ئىدى. ھەفتەئى مۇھەممەدان ئالدىدا باشلانغان جەڭ شاۋقۇنى بىردەمدىلا پۈتۈن قەلئەنى قاپلاپ، كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالدى. يەكەننىڭ ھاكىمى ئەمىر مىرزا ھەيدەر دوغلاتى[1] بۇ چاغدا بىر قىسىم ئادەملىرى بىلەن ئالتۇنلۇق مەدرىسىنىڭ ئىچىدە جۇڭغارلارغا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانىدى. دەسلەپتە، ئالتۇن دەرۋازىنىڭ تېشىدىكى ھەفتەئى مۇھەممەدان تەرەپتە ئاڭلىنىۋاتقان جۇڭغار ئاتلىقلىرىنىڭ ھاي - ھۇي چۇقانلىرى ئەمدى شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا ئاڭلىنىۋاتقانىدى. سېۋان ئارابدان باشچىلىقىدىكى جۇڭغار تۇرشاۋۇللىرى سەئىدىيە قوشۇنلىرىنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىكى دەرۋازىلاردىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆتۈك بازىرى، كىچىك ئالتۇنلۇق، قوچقار ئاتا، چارسۇ كۆل كوچىسى ۋە تېرەكباغ كوچىلىرى ئارقىلىق ئۇدۇل كۈنچىقىشتىكى قالغات دەرۋازىسى بىلەن مەسخىرە دەرۋازىسى تەرەپكە تاراقلاپ ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى.

غەدىگەرلىك، شەھىدانكۆل، نور تۇۋى قاتارلىق كوچا - يوللارنىڭ ھەممىسىدە جۇڭغار ئاتلىق چېرىكلىرىنىڭ سايىسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. ئۇلار قوللىرىدا ئوتقاش كۆتۈرۈۋېلىشقانىدى. بىر جۇڭغار ئاتلىق چېرىكى غەدىگەرلىك

---

① مىرزامۇھەممەت ھەيدەر كوراگانى بىلەن ئىسىمداش يەنە بىر كىشى.

wwww.bilnur.com

كۈچىسىنىڭ ئاغزىدىكى ئەگۈنگە يېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭ ئېتى تۇساتتىن مېڭىشتىن توختاپ ئەگۈنىنىڭ ئاستىغا قويۇلغان بىر تاشقا پۈتلىشىپ موللاق ئېتىپ يىقىلدى. ھېلىقى چېرىكمۇ ئاتنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، پۈتۈن بەدەن ئەزالىرى يەرگە نەقىش باستى.

ئاق تاغلىق ئىشان ـ سوپىلار — ئاپاق خوجىنىڭ خاس مۇرىتلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان سوپى چېرىكلىرى بىر قولىغا ئوتقاش، يەنە بىر قولىغا قەلەندەرلىك سوتا ـ تاياقلىرىنى ئېلىپ، ئىسمايىل خاننىڭ تەرەپدارلىرىنى قوغلاپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار شۇنداق غەزەپكە كەلگەنكى، مۇشۇ تاپتا ئۇلار ئالدىغا شىر ياكى يولۋاس ئۇچراپ قالسىمۇ، قىلچە قورقۇپ قالمايتتى. رۇستەم ۋە ئىسفەندىيار ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ئاجىز ۋە خار بولغان بولاتتى!

ھاكىمبەگ ئەمىر ھەيدەر دوغلاتى بىر قىسىم لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالتۇنلۇق مەدرىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ چىقىشقا بىر نەچچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا دۇچ كېلىپ تېزلا بىتچىت بولۇپ كەتتى. كېچىدە قايسىسى قالماق، قايسىسى ئۆز ئادەم مىرزا ھەيدەر دوغلاتى زادىلا ئاجرىتالماي قالدى. كۆزىگە يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى قالماق چېرىكلىرى بولۇپ كۆرۈندى. تۆۋەنكى تەرەپتىكى خانىقا دەرۋازىسى تېخى قالماق چېرىكلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىگەندەك قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئادەملىرىنى باشلاپ تۆتىنچى دايقۇر قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ ئاخىر جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىنى بۇزۇپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى. «ئەلفىرارۇ مىممالايۇتاقۇ. مىن سۇنەنىلمۇر

wwww.bilnur.com

سەلىن.»[1] مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر دوغلاتى بىرەر يۈزدەك ئادىمىنى ئېلىپلا تۆۋەنكى دەرۋازا تەرەپكە خانىقا قوۋۇقىغا قاراپ قاچتى...[2]

ئالتۇنلۇق مەدرىسىگە ئىككى مىڭدەك ھەربىي ۋە قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئەمەلدار، پۇقرالار يىغىنىۋالغانىدى.

ئەتىسى تاڭ سۈزۈلگەندە، كىشىلەر ئاپاق خوجىنىڭ سوپى چىرىكلىرىنىڭ كىشىلەرنى قوغلاپ يۈرۈشكەنلىكلىرىنى كۆرۈشتى. ئاپاق خوجىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، غالدان شەھەردە ئۈچ كۈن قەتلىئام ئېلان قىلدى.

يەكەن شەھىرىدە ئىلگىرىكى خان — سۇلتان ئىسمايىل خان زامانىدا قارا تاغلىقلار تەرىپىدىن بېسىلغان ئاق تاغلىقلار، ئىلگىرىكى ھۆكۈمدار ئىسمايىل خاندىن نارازى ئادەملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. شەھەرلىكلەر بۇلانغان، ئېتىزلىقلار سۇلتان ئىسمايىل خان باشلاپ كەلگەن يىلدان تەيشىنىڭ ئاتلىق چېرىكلىرى تەرىپىدىن چەيلەنگەن، ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى — ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشان قارا تاغلىق سوپىلار تەرىپىدىن يېگىسارنىڭ قوش گۈمبەز دېگەن يېرىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا، ئەقلىدىن ئازغان بۇ تەلۋە خوجا ـ ئىشانلار ئۆتكەنكى قىساسلىرىنى چوقۇم ئالماي قويمايتتى.

ھاكىمىيەت قوشى ئاپاق خوجىنىڭ نۇسرەت ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن سابىق سۇلتان ئىسمايىل خان زامانىدا مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان سابىق ئەمەلدارلارمۇ ئابدۇللاخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن خانزادە خېنىم بىلەن

---

① «تەڭ كەلگىلى بولمىغاندا قېچىش — پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننەتلىرىدىندۇر.»

② مىرزا ھەيدەر دوغلاتى قېچىپ كېتىۋاتقاندا، جۇڭغار چېرىكلىرىگە ئۇچراپ تىرىك قولغا چۈشتى.

wwww.bilnur.com

ئەبەيدۇللا سۇلتانىنىڭ خۇن دەۋاسىنى تەلەپ قىلىپ چىقىشتى...

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، بىز ئالدىنقى بابلاردا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد سۇلتانى ئابدۇللاخان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى — قەشقەر نايىبى، شاھزادە يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ماجىرالار ھەققىدە ئاز - تولا توختالغانىدۇق. يولۋاسخان مۇستەقىللىق خاھىشى ناھايىتى ئۈستۈن شاھزادە ئىدى. ئۇ داۋاملىق قورال كۈچىگە تايىنىپ زورلۇق قىلىشقا ۋە ئىسيان كۆتۈرۈشكە خۇشتار ئىدى. شۇڭا، ئۇ قوللىغۇچىلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغىنىدا، يەرلىك تەرىقىچى كۈچلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بولغان ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر تەبىئىي يوسۇندا يولۋاسخاننىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئايلانغانىدى.

مىلادى 1562 - يىلى يازدا، مەخدۇم ئەزەمنىڭ چوڭ ئوغلى، ئىشقىيە (ئاق تاغلىقلار) مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد ئىمىن ئىشان ئىمامى كالان خوجا ئۆزىنىڭ ئىنىسى، ئىسھاقىيە (قارا تاغلىقلار) مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سەردارى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن تارتىپ، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر بىلەن ئىزچىل تۈردە ئۆچەكىشىپ كېلىشىۋاتقانىدى. ئابدۇللاخانغا قارشى تۇرغانلىق ماھىيەتتە قارا تاغلىقلارغا قارشى تۇرغانلىق بولاتتى. شۇڭلاشقا، يولۋاسخان ئاپاق خوجا بىلەن تېزلا سىياسىي ئىتتىپاق تۈزدى. ئاق تاغلىقلارنىڭ تەسىر كۈچى يولۋاسخان ھاكىمىيىتىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا تېزلا كېڭەيدى. يولۋاسخاننىڭ ئەمەلىي كۈچىمۇ ئاق تاغلىقلارنىڭ پائال قوللىشى ئارقىسىدا كۈندىن - كۈنگە زورىيىپ، سەئىدىيە مەملىكىتىدە سەل

wwww.bilnur.com

قاراشقا بولمايدىغان بىر تۈرلۈك ئۆكتىچى كۈچ بولۇپ شەكىللەندى ۋە مەركىزىي ھاكىمىيەت ـ سۇلتان ئابدۇللاخان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە سەلتەنىتى بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرالايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى يەكەنگە ئاتىسى — سۇلتان ئابدۇللا خانغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قەشقەردىن لەشكەر تارتىپ چىقتى.

مىلادى 1666 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى يەنى ماھىي شاۋۋالنىڭ سەككىزىنچى كۈنى، سۇلتان ئابدۇللاخان يولۋاسخاننىڭ ئارىغا سوغۇقچىلىق سېلىش ھىيلىسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆزىگە سادىق بەگلەردىن مىرزا تىنىبەگ، نەجىببەگ قاتارلىق ئەمىرۇل ـ ئۆمەرالارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلتۈردى. بىراق، ئەتىسى يەنە، ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ، بۇ ئۆچىنى يولۋاسخاننىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئالماقچى بولدى — دە، ئۆزىنىڭ قىز نەۋرىسى، يولۋاسخاننىڭ قىزى خانزادە خېنىمنى ھەفتەئى مۇھەممەداندا چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئارقىدىنلا خوتەنگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، «مۇھەممەد قاسىمبەگ باشلىق ئەمىرۇل ـ ئۆمەرالار! مېنىڭ بىخەتەرلىكىم ئۈچۈن، سۇلتاننى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىڭلار! قوشۇننى دەرھال ئاتلاندۇرۇپ يەكەنگە كېلىڭلار!» دەپ پەرمان چۈشۈردى. خوتەن نايىبى، يولۋاسخاننىڭ ئوغلى، ئابدۇللاخاننىڭ نەۋرىسى بولغان 18 ياشلىق شاھزادە ئەبەيدۇللا سۇلتان خوتەن ئەمىرلىرىنىڭ قىستىشى بىلەن زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ خانزادە خېنىم بىلەن شاھزادە ئەبەيدۇللا سۇلتان بوۋىسى ئابدۇللا خان بىلەن ئاتىسى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدىكى تەخت تالىشىش ماجىراسىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ئىشمۇ ئاپاق خوجىنىڭ بىۋاسىتە قول تىقىپ پىلانلىشى ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى ئەلۋەتتە!

قايسى ئەلدە نادانلىق، غاپىللىق غالىپ كەلسە، شۇ ئەلدە تەرەققىيات، بۈلۈنۈش ئەۋجىگە چىققان بولىدۇ. قايسى يۇرتتا ھەقىقەتنىڭ باغرى تىلىنغان بولسا، شۇ يۇرتتا غاپىللار يۇقىرى دەرىجىلەرنى ئىگىلەيدۇ. توڭگۇز تۇمشۇق، ئېيىق پەنجە، بۆرە چىشلىق، تۈلكە قۇيرۇق، قىپچىر تۇياق، چايان مىجەز، يىلان تىللىق كىشىلەر ئۇستۇن مەرتىۋىلەرگە كۆتۈرۈلىدۇ! مەخدۇم ئەزەمنىڭ يارامىلىق پۇشتى بولغان ئاپاق خوجىمۇ دەل مۇشۇ سۇرەتتىكى ئادەملەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى. دۇنيادا ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئوڭاي ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى، «توپىلاڭدا توغاچ ئوغرىلاش» دېگەن ئوبرازلىق سۆزگە يىغىنچاقلىغانىدى.

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ پايدىلىق ئىلىم - ۋەتەننى سۆيۈش ئىلىمىدۇر! ئاق تاغلىقلارنىڭ سەردارى ئاپاق خوجا بۇنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكتىن، سەئىدىيە خانلىقىنى مۇنقەرز قىلىشنى ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشۇ تەرەپتىن قول سېلىشتىن باشلىدى.

ئاپاق خوجا ۋەتەنسىزلىكنىڭ ۋە پىرقىۋازلىقنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتىكى رولىنى چۈشىنەتتى. چۈنكى، بىر مەشھۇر ھەدىستە: «ۋەتەننى سۆيۈش — ئىماندىن جۈملىسىدىندۇر!» دەپ ئېيتىلغان. دېمەك، ئىنسانغا ئەڭ نەپ بېرىدىغان ئىلىم — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىلىمىدۇر. ھەدىستە ئىمان دەپ ئاتالغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى سەئىدىيە خانلىقىنى پارچىلاشتا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان قەشقەر خوجىلىرى ئەڭ دەسلەپتە دۇچ كەلگەن زور توساق ئىدى. ئاپاق خوجىمۇ ئىشنى ۋەتەنسىزلىكنى تەرغىب قىلىشتىن باشلىدى ۋە شۇ ئارقىلىق سەئىدىيە خەلقىنىڭ ئىمانىنى سۇسلاشتۇرۇشقا تىرىشتى.

شۇ چاغلاردا بۇ ئەل نادانلىققا پاتقان، تەۋپىق — ئادالەت

wwww.bilnur.com

كۆتۈرۈلگەن، ھاياسىزلىق، ئىنساپسىزلىق كۆچەيگەن، مېھىر - شەپقەت تۈگىگەنىدى. ئەلنى ئېشەكتىنمۇ بەتتەر نادانلىق پاتقىقىغا چۆكتۈرگەن بۇ بىر توپ ئەخلاقسىز پاسىق، قەبىھ گۇناھكار، يالغانچى، بىئەجەل ئۆلىدىغان غالچىر ھەسەتخور، ئەشەددىي قارا قورساق، ئىچى چاياندىنمۇ زەھەر قەشقەر خوجىلىرى ھەممىلا يەردە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشاتتى. ئۇلار دۇئا بىلەن نام، دۇئا بىلەن جان، دۇئا بىلەن ئىمان، دۇئا بىلەن ۋەج، دۇئا بىلەن ئابرۇي تاپقىلى بولىدۇ، دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئۇلار دۇئا بىلەن يۇرت، دۇئا بىلەن تەخت ئېلىش قەستىدە يۈرۈشەتتى. شۇ زاماندا سەئىدىيە كىشىلىرى قورقۇنچاق، پىكىر - تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، نان قېپى، زەئىپ، تەرسا، چېچىلاڭغۇ، ئىش خوشياقماس، ئاجىز، ئەخمەق، لاپچور، شالاق، تەرى سۆرۈن، توڭ، بەتقىلىق، بەتخۇي، «قايناق سۇدا تاھارەت ئېلىپ مەسچىتتە چېچاڭشىيدىغان» ئەقلى پالەچ ئاڭقاۋلاردىن بولۇپ كېتىشكەنىدى!

دېمەك، دۇنيادا ھەممە ياخشىلىقنى بىرلا ياخشىلىققا — ئىلىم - مەرىپەتكە يىغىنچاقلىغىلى بولغىنىدەك، دۇنيادىكى ھەممە ئىپلاسلىقنىمۇ نادانلىقتىن ئىبارەت بىرلا ئىپلاسلىققا يىغىنچاقلاش ھەم مۇمكىن! ياكى بولمىسا، دۇنيادا قانچىلىك ئالىيجانابلىق بولسا، بۇ ھەممىدىن ئاۋۋال ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مېۋىسىدۇر؛ جاھالەت، پەسلىك، قاششاقلىق ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى نادانلىقتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، جاھاندىكى ھەممە سەلتەنەت قاتىللىرى تارىختىن بۇيان ئۆز مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا نادانلىقتىن پايدىلىنىپ كەلگەن!

* * *

ئەمدى ئۆز سۆزىمىزگە كەلسەك، سەئىدىيە مەملىكىتىنىڭ

wwww.bilnur.com

مەشھۇر سۇلتانى ئابدۇرەشىدخان زامانىدىن تارتىپلا باشلانغان پىرچىلىق ھەرىكىتى ئاپاق خوجا زامانىسىغا كەلگەندە، مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندى. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى قالايمىقانلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، كىشىلەر نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلالمايدىغان بولۇپ قېلىشتى!

*　　　*　　　*

يەكەن — قەدىمكى ساكارائول دۆلىتىنىڭ پايتەختى ئىدى. ساكارائول — قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى ئىدى.

مىلادى 1470 - يىلى، شەرقىي چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ دوغلات قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان مىرزا ئابابەكرى[1] يەكەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ئايلانمىسى ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىگە سېپىل سوققۇزغانىدى. يەكەن سېپىلىنىڭ بەش قوۋۇقى بولۇپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكىسى — «ئالتۇنلۇق دەرۋازىسى»، كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىكىسى — «مەسخىرە دەرۋازىسى»، كۈنچىقىش يۇقىرى تەرەپتىكىسى — «قالىغات دەرۋازىسى»، شىمال تەرەپتىكىسى — «تېرەكباغ دەرۋازىسى»، جەنۇب تەرەپتىكىسى — «خانىقا دەرۋازىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

شەھەرنىڭ ئىچىدىكى كوچا - يوللار بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، شەھەرگە خۇددى ئۆمۈچۈك توردەك يېيىلغانىدى:

---

① مىرزا ئابابەكرى (1514 — ؟) — قەشقەردە قۇرۇلغان مىرزا ئابابەكرى خاندانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا غەلىيان يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەشقەرنى بېسىۋالغان ۋە تاغىسى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەرنى قەشقەردىن قوغلاپ چىقارغانىدى. ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئەللىك يىل ئىچىدە قانلىق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، پۇقرالارغا رەھىمسىزلىك بىلەن زىيانكەشلىك قىلغانىدى. مىلادى 1514 - يىلى، سۇلتان سەئىدخان تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، قارا قۇرۇمغا قاچقاندا، مۇلازىملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

wwww.bilnur.com

ئالتۇنلۇق دەرۋازىسى بىلەن شەھەرگە كىرگەندە، ۋاپۇرۇش بازىرى، كىچىك ئالتۇنلۇق، گۆرباغ، قوچقار ئاتا، داڭدار، چارسۇ كۆل، يار كوچا، تېرەكباغ، گوزەر ئارقىلىق قالغات دەرۋازىسىغا چىققىلى بولاتتى؛ ۋاپۇرۇش بازىرى ۋە خەندەككۆل كوچىلىرى ئارقىلىق ئۆتۈپ، غەدىگەرلىك، رەستە، چارسۇ كۆل، شەھىدانكۆل كوچىلىرى بىلەن ماڭسا، يەنىلا قالغات دەرۋازىسىغا چىققىلى بولاتتى؛ ئالتۇنلۇق دەرۋازىسىدىن كىرىپ، تۆۋەنكى تەرەپكە قاراپ ماڭغاندا، تاشقىرىقى راۋاق، يېڭى مەھەللە، يېڭى بازار ئارقىلىق خانىقا دەرۋازىسىغا چىققىلى بولاتتى؛ ئالتۇنلۇق دەرۋازىسىدىن كىرىپ كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭغاندا، خەندەك كۆلبېشى، يېڭى مەھەللە، ئارا ئوردا كوچىلىرى بىلەن غەدىگەرلىككە كېلىپ، ئاندىن تۆۋەنگە بۇرۇلۇپ، نوتۇۋى، توغراق كۆلبېشى كوچىلىرى ئارقىلىق كۈنچىقىشتىكى مەسچىرە دەرۋازىسىغا چىققىلى بولاتتى.

يەكەننىڭ چوڭ كوچا - يوللىرى كەڭلىكى ئون قەدەمدىن ئون ئالتە قەدەمگىچە كەڭلىكتە ئېلىنغان بولۇپ، بىر ئۇچى شەھەرنىڭ ھەرقايسى قوۋۇقلىرىغا بېرىپ تاقىلاتتى. يەنە بىر ئۇچىغا ئەگۇن دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچ سالاسۇنلۇق دەرۋازا بېكىتىلگەنىدى.

شەھەرنىڭ بۇ كوچا - يوللىرىدىن يەنە تەرەپ - تەرەپكە شاخ ئايرىپ، مەھەللە كوچىلىرىمۇ ئېلىنغانىدى. بۇ كوچىلار قاسساپلىق كوچىسى، شاخال كوچىسى، تۈگمەنبېشى كوچىسى، رېگىستان، دۆڭباغ كوچىسى، گۈندىخانا كوچىسى، ھەيدەر باغ كوچىسى، ناۋاتمان كوچىسى، ئەشمىكار كوچىسى، ناغرىچىلار كوچىسى، ئەلگەكچى كوچىسى، جۇمبۇچى كوچىسى قاتارلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق كوچىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ شاخچە كوچىلارنىڭ كەڭلىكى ئالتە قەدەمدىن ئون قەدەمگىچە كېلەتتى. بۇ كوچىلار ئارقىلىق يۈزدىن ئارتۇق مەھەللىگە يېتىپ بارغىلى

wwww.bilnur.com

بولاتتى. بۇ مەھەللىلەرنىڭ بەزىلىرى شۇ كوچا نامى بىلەن، بەزىلىرى مەسچىت نامى بىلەن ۋە بەزىلىرى بولسا، كۆل نامى بىلەن ئاتىلاتتى.

يەكەن شەھىرىدە سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاتمىشتىن ئارتۇقراق كۆل بار ئىدى. بۇ كۆللەرنىڭ ئىچىدە راۋاقكۆل، كوچا ئاغزى كۆلى، ۋاپۇرۇش بازىرى كۆلى، ئالتۇنكۆل، گۆرباغ كۆلى، چارسۇ كۆلى، گۇلغۇنكۆل، ئوردا كۆلى، شەھىدانكۆل، ساغرىچىكۆل، ئابابەكرى كۆلى، تۆمۈر خوجا كۆلى، ناسىر خوجا كۆلى، سەۋرىناز كۆلى، خەندەككۆل، ھەلەمدانكۆلى، سارايكۆلى، ناۋاتمان كۆلى قاتارلىق كۆللەر بىرقەدەر چوڭ ۋە داڭلىق قەدىمىي كۆللەر ھېسابلىناتتى. بۇ كۆللەرنىڭ بىر قىسمى پادىشاھلىق كۆللەر بولغاچقا، ھۆكۈمدارلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى؛ بەزىلىرىنى بولسا بايلار ئۆز تەمىراتىغا چاپتۇرغانلىقتىن، شۇ باينىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى؛ بەزىلىرى بولسا، مەھەللە ـ كويلاردىكى ئاھالىلەر بىرلىشىپ چاپتۇرغانلىقتىن مەھەللە نامى بىلەن ئاتىلاتتى.

بۇ كۆللەرنىڭ شەھەر سىرتىدىن سۇ كىرىدىغان ۋە شەھەر سىرتىغا ئېقىپ چىقىدىغان مەخسۇس ئېرىقلىرى بولغاچقا، كۆل سۈيى قىش ـ ياز سۈزۈك، كۆپكۆك زۇمرەتتەك، قاشتېشىدەك سۈزۈك، پاكىز تۇراتتى. كۆل سۈيىنىڭ پاسكىنا بولۇپ كەتمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا ياغاچتىن سالاسۇن ئورنىتىلغانىدى.

شەھەرنىڭ ھەرقايسى مەركىزىي كوچىلىرىدا ۋە ھەرقايسى مەھەللىلەردە شەھەر ئاھالىسىنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن ياغاچ ۋە پىششىق خىشتىن ئاجايىپ ھۈنەر بىلەن گۈمبەزلىك ياسالغان گۈلەخ، مۇنچا ـ ھاماملاردىن 437سى بار ئىدى. ھاماملارنىڭ ئېگىزلىكى بەش ـ ئالتە غۇلاچ كېلەتتى. ھامام ئادەتتە ئىككى بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، تاشقىرقى بۆلىكى يۇيۇنغىلى

wwww.bilnur.com

كەلگەنلەر كىيىم قويىدىغان ئۆي ۋە دەم ئالىدىغان خانا ئىدى. ئىچكىرىكى بۆلىكى يۇيۇنىدىغان هامام بۆلىكى بولۇپ، قاناتسىز ئەگمە ئىشكلەر بىلەن كىچىك ـ كىچىك خانىلارغا بۆلۈپ تاشلانغانىدى.

هامامنىڭ ھەممە خانىسىنىڭ تام تۈۋىنى بويلاپ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز، كەڭلىكى بىر يېرىم گەز كېلىدىغان، مەرمەر تاشلار بىلەن قاپلانغان تۇتاش ئېرىقلار ياسالغانىدى. بۇ ئېرىقلاردا يۇيۇنغۇچىلارغا كېرەكلىك بولىدىغان ئىسسىق سۇ توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. هامامنىڭ ئىچى پۈتۈن يەر، تام ـ تورۇسلىرى كۆكۈچ چىنە كاھىشلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئېرىقلاردىكى ئىسسىق سۇدىن كۆتۈرۈلگەن هور پۈتۈن هامامنى قاپلاپ كېتەتتى. ھەربىر خانىنىڭ تورۇسىدىكى گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ئەينەكلىك تۈڭلۈك قويۇلغان بولۇپ، بۇ تۈڭلۈكلەردىن سۇس يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

يەكەن شەھىرىدە ئالتۇنلۇقۇم مازىرى، قوچقار ئاتا مازىرى، يۇسۇپ قېدىرخان مازىرى، ھەفتەئى مۇھەممەدان، چىلتەنلىرىم مازىرى ۋە مۇساپىرلار مازىرى قاتارلىق داڭلىق شەھەردان مازارلاردىن ئون نەچچىسى بار ئىدى.

شەھەردە ھەيدەرباغ، چىنارباغ، جاھانباغ، بىھىشباغ، نەزەرباغ، ھەزرەت قاتارلىق ئون نەچچە داڭلىق چاھار باغلار بار ئىدى[1].

يەكەن شەھىرىدە مىرزا ئابابەكرى ۋە سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ قۇرغان نۇرغۇن مەكتەپ، ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بار ئىدى. يەكەن شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسى دەپ ئاتىلىدىغان رەشىدىيە مەدرىسەسى 360 هۇجرىلىق، ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغانىدى. سەئىدىيە خانلىقىدا

① بۇ ھەقتە: «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»نىڭ 39 ـ سانىغا بېسىلغان ئىسمايىل ئەسقەرنىڭ «يەكەن تارىخىغا ئائىت ئەھۋاللار» دېگەن ماقالىسىگە قاراڭ.

wwww.bilnur.com

يەكەن، قەشقەر ۋە باشقا شەھەرلەردە «پېشىل مەدرىسە»، «خانلىق مەدرىسە»، «ئالتۇنلۇق مەدرىسەسى»، «گۈرباغ مەدرىسەسى»، «قوچقار ئاتا مەدرىسەسى»، «مەدرىسەسى ئىقلىمات»، «جاھان مەدرىسەسى»، «مەھمۇدىيە»، «ساچىيە مەدرىسەسى»، «ۋەلىيە مەدرىسەسى» قاتارلىق ئالىي ۋە ئوتتۇرا - كىچىك دەرىجىلىك بىلىم يۇرتى، مەكتەپلەردىن 2263 ى بار ئىدى. بۇ بىلىم يۇرتلىرىدا ئەرەب، پارس ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گىراماتىكىسى، فىقھ ئىلمى، پەلسەپە، ھەندىسشۇناسلىق، قۇرئان تەپسىرى، ناتىقلىق ئىلمى، تىل - ئەدەبىيات، ئىسلام تارىخى، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئالگېبرا، خىمىيە، ئەخلاقشۇناسلىق، خەتتاتلىق، رەسساملىق، ئىلمى مۇھەندىسە ۋە باشقا پەنلەردىن دەرسلەر ئۆتۈلەتتى. يەنە لۇتفى، سەككاكى، جامى، نەۋائى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن دەرس ئۆتۈلەتتى.

خانلىق كۇتۇپخانا - ئالتۇنلۇق كۇتۇپخانىسىدا شۇ زاماندا يېگانە دەپ قارىلىدىغان كاتتا قوليازمىلار، سىزمىلار، ھەر خىل يەككە ۋە توپلام ئەسەرلەردىن ئاتمىش مىڭ پارچە ساقلانغانىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»، جامال قارشىنىڭ «سۇرراخ لۇغىتىگە ئىزاھات»، ئوبۇل فوتوھ ئابدۇل جاپپار ئالمايىنىڭ «قەشقەر تارىخى» دېگەن ئەسەرى، نىزامۇل مۇلكىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرى، ۋە پەغبۇرچىندا يېزىلغان، قۇبلاي زامانىدا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»[1]،

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن ئەسەر بىلەن «موغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يۇەنمىڭيۇەن باغچىسىدىكى خانلىق كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانىدى. ئەمما، مىلادى 1860 - يىلى ئەنگلىيە، فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى بېيجىڭنى بېسىۋالغاندا، يۇەنمىڭيۇەن باغچىسى بىلەن تەڭلا كۆيدۈرۈپ تاشلانغانىدى.

wwww.bilnur.com

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، مىرزا ھەيدەر كوراگانى تەرىپىدىن يېزىلغان ئىككى جىلدلىق «تارىخى رەشىدى» ۋە مەۋلانە شەرىپىدىن ئەل يەزدى تەرىپىدىن يېزىلغان «زەپەرنامە» قاتارلىق كاتتا ئەسەرنىڭ قولىيازمىلىرى ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بار ئىدى. يەنە «مەجمە ئۇتتاۋارىخ»، «مىنتىخىپ ـ ئالتاۋارىخ»، «جامى گىتى نەماي» (ئالەمنى كۆرسەتكۈچى جام)، «تاۋارىخ گىزىدە»، «نۇسرەتنامە»، «تاۋارىخ قەدىمە ۋە تاۋارىخ جەدىيە» (كونا تارىخ ۋە يېڭى تارىخ) قاتارلىق كىتابلار، پارس تارىخچىسى راشىددىننىڭ «جامىئۇتتاۋارىخ» بىلەن ئاتا مۇلۇك جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسەرلىرى ۋە يەنە تىببى پەنگە ئائىت نۇرغۇن ئەسەرلەر بار ئىدى.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دېگەن ئەسەر پەغپۇرچىننىڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى (960 — 1127) دەۋرىدە ياشىغان سىما گۇاڭ[1] دېگەن مۇئەررىخ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن سالنامە كىتاب بولۇپ، بۇ كىتاب تېكىست، مۇندەرىجە قوشۇمچە جىلد بولۇپ جەمئىي 324 جىلد ئىدى. بۇ كىتاب پەغپۇرچىننىڭ ئەڭ قەدىمكى دەۋرى — يېغىلىق دەۋرىدىن تارتىپ بەش سۇلالە دەۋرىگىچە بولغان جەمئىي 1362 يىللىق تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالغان زور ھەجىمدىكى كىتاب ئىدى. موڭغۇللار پەغپۇرچىننىڭ زېمىنىنى ئىستېلا قىلغاندا، چوڭ خان قۇبلاينىڭ دانىشمەن دەيدىغان بىر ئۇيغۇر باخشىسى بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغانىدى. بۇ كىتابنىڭ 196- جىلدىدىكى پەغپۇرچىن — تاڭ تەيزۇڭنىڭ[2] مۇنۇ بىر جۈملە سۆزى قۇبلايغا بەك يېقىن كەلگەنىدى: «تۇرقۇڭنى تۈزەي

① سىما گۇاڭ (1019 ـ 1086) — دۆلەتمىز تارىخىدىكى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى. تارىخشۇناس، دەپتەردار، تەكلىپدار، مولقول دىۋانبېگى بولغان.

② تاڭ تەيزۇڭ (599 ـ 649) — يەنى لى شىمىڭ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ 2 ـ ئەۋلاد پادىشاھى. جۇڭگو تارىخىدىكى مەشھۇر ئىمپېراتور.

wwww.bilnur.com

دېسەڭ، — دېگەندى پەغپۇرچىن تاڭ تەيزۇڭ، — ئەينەككە قارا؛ ساۋاق ئالاي دېسەڭ تارىخقا قارا؛ پۇتلاشماي دېسەڭ نادانغا قارا» . قۇبلاي بۇ سۆزلەرنى يوغان شىرمىغا ھۆسنخەت قىلىپ يازدۇرغانىدى. قۇبلاي مىلادى 1260 - يىلى تەختكە چىقىپلا ئىككى يۈزدىن ئارتۇق باخشى تەرجىمانىنى خانبالىققا چاقىرتىپ كېلىپ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلدۇرغانىدى ۋە باشقا شاھزادە - خانلارغا ئۇنى ئوبدان ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

«موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» — سەئىدىيە دەۋرىدىن 250 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىتاب بولۇپ، ئۇ موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىش تارىخى، چىڭگىزخان، ئوگىداي خانلارنىڭ مۇھارىبىيە جەھەتتىكى زەپەرنامىسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ ئىككى كىتاب موڭغۇللارنىڭ چوڭ خانى تەرىپىدىن ھەرقايسى تارخانلىقلارنىڭ خانلىرىغا دەستۇر قىلىپ تارقىتىپ بېرىلگەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ كۇتۇپخانىدا رەسسام بېھزات بىلەن مۇھەممەد سىياھ قەلەم سىزمىلىرىدىن نادىر ئۈلگىلەرمۇ ساقلىناتتى.

يەكەن — مىرزا ئابابەكرى زامانىدىن تارتىپلا ئاستانە بولۇپ كەلگەن شەھەر ئىدى. كېيىنكى سەئىدىيە دۆلىتى دەۋرىگە كەلگەندىمۇ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى بولۇپ ئىلگىرى، كېيىن بولۇپ 200 يىلدىن ئارتۇق ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتىن، بۇ ئەزىم شەھەر پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت - سەنئەت، ھۈنەرۋەنچىلىك - سانائەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى.

يەكەندە يالغۇز ھۈنەر - كەسىپنىڭ تۈرىلا ئۈچيۈز ئاتمىش خىلدىن ئاشاتتى. بۇ ھۈنەر - كەسىپلەر: پاختا يىپ توقۇمىچىلىقى، يىپەك توقۇمىچىلىقى، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، چىگە - كەندىر توقۇمىچىلىقى قاتارلىقلارنى، شۇنداقلا توقۇمىچىلىق كەسىپىنى، ھەر خىل نۇسخىدىكى زىلچا - گىلەم،

wwww.bilnur.com

پالاس توقۇيدىغان خالۋاپچىلىق كەسپىنى، ھەر خىل ياغاچچىلىق ئىشنى بېجىرىدىغان خارەتچىلىك كەسپىنى، ئۆي - ئىمارەتلەرنى ياسايدىغان تامچى - بىناكارلىق كەسپىنى، كۆن - خۇرۇمدىن ھەر خىل ئۆتۈك، باشماق، ئىسكالاچ - مەسە ۋە كەسسە - تىردان تىكىدىغان ساراچ، - موزدوزلۇق كەسپىنى، ھەر خىل كىيىم-كېچەكلەرنى تىكىدىغان تىككۈچى ئىلمە كەسپىنى، ھەر خىل كىگىز - تەڭلىمات، تەرلىك - ئىچمەك ۋە جايدام① باسىدىغان كىگىزچىلىك كەسپىنى، مەخسۇس توقۇمچىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يىك ئىشلەپچىقىرىدىغان يىكچىلىك كەسپىنى، ھەر خىل بۆك — دوپپا، تۇماق - تەلپەكلەرنى تىكىدىغان دوپپا - تۇماقچىلىق كەسپىنى، تۈرلۈك ھايۋانات تېرىلىرىدىن كۆن بۇلغارى، قارا ياكى قىزىل خۇرۇم، بىشۇ ئىشلەيدىغان چەمگەرلىك كەسپىنى، ئات - ئۇلاغلارنىڭ نوختا - يۈگەن، خامۇت، جۇمبۇ - جاۋەنلىرىنى ئىشلەيدىغان جۇمبۇلۇق كەسپىنى، ھەر خىل قىممەتلىك تاشلارنى كېسىپ - تاراشلاپ ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ھاككاكچىلىق كەسپىنى، سېغىزلايدىن ھەر خىل قاچا - قۇمۇچ، جانان چىنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كۇلالچىلىق كەسپىنى، ھەر خىل خۇش پۇراق دورا ماتېرىياللىرىنى ساتىدىغان ئەتتارچىلىق كەسپىنى، تومۇر تۇتۇپ دورا بۇيرۇپ، كىشىلەرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاغرىققا ئامال قىلىدىغان تىبابەتچىلىك كەسپىنى، ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيدىغان زەرگەرلىك كەسپىنى، پاختا، يۇڭلارنى ئېتىپ تازىلايدىغان ئاتقۇچىلىق كەسپىنى، يىپەكچىلىك خام ئەشياسى بولغان مەشۇت ئىشلەپچىقىرىدىغان پىلىچىلىك كەسپىنى ۋە بۇ مەشۇتلاردىن يىپەك قايىنتىپ سۇزىدىغان سۇزمىچىلىك كەسپىنى، رەخت -

① جايدام - يامغۇرلۇق كىگىز، ئادەتتە مەخسۇس نېپىز كىگىزدە ئىشلىنىدۇ.

wwwww.bilnur.com

خەرىتىلەرنى ھەر خىل رەڭدە بويايدىغان شۇستىگەرلىك كەسپىنى، شۇ چاغلاردا پۈتۈن مۇلكىي تۈركىستان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، ھەتتا پەغپۇرچىندا مەشھۇر بولغان خان ئەتلەس، ھىلھىلە قاتارلىق تۈرلۈك يىپەك رەختلەرنى توقۇيدىغان يىپەكچىلىك كەسپىنى، ھەرخىل دىھقانچىلىق كەسپىنى، دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئارمىيىگە كېرەكلىك تۈرلۈك ھەربىي قورال - ياراغ، تۆفەڭ - مىلتىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قوندىقچىلىق كەسپىنى، تۈرلۈك چىقىن توپلارنى، چاچما ئوق، پارتلايدىغان چىقىن ئوق، خودەن، سىپىل تېشەر ئوقلارنى ۋە بومبىلارنى، ئاھالىگە كېرەكلىك تۈرلۈك چويۈن قازانلارنى ۋە چويۈن داڭقانلارنى، قىرىش چىشلىرىنى، ھارۋا - پەيتۈنلارنىڭ قازان - زىخچىلىرىنى قۇيۇپ چىقىرىدىغان قۇيمىگەرلىك كەسپىنى، تۈنىكىدىن تۈرلۈك ئائىلە - تۆشۈك ئىشلىرىغا لازىملىق ئاشخانا جابدۇقلىرىنى ياسايدىغان تۈنىكىچىلىك كەسپىنى، مىس ياكى تۆچتىن تۈرلۈك سايمانلارنى ياسايدىغان مىسكەرلىك كەسپىنى، ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈم نەرسىلەرنى ياسايدىغان قەندالەتچىلىك كەسپىنى ۋە باشقا كەسپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

يەكەندە سودا - سېتىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ يەردە يەكەن شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا كەڭ يېزا - قىشلاقلاردا بىر ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىدىكى ھەر بىر كۈندە قەرەللىك بازار بولۇپ تۇراتتى. سەئىدىيە ئاھالىسى بۇ قەرەللىك بازارلاردا ئۆزئارا مال ئالماشتۇرۇپ، ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نەرسىگە ئېرىشەتتى. مەسىلەن، دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى ئاستانە — يەكەندە بازار بولاتتى. سەيشەنبە كۈنى بۇرۇۋۇستا[1]،

① يەكەندىكى جاي نامىرى.

wwww.bilnur.com

جۈمە كۈنى ئېلىشقۇدا①، شەنبە كۈنى ئىگەچىدە②، يەكشەنبە كۈنى بېشكەكتە③ بازار بولۇپ تۇراتتى. بۇ قەرەللىك بازارلاردا تۈرلۈك ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سودىسى بولغاندىن سىرت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ۋە سۇ مەھسۇلاتلىرى، باقمىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭمۇ سودىسى بولاتتى. تۈرلۈك دانلارنى سۇ ۋە ئۇلاغ تۈگمەنلىرىدە يانجىپ ئۇن تارتىپ ساتىدىغان رەۋەندىلەر، مايلىق دانلاردىن ياغ تارتىپ ساتىدىغان جۇۋازچىلار، پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ ساتىدىغان يىپچىلار، كەندىرلەردىن چىگە چىقىرىپ ساتىدىغان چىگىچىلەر ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى مۇشۇ بازارلارغا ئەكىلىپ ساتاتتى. شۇ چاغلاردا «ئاتاڭ بازار، ئاناڭ بازار» دەيدىغان گەپ كەڭ تارقالغانىدى. تۈرلۈك چارۋا - ماللارنى قاسساپلار بىلەن بورداقچىلار سېتىۋالاتتى. ئاشلىق ۋە مايلىق دان سودىسى بولىدىغان بازار جۇۋا - دەپ ئاتىلاتتى؛ چارۋا مال سودىسى بولىدىغان بازار مال بازىرى دەپ ئاتىلاتتى.

يەكەننىڭ ئاب - ھاۋاسى مۆتىدىل بولغاچقا، قەرەللىك بازارلارمۇ قىش - ياز ئۈزۈلمەي داۋام قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئەلدە سودا - سېتىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغانىدى. بۇ يەردە مەملىكەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان تۈرلۈك - تۈمەن مەھسۇلاتلار سودىسى بولغاندىن سىرت، ھىندىستان، كەشمىر، بەدەخشان، تۈركىستان، پەغپۇرچىن، ھەتتا شەمەي، ئەجەم ۋە رۇم ئەللىرىدىنمۇ سودىگەرلەر مال توشۇپ كېلىپ سودا - سېتىق قىلىشاتتى. . .

* * *

جۇڭغارلار يەكەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى ئۈچىنچى

① ②③ يەكەندىكى جاي ناملىرى.

wwww.bilnur.com

كۇنى، بۇ جۇمە كۇنى ئىدى. ئالتۇنلۇق مەدرىسىدە داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئىككى مىڭدەك ھەربىي ۋە پۇقرالاردىن باشقا، شەھەر ئىچىدە ئىسمايىل خان تەرەپدارلىرىنىڭ قارشىلىقى جۇڭغارلارنىڭ قىلىچى ئاستىدا پۈتۈنلەي سۇندۇرۇلغانىدى. قەتلىئاممۇ ئاخىرلاشقانىدى. چۈنكى، «ئوت كۆيدۈرىدىغان نەرسە قالمىغاندا ئۆزى ئۆچۈپ يوق بولىدۇ!»

ئاق تاغلىقلار جۇڭغار چېرىكلىرىنى باشلاپ ئۆيمۇ ئۆي ئاقتۇرۇپ، ئىسمايىل خان تەرەپدارلىرىنى ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ چوكانلىرىنى تۇتماقتا ئىدى. خان تەرەپدارلىرى ئۆۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك پىتىراپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ئۆچىسىدىكى مۈلكىي، ھەربىي تون ـ تەلپەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، پۇقراچە كىيىنىپ قاچماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇلاردا بۇرۇنقىدەك سۆلەت ـ سۈلكەت قالمىغانىدى!

سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى ئوت ئىچىدە قالغانىدى! مازارلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى يىقىتىلغان، مەسچىت، خانىقالار ۋەيران قىلىۋېتىلگەن، گۈمبەزلەر ئۆرۈپ، چېقىپ تاشلانغانىدى. كوچىلاردا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق ئىدى. قىسقىسى، بۇ يەردە بۇرۇنقىدەك ئاۋاتچىلىق مەنزىرە قىلچىمۇ قالمىغان. ھاياتلىق ئىزى ئۆچكەندەك ۋە تىرىكلەرنىڭ خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلگەندەك ئىدى. بۇلاقلار تىنغان، كۆللەرنىڭ سۈيى تارتىلىپ قۇرۇغانىدى. يېشىللىق سىنغانىدى.

ئالتۇنلۇق مەدرىسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى تولىمۇ قاتتىق بولغانلىقتىن، جۇڭغار چېرىكلىرى ھە دېسىلا ئۇنى تارتىۋالالمىدى.

— ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلايلى، بۇ مۇرتەدلەر ئۇۋىسىنى! — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى ئاپاق خوجا.

ئەسلىدە غالدانمۇ شۇنداق قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئەمما، ئاپاق خوجىنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلاپ، دەرھال قارارىنى

wwww.bilnur.com

ئۆزگەرتتى:

— ياق، ئۇنداق قىلسام، كېيىنكىلەرنىڭ «نوم - بېتىكنى كۆيدۇرگەن» دېگەن بەتنامىغا قالىمەن! سۇنى ئۈزۈپ تاشلاڭلار! شۇ چاغدا ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولمىغىنىنى بىر كۆرەيچۇ؟!...

ئەمما بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، مەدرىسە ئىچىدىكىلەر ھېچ تەسلىم بولىدىغاندەك قىلمايتتى. جۇڭغار چېرىكلىرى بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ سوپىلىرى يېزا - يېزىلاردىن ئاھالىنى تۇتۇپ كېلىشتى. تۇتقۇنلارنىڭ ئەتراپىدا قولىدىكى قامچا - سوتىلىرىدىن قان تامغان جۇڭغارلار بىلەن سوپىلار ئۇلارنى ئۆي - ئىمارەتلەرنى چېقىپ، مەسچىت - خانىقالارنى بۇزۇپ ئالغان ياغاچ - تاختايلارنى ئالتۇنلۇق مەدرىسىنىڭ تېشىغا دۆۋىلەشكە مەجبۇر قىلاتتى.

سىرتتا ئاپاق خوجىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم، دەرۋازىنى ئېچىپ تەسلىم بولۇڭلار، قالماق خوجام سىلەرگە ھەرگىز چېقىلمايمىز، دېدى. ئەگەر ئېيتقانلىرىم يالغان بولسا، يېگىنىم زوقۇم بولغاي!

— ...

مەدرىسە ئىچىدىكىلەر جىم ئىدى.

— دەرۋازىنى ئېچىپ، مەنسەپدارلارنى ئىچىدە قالدۇرۇپ قويۇڭلار — دە، ئۆزۈڭلار يېنىپ چىقىڭلار. قالماق خوجام سىلەرگە ئەركىنلىك بەردى ۋە نەگە كەتسەڭلار ئىختىيارىڭلار، دەپ لەۋز قىلدى!

— ھىدايىتۇللا! ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ ۋارقىرىدى مەدرىسە ئىچىدىكى بىرسى، — سەن ئۆزۈڭنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشىڭنىڭ قېنىنى ئىچكەن مەلئۇنسەن! سەندىن كەلمىگەن ۋاپا، سەن باشلاپ كەلگەن قالماقلاردىن كېلەمدۇ؟ سەن

wwww.bilnur.com

ۋەتەنسىز مۇناپىقنىڭ ئەھۋالىڭ بىزلەرگە بەش قولدەك ئايان! . . .

مەدرىسە ئىچىدىكىلەرنىڭ ئاچچىق تاپا - تەنىلىرىگە چىدىيالمىغان ئاپاق خوجا ئەمدى خوجىسى غالداندىنمۇ سوراپمۇ ئولتۇرماي، سوپىلىرىنىڭ قولىدىن ياندۇرۇقلۇق تۇرغان ئوتقاشنى ئالدى — دە، دۆۋىلەنگەن ياغاچ - تاختايلارغا ئۇزۇر قولى بىلەن ئوت ياقتى. . .

قاراس - قۇرۇس! قىلىپ كۆيگەن ئوت يالقۇنى بىر دەمدىلا پۈتۈن مەدرىسە بىناسىغا تۇتاشتى. ياغاچ - تاش قۇرۇلمىلىق بۇ كاتتا ئىمارەت بىر دەمدىلا ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالدى. مەدرىسىنىڭ ھەممە رۇجەك - پەغىبىرلىرىدىن قاپقارا ئىس تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ كۆتۈرۈلۈپ چىققىلى تۇردى. قىپقىزىل ئوت يالقۇنى 360 ئېغىز ئۆي - خانىسى بار بۇ ئالتۇنلۇق مەدرىسىنى ئىچىدىكى ئىككى مىڭدەك پاناھلانغۇچىلىرى بىلەن قوشۇپلا يۇتۇپ كەتتى! . . .

ئالتۇنلۇق مەدرىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىدا سېلىنغانلىقتىن يەنە رەشىدىيە مەدرىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ مەدرىسىدە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى مەۋلانە سەئىددىن قەشقەرى، خوجا زاھىد قەشقەرى، خوجا ئەھمەد قەشقەرى، زىيائىددىن قەشقەرى ۋە ئاتاقلىق تېببى ئالىم، جەرراھ مۇھەممەد ھەيدەر قەشقەرى ۋە ئاتاقلىق ھەكىملەردىن نۇرىددىن ئابدۇۋايىت زوھۇرى، شەمشىددىن ئەلى، مەۋلانە مۇھەممەد رازى قاتارلىق يېتۈك ئەللامەلەر مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە ئىلىم تەشنالىرىغا دەرس بەرگەنىدى. «تارىخى رەشىدى» نىڭ مۇئەللىپى مىرزا ھەيدەر كوراگانىمۇ مۇشۇ مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. بۇ مەدرىستە ئوقۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، كېيىنكى چاغلاردا شۆھرەت قازانغانلارنىڭ ئارىسىدا يەنە خۇلقى، شائىر ھەنەفىي ئاخۇن موللا شاھ خوجا، باباخوجا ئاخۇن خوتەنى، مۇھەممەد

wwww.bilnur.com

ئىمىن زىھنى، موللا ھەبىب، موللا ئاتىپ موللا قازى ئاخۇنى، موللا جۇنۇنى خوجا، موللا مىرزا شاھ خوجا، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، خاراباتى ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى.

سەئىدىيە تارىخىدا ئەنە شۇنداق يېتۈك ئالىملارنى تەربىيىلەپ چىققان بۇ كاتتا ئىلىم يۇرتى ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ساقمۇ ساق ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆيدى. پۈتۈن يەكەن ئاسمىنىنى كۆيدۈرۈلگەن كىتاب ـ نامەلىرىنىڭ كۈل ـ توزانلىرى قاپلاپ كەتتى.

بۇ كىتاب ـ نامەلەر ئىچىدە خەلق ئارىسىدا ۋە چەت ئەللەردە نۇسخىلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقتىن، ھازىرقى زامانغا يېتىپ كېلەلىگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ۋە باشقا ناھايىتى ئاز ساندىكى كىتاب ـ نامەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يەنە ئىسمى نامەلۇم تۆت كىتابى، جامال قارشىنىڭ «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ئوبۇل فۇتۇھى ئابدۇل جاپپار ئالمايى يازغان «قەشقەر تارىخى»، مەشھۇر ئۇيغۇر رەسسامى مۇھەممەد سىياھ قەلەمنىڭ تۆرلۈك سىزما ـ قۇسىملىرى قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنىڭ يېگانە قولىيازمىلىرى، يېگانە نۇسخىلىرى ۋە يەككە، توپلام قىلىنغان بىباھا ئەسەرلەر ئاپاق خوجا ئۆز قولى بىلەن قويغان ئوتنىڭ يالقۇنى ئىچىدە تۈتەپ كۈلگە ئايلاندى. ئالدىنقىلارنىڭ ئىزلىرى شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ ئۆچتى! ئوبۇل فۇتۇھى ئابدۇل جاپپار ئالمايى «قەشقەر تارىخى»نى مىلادى 1070 ـ يىلى (ئىت يىلى) يېزىپ پۈتتۈرگەنىدى. ئۇ قاراخانىيلار تارىخى يورۇتۇپ بېرىلگەن ئەڭ بۇرۇنقى تارىخ كىتابلىرىنىڭ بىرى ئىدى. جامال قارشى ئەرەب تىلىدا يازغان «سۇرراخ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن ئەسىرىدە ئاشۇ «قەشقەر تارىخى» دىن كۆپلەپ نەقىللەر ئالغانىدى. ئۇنىڭدا قارا خانىيلار تارىخىدىكى مۇھىم خاقان سۇلتان سوتۇق بۇغرا قاراخانىنىڭ

wwww.bilnur.com

ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى كىشىلەرگە ئايان بولمىغان مۇھىم تارىخى پاكىتلار يېزىلغانىدى!

كىتاب — نامەلەر ئالدىنقىلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مەنىۋى بايلىقىدۇر. ئۇ — يازغۇچىنىڭ ئىككىنچى ئۆمرى، ھاياتىنىڭ داۋامى. كىتاب ـ نامەلەر ئىنسانىيەتنىڭ زامان دېڭىزىدا دولقۇن يېرىپ ئۈزگەن تەپەككۇر كېمىسى، تارىختىن بۇيان، ئىنسانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆزلىرىنىڭ سان ـ ساناقسىز قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا مىراس سۈپىتىدە تاشلارغا، تاملارغا، ياغاچلارغا، مېتاللارغا، قەغەزلەرگە ۋە ئانا زېمىنىغا پۈتۈپ قويۇشقانىدى؛ كىتاب ـ نامەلەر ئىنسانلار بىلەن بىللە ئۆسۈپ، بىللە ياشاپ، ئىنسانلارنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى دوستىغا ئايلانغانىدى. ئىنساننىڭ قەلبىنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان قىممەتلىك تەپەككۇر جەۋھەرلىرىمۇ ئاشۇ كىتاب ـ نامەلەرگە پۈتۈلمىگەنمىدى؟

ئىست! ھەممىسى كۆيۈپ تۈگىدى!

ئالتۇنلۇق مەدرىسى ئىچىدە كىتاب ـ نامەلەر بىلەن بىللە كۆيۈپ ئۆلگەن 2000 ئادەمنىڭ روھىمۇ قىساسكار ئەرۋاھلارغا ئايلىنىپ كەتتى! . . .

*　　　　*　　　　*

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى. ھەيدەرباغ يېنىدىكى خان ئوردىسى ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا ئاپاق خوجىنىڭ تاج كىيىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ھەيدەرباغ سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىدا ئەھيا قىلىنغان چاھارباغ ئىدى. بۇ باغدا خورما، ئەنجۈر، ئالما، ئۈزۈم، ئانار، جىنەستە، گىلاس، ئالۇچا، بالوچا، ئەينۇلا، شاپتۇل، زەردولا، بىھى، ئامۇت، نەشپۈت، ياڭاق، چىلان،

wwww.bilnur.com

جىگدە، ئۈجمە، ئۆرۈك، قارىئۆرۈك، پىستە، بادام قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ خىل ـ خىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي يەتمىش ئىككى خىل مېۋىلىك دەرەخ ئولتۇرغۇزۇلغانىدى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ، كۆل بويىدىكى مەجنۇنتالنىڭ ئاستىغا مەرمەردىن شاھ سۇپا ياسالغانىدى. بۇ شاھ سۇپىنىڭ ئەتراپىدا قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، سەبدەگۈل، تاجىگۈل، ئەنبەرگۈل، رەيھانگۈل، ساباگۈل، مەخمەلگۈل، ھىندى گۈلى، خىتايگۈلى، پەرەڭ گۈلى، ھەمجۇگۈل، باھارگۈل، مارجانگۈل، يەسمەن گۈلى، سەۋزىگۈل، پىيازگۈل، كولدۇرمىگۈل، قامچا گۈل، نەركىس گۈل، ساپاقسىز گۈل، كۆكنار گۈل، لەيلىقازاق، چىنىگۈل، ھەشقىپىچەك، زەپەگۈل، زەيتۇنگۈل، ئالتۇنگۈل، قارا گۈل، كۈركۈم گۈل قاتارلىق جاھاندىكى گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھەممە تۈرىدىن دېگۈدەك كۆچۈرۈپ تۈتقۇزۇلغانىدى.

باغنىڭ يېنىدا يەتمىش باسقۇچ بىلەن ئۈستىگە چىققىلى بولىدىغان بىر ئېگىز مۇنار بار ئىدى. ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ تاج كىيىپ مۈلكىي قەشقەرىيىنىڭ خوجىسى بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ، شادىيانىگە ناغرا چالدۇرۇش ئۈچۈن مۇنار ئۈستىگە ئالتۇن ناغرا بىلەن كۈمۈش چوكا تەييار قىلغۇزغانىدى.

ئاپاق خوجا شاھ سۇپىغا غالدانغا ئاتاپ بىر ئالتۇن چىرگىن[①] ئۆزىگە كۈمۈش تەختتىن بىرنى قويغۇزدى، يەرگە رۇمنىڭ قىممەت باھالىق ماتالىرىدىن پاينداز سالدۇردى. ئىككى تەرەپتىكى ئىمسۇپىلارغا ھەر خىل ئەتىۋارلىق بىساتلاردىن تۆشەكلەر سالدۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مولۇن تېرىسى، كىمخاب، مەخمەل، تەتىللا قاتارلىق ئېسىل يوپۇقلارنى ياپقۇزدى.

ئاقسارايىنىڭ ئالدى چوڭ بىر مەيدان ئىدى. مەيدانىنىڭ

① چىرگىن — تەخت، كۈرس.

wwww.bilnur.com

يۇقىرى تەرىپىدە بىر تاش تۇگمەن بار ئىدى. مەيداننىڭ بىر چېتىدە بىر توپ تۇتقۇنلار تۇراتتى. ئۇلار ئىسمايىل خان زامانىدا ھوقۇق تۇتقان كونا مەنسەپدارلار، يۇرت مۆتىۋەرلىرى ۋە قارا تاغلىقلارنىڭ بىر قىسىم سەردارلىرى ئىدى.

بۈگۈن بۇ مەيدانغا يۇرت - يۇرتلاردىن ئاپاق خوجىنىڭ تاج كىيگەنلىكىنى كۆرۈش ئۈچۈن پۇقرالار مەجبۇرىي يوسۇندا ھەيدەپ كېلىنگەنىدى.

كۈن چاشگاھ بولغاندا، ئاقساراي ئىچىدىن جۇڭغار سەركەردە - سەردارلىرى ۋە خوجا - ئىشانلارنىڭ پۇش - پۇش سادالىرى ئىچىدە غالدان بىلەن ئاپاق خوجا گىدىيىشىپ چىقىپ كېلىشتى.

ئاپاق خوجا ئۈستىگە ئېسىل زەرباب تون، بېشىغا يىپەك سەللە - ئۈچلۈق كۇلاھ، پۇتىغا ئىسكالاچ ئىراقى كىيگەنىدى. غالدان ئۇدۇل بېرىپ ئالتۇن چىرگىندە ئولتۇردى ۋە سەيتىڭ بالجۇرغا پەرماننى ئوقۇ، دەپ ئىشارەت قىلدى:

— غالدان بوشوكتۇ خان ئالىيلىرى ئەپۇ ئومۇمىيە چۈشۈرۈپ، شۇنداق پەرمان بەردىلەركى، — دېدى سەيتىڭ بالجۇر، — خوتۇنلار[1] نىڭ ئىشىنى خوتۇنلار ئۆزى ھەل قىلسۇن! بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز سىلەر — خوتۇنلارغا ئۆزۈڭلاردىن چىققان ساغان زالىڭنى خان قىلىپ تىكلەپ بەردۇق. ئۇل خوتۇن — زالىڭ بىزنىڭ نايىبىمىزدۇر. ئۇنىڭ پەرمان يولىنى تۇتماقلىقىڭلار سىلەر خوتۇنلار ئۈچۈن شەرتتۇر![2] . . .

سەيتىڭ بالجۇر غالداننىڭ «ئەپۇ ئومۇمىيە» پەرماننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن غالداننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇردى.

غالدان يەنە ئىشارەت قىلىۋىدى، بىر تورغات پەتنۇسنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە غالداننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ

---

① خوتۇن — موڭغۇلچە «ئۇيغۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. كەمسىتىش مەنىسىگە ئىگە.
② گارستونسكى: «موڭغۇل ئويرات ياساقلىرى»، 66 - بەت.

wwww.bilnur.com

تۇردى. غالدان سەل ئېڭىشىپ پەتنۇستىكى توز پېيىنى ئېلىپ تىزلىنىپ تۇرغان ئاپاق خوجىنىڭ سەللىسىگە قاداپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا ئالتۇن سەۋلىجاننى تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئەڭ ئالىي ھوقۇق سىمۋولى ئىدى.

تاج كىيىش مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن ئاپاق خوجا ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى — دە، غالداننىڭ قولىنى بىر قېتىم سۆيگەندىن كېيىن يەنە ئۇنىڭغا ئۇدا ئۈچ داپقۇر ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن غالداننىڭ يېنىدىكى كۈمۈش تەختكە كېلىپ ئولتۇردى.

بۇ چاغدا شادىيانە نەغمىسىگە چېلىنىۋاتقان ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى پەسلىدى. غالدان مەيداننىڭ بىر چېتىدە تۇرغان تۇتقۇنلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسەن، دېگەندەك ئىملاپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ئاپاق خوجا دەرھال يېنىدىكى موللا باقى بىلەن موللا ساقىغا تۇتقۇنلارنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى.

سوپى جاللاتلار چەمبەرچاس باغلانغان ھېلىقى تۇتقۇنلارنى بىر توپ مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلارنى، يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى شاھ سۇپىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىپ قاتار تىزىپ تۇرغۇزدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا يەكەننىڭ ھاكىمى ئەمىر ھەيدەر دوغلاتمۇ بار ئىدى.

— ئى مۇرتەدلەر، ئاسىي ئىسمايىل خانغا ئەگىشىپ، كۆرگەن كۈنۈڭلار ئاخىر مۇشۇ بولدىمۇ؟ — دەپ تەئەددى قىلدى ئاپاق خوجا ئۇلارغا، ئاندىن غالدانغا قاراپ، — بېشەۋكەتى خان ئالىيلىرى، قايىلىسىلا، بۇلارنىڭ ھەممىسى قارا مۇرتەدلەردۇر. ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ نامىدەكلا قارادۇر.

ئاپاق خوجا غالداننىڭ ئادەم يۈرىكىنى پىشۇرغۇزۇپ، ھاراق بىلەن مەززە قىلىپ يەيدىغان ئادىتىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى:

— ئىشەنمەيدىلامۇ؟ ئۇنداق بولسا، مەن ئۇلارنىڭ يۈرۈكىنى

wwww.bilnur.com

سۇغۇرۇپ ئالغۇزۇپ سىلىگە كۆرستەي!

غالدان بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى - يۇ، ئۈندىمىدى. ئاپاق خوجا موللا باقى بىلەن موللا ساقىغا: «باشلاڭلار» دەپ ئىشارەت قىلدى.

جاللاتلار بۇ تۇتقۇنلارنى ھېلىقى تۆگىمەننىڭ بېشىغا ئېلىپ چىقىشتى. ئۇلار مىرزا ھەيدەر دوغلاتنى ھەممىدىن ئاۋۋال تۆگمەن تۇرىنىڭ ئاغزىغا ئۇدۇل قىلىپ ياتقۇزۇپ بېسىپ تۇرۇشتى. ئۇ تاكى جېنى چىققانغا قەدەر ئاغزى بېسىقماي ئاپاق خوجىنى تىللاپ تۇردى. موللا باقى يېنىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ، مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ كۆكرىكىگە بىر پىچاق ئۇرۇپلا، ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىزىنى ئاچتى — دە، قولىنى ئىچىگە تىقىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە جاللاتنىڭ قولىدىكى پەتنۇسقا تاشلىدى[1].

پەتنۇس ئۈستىدە ھورى چىقىپ تۇرغان قىزىل يۈرەك لىپ - لىپ قىلىپ بىر ئورنىدا زادىلا جىم تۇرمايۋاتاتتى. مىرزا ھەيدەر دوغلاتنىڭ تېنىدىن شارقىراپ تۆكۈلگەن قان تۆگمەننىڭ نورىدىكى شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ بىلەن قوشۇلۇپ تۆگمەننىڭ كويلىسىغا قاراپ ئاقتى.

موللا ساقىمۇ موللا باقىنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىر بەگنىڭ يۈرىكىنى ھېلىقىدەك ئۇسۇل بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى. . .

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئاشۇنداق بەسلىشىپ ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە ھېلىقى بىر توپ تۇتقۇننىڭ ھەممىسىنىڭ يۈرەكلىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىشتى. پەتنۇسلاردىكى ئادەم يۈرىكى بۇ چاغدا سەكسەن بىرگە يەتكەنىدى! تۆگمەن نورىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇ بىلەن ئادەم قېنى قوشۇلۇپ كەتتى. تۆگمەن تېشى

---

① موللا مىرسالىھ قەشقەرى يازغان «تارىخى كاشىغەر»دە: «. . . ئەمىرۇل ئۇمەراخان مىرزا ھەيدەر دوغلات مۇلجەردە شەربەتى شاھادەت نوش قىلىپ، باغرىمىزدەۋ كاسار پەرۋاز قىلدىلەر. . .» دېيىلگەن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى 171 -، 172 - بەت.

wwww.bilnur.com

تېخىمۇ ئىتتىك چۆگىلەشكە باشلىدى! مەيداندىكى خالايىق ئىچىدە بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ ئەسەبلىرى زادىلا چىدىيالمىغان بىر ـ مۇنچە ئادەم بىھوش بولۇشۇپ يىقىلىپ چۈشتى. . .

ئەڭ ئاخىردا مەيداندا بىرلا تۇتقۇن ئېشىپ قالدى. بۇ ئىسمايىل خاننىڭ ئەمىر كىبىرى — ئېۋەز بەگ ئىدى.

نۆۋەت ئېۋەز بەگكە كەلگەندە، غالدان قولىنى كۆتۈردى. بۇ «ئۇنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇڭلار!» دېگىنى ئىدى. موللا باقى بىلەن موللا ساقى ئېۋەز بەگنى غالداننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— ئېۋەز بەگ، مەن سېنى ئۆلتۈرمەسلىككە پەرمان بەردىم، — دېدى غالدان چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — بۇنىڭ بەدىلىگە سەن مېنىڭ سەلتەنىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭ كېرەك!

— ئۆلتۈرمىگىنىڭگە رەھمەت! — دېدى ئېۋەز بەگ غالداننى مەنسىتمەستىن، — ئەمما، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، سەن قالماق باسقۇنچىلىرىنى ۋەتىنىمدىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ئاداققىچە جەڭ قىلىمەن!

— يارايسەن، باتۇر ـ ئەزىمەت ئىكەنسەن! مەنمۇ ساڭا ئوخشاش ئۆز ھۆكۈمرانىغا سادىق، ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان ئوغلانلارنى ياخشى كۆرىمەن! سەن ماڭا باش ئېگىپ، مەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالىساڭلا، ساڭا بۇ ئەلدىكى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋە، ئالىي دەرىجىنى بېرىمەن!

— ئاۋۇنىڭغا ئوخشاشمۇ؟ — ئېۋەز بەگ كۈمۈش تەختتە شۈمشىيىپ ئولتۇرغان ئاپاق خوجىنى كۆرسەتتى، — ھەي قالماق خانى، شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇتقايسەنكى، بىز خەقنىڭ ئىچىدە ھىدايىتۇللادەك ئۆزىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى ساڭا ئوخشاش باسقۇنچىلارغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىدىغان، تاجاۋۇزچىلارنى «ياشىسۇن!» دەپ قەسىدە ئوقۇيدىغان، ۋەتەنسىزلىكنى شەرەپ دەپ بىلىدىغانلار چىققان ئىكەن، سەندەك

wwww.bilnur.com

باسقۇنچىلارغا خىزمەت قىلىشنى نومۇس دەپ بىلىدىغان ماڭا ئوخشاشلارمۇ چىقىدۇ. مەن مۇقەددەس زېمىنىمىزنىڭ سەندەك باسقۇنچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا پايىمال بولماسلىقى ئۈچۈن، ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ خورلۇق تارتماسلىقى ئۈچۈن سەنلەر بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىشقا بەل باغلاپ چىققانلارنىڭ بىرى، قانداق قىلىپ ساڭا خىزمەت قىلغۇدەكمەن؟!

— ھا، ھا، ھا!... — دەپ غالجىرلارچە كۈلدى غالدان، — ۋەتىنىم دەمسەن؟ سېنىڭ بۇ ۋەتىنىڭ ئەمدى مەڭگۇ تۈگىدى! قەۋمىم دەمسەن؟ سېنىڭ بۇ قوۋمىڭ ئەمدى مەڭگۇ روناق تاپالمايدۇ! بولمىسا، ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق ئىككى قاش بولۇۋېلىشىپ، بىر - بىرىڭلارنى قىرىپ قان بولۇشۇپ كېتىشمىگەن بولاتتىڭلار!

— ئەي قالماق، مۇبادا سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ، سەن قانداق قىلار ئىدىڭ؟ تاجاۋۇزچىلار سېنىڭ ئېلىڭگە باستۇرۇپ كىرگەن بولسا، سەن قانداق قىلار ئىدىڭ؟ سەن تېخى بىزنى «بىر - بىرىڭنى قىرىشىپ قان بولۇشۇپ كېتىشتىڭ» دەمسەنا؟ ئۆز جىگەر - پارىلىرىنى ئۆلتۈرۈشتە سەن ئىبلىسقا ئۇستاز بولالايسەن! توغرا، پىرقىۋازلىق قىلىشقىنىمىز ئۈچۈن ئاللا بىزنى مۇشۇنداق جازالىدى، بۇنى ئۆزىمىزنىڭ شورى دەيمىز. بىراق، سەن قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرەرسەن؟ ماۋۇ غالچاڭغا قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرسىتىپ كېتەرسەن؟!

— قۇرۇق گەپنى قوي! تەسلىم بولامسەن - يوق؟ — دېدى غالدان تېرىكىپ، ئېۋەز بەگ ئۇنىڭ يېغىرىنى ئېچىپ تاشلىغانىدى، — ماڭا خىزمەت قىلساڭ، ئولجىدىن سېنىمۇ تەڭ بەھرىمەن قىلىمەن!

— ئۇ ھىممىتىڭنى غالچىلىرىڭغا كۆرسىتەرسەن! — دېدى ئېۋەز بەگ سوغۇق كۈلۈپ، — سەن بىلەن ئولجا بۆلۈشكەنلەرنىڭ تەقدىرى خۇددى «شىر بىلەن ئولجا بۆلۈشكەن لالما ئىتلار» نىڭ

wwww.bilnur.com

تەقدىردىن قانچىلىك ئۈستۈن بولۇشىنى بىز ئوبدان بىلىمىز!

بۇ يەردە ئېۋەز بەگ ئۇيغۇرلارنىڭ «پاراسەتلىك لالما ئىت» دېگەن قەدىمكى مەشھۇر بىر مەسەلگە ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. غالدان بۇنى يېنىدىكى ئاپاق خوجىدىن سورىغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدى.

بۇ مەسەلدە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«بىر كۈنى توققۇز لالما ئىت ئوۋغا چىقىپ، يولدا شىرغا ئۇچراپ قاپتۇ. شىر ئۆزىنىڭمۇ ئوۋغا چىققانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا بىللە ئوۋ ئوۋلاش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. لالما ئىتلار ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇلار قاراڭغۇ چۈشكىچە ئون كېيىك ئوۋلاپتۇ. شىر:

— بىز بىر ئادەم تاپايلى، ئۇ بىزگە بۇ مەززىلىك تائامنى تەقسىم قىلىپ بەرسۇن، — دەپتۇ، بىر ئىت:

— ئۇنداق قىلىشنىڭ هاجىتى يوق. بىز سىلى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي ئون، ئولجىمىزمۇ ئون تۇرسا، بىرىمىز بىردىن ئالساق بولمىدىمۇ؟! — دەپتۇ.

شىر دەرهال ئېتىلىپ بېرىپ، كۈچلۈك پەنجىلىرى بىلەن هېلىقى تەنتەك لالما ئىتنى بىر قويۇپلا يەرگە چاپلاپ قويۇپتۇ. باشقا لالما ئىتلار بۇنى كۆرۈپ دىر - دىر تىترىشىپ كېتىشىپتۇ. بىر ئىت جۈرئەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ياق، ياق! بىزنىڭ بۇ قېرىندىشىمىز خاتا تەقسىم قىلىپ قويدى. بۇنى نەدىمۇ ئادىل تەقسىمات دېگىلى بولسۇن؟ شىر ئالىيلىرى، سىلى دۇنيانىڭ خوجىسى، توققۇز كېيىكنى سىلى ئالسىلا، ئۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئون بولىدۇ؛ بىزگە بىر كېيىكنى بەرسىلە، توققۇزىمىز بۇ بىر كېيىك بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي ئون بولىمىز. مۇشۇنداق قىلساق، سىلى تەرەپمۇ ئون، بىز تەرەپمۇ ئون بولىدۇ — دە، تەڭ - باراۋەر بولغان بولىمىز. مانا بۇ ئەڭ ئادىل تەقسىمات ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

شىر رازى بولغىنىدىن گىدىيىپ تۇرۇپ:

wwww.bilnur.com

— سەن خېلى ئەقىللىق ئىت ئىكەنسەن. ئاۋۇ ھاماقەت قېرىندىشىڭغا ئوخشىمايدىكەنسەن! سەن بۇنداق ئەپچىل تەقسىماتنى قانداق ئويلاپ تاپتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆزلىرى قېرىندىشىمغا ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى تۆمۈر پەنجىلىرى بىلەن ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇپ قويغاندا، مەن دەرھال ئەقىل - پاراسىتىمنى ئىشقا سالدىم. پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپتۇ ئىت جاۋابەن...»

— سەن مېنى شىرغا ئوخشاتقىنىڭغا تولىمۇ مەمنۇنمەن! — دەپ كىرىلىپ كەتتى غالدان، — بىراق، سەن ماڭا ئىشلەشنى خالىمايدىكەنسەن. ئۇنداق بولسا، سېنى ساغان زالىڭغا تاپشۇرۇپ بېرەي، سىلەر بىر قوۋمدىن بولغاندىكىن، بەلكىم ئۇنىڭغا ئەسقېتىپ قالارسەن!

غالدان سۆزىنى تۈگىتىپلا، شاھ سۇپىدىن چۈشتى — دە، ئۇدۇل ئاقسارايىنىڭ ئىچىگە — ئۆزىنىڭ خان چېدىرىغا قاراپ ماڭدى.

غالدان تاكى كۆزدىن يىتكۈچە ئاپاق خوجا ئۇنىڭ كەينىدىن تەزىم قىلىپ ئېگىلىپ تۇردى. ئاندىن ئۆزىنىڭ كۈمۈش تەختىگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئېۋەز بەگكە قاراپ بىر ھازاغىچە پاراڭ قىلماي جىم تۇرۇپ كەتتى.

— سەن ئون يىل ئىلگىرى بىزگە خىزمەت قىلغانىدىڭ، — دېدى ئاپاق خوجا سۈكۈتنى بۇزۇپ، — ۋە بەلكى ياخشى خىزمەت قىلغانىدىڭ. ئەلھال، پىرىڭغا قول كۆتۈرۈشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟!

— ھىدايىتۇللا، سەن جۆيلىمە! — دېدى ئېۋەز بەگ، — مەن ئون يىل ئىلگىرى ساڭا ئەمەس، بەلكى يولۋاسخانغا خىزمەت قىلغانمەن!

— يولۋاسخانغا خىزمەت قىلغىنىڭ بىزگە خىزمەت قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ ئەمدى بىۋاستە بىزگە خىزمەت قىلساڭ

wwww.bilnur.com

نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئاپاق خوجا تەئەججۈپلىنىپ.

— چۈنكى، سەن شەيتان لەئىنىدىنمۇ قەبىھ گۇناھكار يالغانچىسەن! ئېشەكتىنمۇ نادان ۋە بەتتەر ئەخلاقسىز پاسىقسەن! ئىلاندىنمۇ ئەشەددىي قارا كۆڭۈل ئىنسانسەن! چاياندىنمۇ ئېچى زەھەر مەخلۇقسەن!

— ھەي، قايسىڭ بار! — دەپ ۋارقىرىدى ئاپاق خوجا جاللاتلىرىغا، ئۇ ئېۋەز بەگنىڭ بۇ ھاقارەتلىرىگە زادىلا چىدىيالماي قالغانىدى.

موللا باقى بىلەن موللا ساقى دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇشتى.

— تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپاق خوجا ئۇلارغا قارىماي تۇرۇپ.

— تەييار بولدى جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ جاۋاب بېرىشتى موللا باقى بىلەن موللا ساقى قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ، — قۇرۇق ئۆرۈك ياغىچىنى تاپىمىز دەپ سەل ھايالشىپ قالدۇق، قايىلىسىلا.

— ماقۇل ئەمسە، ئېۋەز بەگ، پىرىغا قول كۆتۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قوي!

— خەپ، مۇناپىق ھىدايىتۇللا، سېنىڭ بىزنىڭكىمۇ قولىمىزغا چۈشۈپ قالىدىغان كۈنلىرىڭ بولۇر! — دەپ ۋارقىرىدى ئېۋەز بەگ يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ. ئەمما، جاللاتلار ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئامبۇردەك مەھكەم قىسىپ چىڭ تۇتۇۋالغانىدى، — سەن بۇ ئەلگە پىتنە ئۇرۇقىنى تېرىپ، تەپرىقىچىلىق كەكرىسىنى[1] ئۈندۈردۈڭ! پۈتۈن سۈرۈك سەئىدىيە خەلقىنى قۇمدەك چېچىپ تاشلىدىڭ! ھالا بۇگۈن قالماقلارنى باشلاپ

---

[1] بىر خىل قىرتاق، ئاچچىق تەمىلىك ئۆسۈملۈك، قۇرغاق يەردە ئۆسىدۇ.

wwww.bilnur.com

كېلىپ ئۆز ۋەتىنىڭنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشقا تاشلاپ بەردىڭ! مۇشۇ گۇناھىڭ ئۈچۈن نامىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە لەنەت، ئاھانەت ئىچىدە قالۇر! سەن ئىبلىسنىڭ ئۆلۈكىنى زېمىنمۇ ئۆز قوينىغا ئالماس! ئىلاھىم، بىزلەرنىڭ ئاھۇ ـ زارىمىز ھەلقۇمىڭغا زوقۇم تىغ بولۇپ قادالغاي! . . . .

— ئېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى ئاپاق خوجا تەتۈر قاراپ تۇرۇپ.

ھەفتەئى مۇھەممەداننىڭ بىر چېتىگە ئېگىز دار قادالغانىدى. داردا بىر ئارغامچا ساڭگىلاپ تۇراتتى. دارنىڭ تېگىدە ئۆرۈك ياغىچىدىن ئۈچى ئۇچلاپ ياسالغان ئېگىز بىر قوزۇق داردىيىپ تۇراتتى.

جاللاتلار ئېۋەز بەگنى دارنىڭ ئاستىغا سۆرەپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ:

— قويۇۋېتىش، ئۆزۈم ماڭىمەن! — دەپ قەھرلىك ۋارقىرىدى جاللاتلارنىڭ قولىنى جان ـ جەھلى بىلەن قاتتىق سىلكىپ تۇرۇپ.

جاللاتلار ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىشتى.

ئۇ دارنىڭ ئاستىغا كەلگەندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆك ئاسمانغا ئاخىرقى قېتىم قارىدى. بۇ چاغدا ئاسماندا بىر توپ كۆك كەپتەر پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. كۆك ئەركىسى بولغان بۇ كەپتەرلەرگە ئۇنىڭ ھەۋىسى كېلىپ قالدى. بىردىنلا بۇ كەپتەرلەر غۇژمەكلىشىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئېۋەز بەگ ھەيران بولدى، ئۇ ئەتراپقا قارىۋىدى، غۇژمەكلىشىپ ئۇچۇشۇۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ ئەتراپىدا بىر لاچىننىڭ ئەگىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. لاچىن ھېلىقى كەپتەرلەرنى پارچىلاشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقىۋېلىشقا ئۇرۇنغانسېرى، كەپتەرلەر تېخىمۇ زىچ

wwww.bilnur.com

غۇژمەكلىشىپ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ ئۇچۇپ، لاچىنغا زادىلا بوي بەرمەيۋاتاتتى. ھېلىقى لاچىن نائىلاج پەسلەپ باشقا تەرەپكە قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا، قاياقتىندۇر ئىككى كەپتەر پەيدا بولۇپ قالدى. باياتىن قانخور نەپسىنى قاندۇرالماي تاقىتى ـ تاق بولغان لاچىن توپىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ ئىككى كەپتەرگە ئۆزىنى ئاتتى. كەپتەرلەر ئىككى ياققا بۆلۈندى. لاچىنىنىڭمۇ كۆتكىنى دەل شۇ ئىدى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى كەپتەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن سوقۇپ تاشلاپ، بىرنى تۆمۈر تىرناقلىرى بىلەن قامالالىغىنىچە پەسكە شۇڭغۇپ ئۇچۇپ كۆزدىن يوقالدى. . .

كۆكتىكى بۇ پاجىئەنى كۆرگەن ئىۋەز بەگ خورسىنىپ بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى. . .

* * *

جاللاتلار ئىۋەز بەگنىڭ ئىككى قولىنى داردىن ساڭگىلاپ تۇرغان ئارغامچا بىلەن مەھكەم باغلىغاندىن كېيىن، ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى پەسكە قارىتىپ تارتىشتى. ئىۋەز بەگنىڭ قولىغا باغلانغان ئارغامچىنىڭ يەنە بىر ئۇچى تۈزلىنىپ چىڭ تارتىلدى — دە، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى دارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى.

ئۇنىڭ پۇتىغا يەنە ئىككى تال ئارغامچا باغلانغان بولۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. مولا باقى بىلەن موللا ساقى ئىۋەز بەگنىڭ ئىككى پۇتىدىن باغلانغان ھېلىقى ئىككى تال ئارغامچىنى بىردىن تۇتۇپ تۆۋەنگە قارىتىپ تارتىپ، داردا ئېسىقلىق تۇرغان ئىۋەز بەگنى ھېلىقى ئۇچلۇق ئېگىز قوزۇقنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ سۆڭنى قوزۇقنىڭ ئۇچىغا توغرىلانغاندىن كېيىن قوللىرىدىكى ئارغامچىنى تەڭلا پەسكە قارىتىپ تارتىۋىدى، ئىۋەز

wwww.bilnur.com

بەگ داردىن چۈشكەن پېتى ئۆرۈك ياغىچىدىن ئۇچلاپ ياسالغان ھېلىقى ئۇچلۇق ئېگىز قوزۇققا ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ سۆڭىدىن كىرگەن قوزۇق ئۇنىڭ غولىدىن تېشىپ چىققانىدى! قانغا بويالغان قوزۇقنىڭ ئۇچلۇق ئۇچىدىن قان تېمىپ تۇراتتى. قوزۇقنىڭ ئەتراپىغا قان چاچراپ بىردەمدىلا قىپقىزىل بوياپ تاشلاندى.

باياتىن ئاپاق خوجىنى ئاغزى بېسىقماي تىللاۋاتقان ئېۋەز بەگ جان ئاچچىقىدا ئېچىنىشلىق بىر ۋارقىرىدى — دە، ھوشىدىن كەتتى...

بىر كەملەردە، ئېۋەز بەگ ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئاپاق خوجىنى يەنە تىللاشقا باشلىدى:

— ھىدايىتۇللا... تۇخۇمى بۇزۇق، خۇمسى!... سولامچى... سەن ئۆز قوۋمىڭنى قالماقلارغا سېتىپ قانچىلىك ياخشى كۈنگە ئېرىشەرسەن؟! ئاخىرەتتە رەببىمگە قانداق جاۋاب بېرىدىغىنىڭنى كۆرىمىز!... ۋايجان!... جېنىم بەك قاقشاپ كەتتى!... مېنى بۇنداق قوزۇقتا قىينىغاندىن كۆرە، چېپىپلا تاشلىساڭلار بولمامدۇ؟... ھىدايىتۇللا — مۇناپىق!...

* * *

ئېۋەز بەگ قوزۇققا ئولتۇرۇلغۇزۇلغاندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە يا جېنى چىقماي، يامان قىينالدى. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە كىشىلەر ئۇنىڭ بېشىنىڭ بىر تەرەپكە قىيسىپ قالغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇ ئاخىر ئۆلگەنىدى! شۇ كۈنى كېچىسى ئىنساپلىق بەزى كىشىلەر ئۇنى قوزۇقتىن ئاجرىتىپ

wwww.bilnur.com

ئېلىشتى — دە، شەھىدانلىققا ئاپىرىپ يۆيۈپ يەرلىككە قويۇشتى. ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە تۆت بەش كىشىلا قاتناشتى. . .

*　　　*　　　*

(ئاپاق خوجىنىڭ سوپى ـ ئىشانلىرى يەكەننىڭ ھەرقايسى گۈزەر ـ چارسۇلىرىدا ئاپاق خوجىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن، بىر نەچچە كۈنگىچە كىتاب ـ رىسالىلەرنى دۆۋىلەپ كۆيدۈرۈشتى. بۇ پەرماندا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «. . . «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەفتىيەكتىن باشقا كىتاب ـ رىسالىلەرنىڭ ھەممىسى ھاراملىقنى تەرغىب قىلىدىغان نىجىس نەرسىلەردۇر. شۇڭا، بۇنداق ناپاك نەرسىلەردىن زېمىننى تازىلىماق، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئازغۇن، لەنەت قەلەملىك كۇپارلارنىڭ دامىدىن ساقلاپ قالماق — خۇدايى ۋاجىپ ئىشتۇر! . . .»[1]

سوپى ـ ئىشانلار ئاپاق خوجىنىڭ بۇ پەرمانىغا ئاساسەن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ساقلاپ كېلىۋاتقان كىتاب ـ رىسالىلەرنى ئاختۇرۇپ ھەممىسىنى تېپىپ چىقىشتى — دە، ھەرقايسى چارسۇلارغا ئېلىپ چىقىپ، دۆۋىلەپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى! . . .

نۇرغۇن مەرىپەتپەرۋەر ئەللامەلەر قوللىرىدا ساقلاپ كېلىشكەن كىتاب ـ نامەلەرنىڭ بۇ تەلۋە سوپى ـ ئىشانلارنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاملارنىڭ

① «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

قېتىغا ئېلىپ لاي بىلەن سۇۋاپ تاشلاشتى — دە، يۇرتنى تاشلاپ، تۈركىستان، بەدەخشان ۋە كەشمىر تەرەپكە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشتى...

مەرىپەت دەپسەندە قىلىندى! ئەلدە خۇراپاتلىق، نادانلىق ئەۋج ئېلىپ، ياۋۇزلۇق يامراپ كەتتى! كىشىلەر تەپەككۇر قىلالمايدىغان ئاڭقاۋلارغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار خۇددى قولغا ئۆگىتىش ئالدىدا تۇرغان قارچۇغىغا ئوخشاش يامان ھالغا چۈشۈپ قېلىشتى!

ئىنسانلار مەھرۇم قىلىنغاندىلا، ئاندىن مەھرۇم قىلىنغان نەرسىنىڭ قىممەتلىكلىكىنى ھېس قىلىشالايدۇ! بىراق، ھېس قىلىشقاندا بولسا، ئاللىقاچان كېچىكىشكەن بولىدۇ!

نەزمە

تۆمۈر كىشەننىڭ سۇرى بەك يامان،
لېكىن ئۇ قورقىدۇ بازغاندىن ھامان.
ئەگەر روھتا بولسا قۇللۇق كىشەنى،
بازغانمۇ كار قىلالماس ئاڭا ھېچقاچان.

— ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

wwww.bilnur.com

## بەشىنچى باب

# قىلتاق

«ئەگەر قورساق ئالدىراتمىغان بولسا،
ھېچبىر قۇش تۇزاققا چۈشمەس ئىدى، شۇنداقلا
ئوۋچىنىڭ ئۆزىمۇ تۇزاق قۇرماس ئىدى.»

— شەيخ سەئىدى

**مىلادى** 1680 - يىلى (مايمۇن يىلى) 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، دۈشەنبە، يېرىم كېچە.

كونا ئاي ئاسماندا خۇددى زېمىندىكى بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارغا ۋە غەم - قايغۇغا چۆككەنلەرگە ئىچىنى ئاغرىتىپ تۇرغاندەك تۆۋەنگە غەمكىن نەزەر سېلىپ تۇراتتى. بەلكىم مۇشۇنداق چاغلاردا ئايمۇ زېمىندىكى بەختى قارالارغا قاراۋېرىشكە كۆڭلى چىدىمىسا كېرەك: ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمىنى بۇلۇت پەردىسى توسۇۋالغانىدى. قاراڭغۇ ئۆيلەر ئاينىڭ ئاجىز نۇرى ئاستىدا غۇۋا كۆرۈنەتتى. بىر خىلدا ئېقىپ كېتىۋاتقان تىزناپ دەرياسى بەزىدە پارقىراپمۇ قوياتتى.

قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدىغان تىزناپ دەرياسى يەكەننىڭ خانئېرىق دېگەن يېرىگە كەلگەندە بىردىنلا تارلىشىپ

wwww.bilnur.com

كېتەتتى — دە، تېز ئېقىشقا باشلايتتى. ئەمما، بۇ ئەزىم دەريا ئۆزىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا جايلاشقان كۆجۈم مەھەللىلەردىكى ئۇيغۇر خەلقىگە ئوخشاش ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى قىلىپ، ياۋاشلىق بىلەن ئېقىپ، ئەزەلدىن تاشقىن ھاسىل قىلغان ئەمەس. دەريانىڭ ئىككى تەرىپى تۇتاش كەتكەن مەھەللىلەر ۋە بۈك ئۆسكەن سۆگەتلەر بىلەن تولغان قىرغاق بولۇپ، بۇ ئەزىم دەريا ئۆزىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى تۈگىمەس - پۈتمەس ئوغۇز سۇتىدەك ئەلۋەك سۈيى بىلەن بۇ ئەزىز دىيارنىڭ زېمىنىنى ئېرىنمەستىن سۇغىرىپ، كۆكەرتىپ كەلمەكتە ئىدى.

يىراق - يىراقلاردىن ئاندا - ساندا ئاڭلىنىۋاتقان ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خانئېرىق مەھەللىسى جىمجىت ئۇيقۇغا چۆشكەندى. بىر پارچە بولۇت كەينىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي ئاسايىشلىق ئىچىگە چۆمگەن بۇ ئەسكى تاملىق مەھەللىنىڭ گادايلىقىنى كۆرسىتىشنى خالىمىغاندەك كېچىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى.

شۇئەيب خوجا ئۆزىنىڭ خەلپە - سوپىلىرى بىلەن بىللە بۈگۈن پېشىن مەھەلدە خانئېرىق مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرىدىن بولغان ئىمىن جىن دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىغا چۈشكۈن قىلدى.

شۇئەيب خوجا مۇشۇ تاپتا يول ھارغىنلىقىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما كۈن قارايغاندىن بۇيان، نېمىشقىدۇر كۆڭلى دەككە - دۈككە ئىچىدە خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. «قانداق بولار؟ ئاپاق خوجا راستىنلا لەۋزىگە ئەمەل قىلارمۇ؟ مەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالدىممىكىن — يە؟!» دېگەندەك ۋەھىمىلىك خىيالنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېگىز - پەس بولۇپ زادىلا ئۇخلىيالمايۋاتاتتى.

wwww.bilnur.com

*   *   *

ئاپاق خوجا يەكەن سەلتەنتىدە قارار تاپقاندىن كېيىن قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرگە بولغان تەقىپنى زادىلا بوشاشتۇرماي كەلگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەن يەكەن، قاغىلىق، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، يوپۇرغا، پوسكام، يېڭىسار قاتارلىق يۇرت - ئايماقلاردا ئاق تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، ئاق تاغلىقلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى ھېسابلىنىدىغان «دەۋەتى ئىشقىيە» ئورۇنلىرىدىن 40 نەچچىنى، «خۇدايى غازات» تەشكىلاتىدىن 200 نەچچىنى قۇرۇپ، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقىنى «قارا مۇسۇلمان، ئىسھاقىيىچى مۇرتەد كۇپىرانىيلار» دەپ قارىلاپ، ھەر خىل يوللار بىلەن ۋەھشىيلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى. ئادەملەرنىڭ قول - پۇتلىرىنى كېسىپ كاردىن چىقاردى. ئەرلەرنى پىچىپ ئاختا قىلىپ، ناكار قىلدى. ئاھالىنىڭ ئۆي - جايلىرىنى، مال - بىساتلىرىنى بۇلاپ - تالاپ قۇرۇقداپ قويغاندىن كېيىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە تەختكە چىقىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئون مىڭلىغان بىگۇناھ ئادەملەرنى «ئىسھاقىيىچى مۇرتەدلەر»، «قارا مۇسۇلمانلار» دەپ ئەيىبلەپ ئۆلتۈردى. يېڭىسار، مەكىت، يوپۇرغا، پەيزاۋاتلاردىكى ئاقباش مازار، چىلگۇمبەز①، قارا چايان، خىزىرىم، ئاقيول، تۇمشۇق،② ئۈچ بۇرقۇم، مۇڭگۈز جاي③، شېھىتدۆڭ، سۇت

① ھازىرقى قىزىلسۇ ئاقتۇ ناھىيىسى تەۋەسىدە.
② ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسى تەۋەسىدە.
③ ھازىرقى يوپۇرغا ناھىيىسى تەۋەسىدە.

wwww.bilnur.com

بۇلاق، چىراغلىق ئەۋلىيا، ئەۋلىيا خېنىم[1] قاتارلىق قىرىق نەچچە يەردىكى مازار ـ خانىقالارنى «ئىسھاقىيچىلەرنىڭ ئوردىسى» دەپ چۇۋۇپ تاشلاپ، ئەمرات ـ ئىگىلىكلىرىنى بۇلاپ ـ تالاپ مۇسادىرە قىلدى. ئاتمىش نەچچە ئورۇندىكى مەسچىت ـ جامەلەرنى «قارا تاغلىقلارنىڭ ئۇۋىسى» دەپ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى ۋەمال قوتانلىرىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ جىنايەتلىرى ئۈستىدە كىشىلەر مۇنداق دەپ ئەيىەن خاتىرە قالدۇرۇشقانىدى: «پىريانە ياركىند، شەھىدانە خوتەن تۇپراقىدا كۆمۈلگەن ئۇلۇغ ۋەلىي ئەزىزانلار — ‹قىرىق ۋەلىيۇللا›، ‹دەھى شاھان›، ‹ھەشتان سەنەن›، ‹ئالتۇنلىرىم›، ‹بەردەخشان›، ‹يۇسۇپ قىدىرخان›، ‹كۆچىتى ئاق مۇسلىم›، ‹ئىماملىرىم›، ‹قاراچاچ ۋەلىيۇللا›، ‹قۇتبى ئابدۇللاخان›، ‹قاراسار›، ‹شاھاب›، ‹چىھلتەنلىرىم›، ‹زەردەشت ۋەلىيۇللا›، ‹چىراغلىق›، ‹ئىمام جەئفىرى تەيران›، ‹قۇمات›، ‹مۇھەممەد ھەسەن ئەسكەرى› قاتارلىق مازارى ـ ماشايىخلار ھەزرىتى ھىدايىتۇللا خان پادشاھ زامانىدا قاتتىق مەسۇخ ـ مەنئى ۋە ئۆرتەنمە ـ كۆكۈم بولغان ئېردلەر...»[2] دېمەك، ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، سەئىدىيە ئاھالىسىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان تۇرلۇك ئىسلام مۇئەسسەسەلىرىدىن مەسچىت، مەدرىسە، مازار، خانىقا، مەدەنىيەت ئاسارى ـ ئەتىقە قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى «قارا مۇسۇلمان»، «ئازما» لارنىڭ پائالىيەت ئورنى دەپ ئەيىبلەپ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى...

/ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيە ئاھالىسى ئارىسىدىكى مەنىۋى داھىيلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى —

---

① ھازىرقى مەكىت ناھىيىسى تەۋەسىدە.
② سۇلتان باي ھاجىم: «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ خەلىپىسى، دەپ دەۋا قىلىپ چىقتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىلاھىي خاقان ئىكەنلىكىنى نۇرغۇنلىغان تۇتۇرۇقسىز پەتىۋالارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق ئاساسلىماقچى بولدى. ئۇ: «ئەششەيخۇ بىقاۋ مىھى كەننەبىيوپى ئۇممەتەھۇ»① دېگەننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ئاپاق خوجا بىر قېتىم يەكەن چوڭ جامەسىدە جۈمە نامىزىغا ئىماملىق قىلىۋېتىپ مۇنداق دېگەنىدى: «. . . مەن ئادەمزاتنىڭ دەرىجىسىنىڭ سۈرىتىدە تۇرۇپ، ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇپ، دىلىمنىڭ ئەينىكىگە قارىسام، ھەممە جاھاننى ياراتقان ئىگەمنى ئۆزۈمنىڭ دىلىمنىڭ ئەينىكىدە كۆردۈم. مەسىلەن، ئاسماندىكى كۈن زېمىنغا يورۇقلۇق چۈشمەكلىك بىلەن زېمىندىكى كائىنات، تېرىلغۇلار، دەرەخلەر، جىمادەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆستۈرىدىكەن. ئەمما، پىرلارنىڭ جوزەبى تەجەللىياتى② ئەرۋاھى قۇددۇسىنى كۆرسىتىپ، ئىنسى ـ جىنلارنىڭ سىر ـ ئەسرايىنى بىلدۈرەلەيدۇ! . . . »③

« . . . پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋىلىرى بىر. پەيغەمبەر دېگەن ئاللانىڭ ھۆكۈمى بىلەن شەرىئەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەۋلىيا دېگەن ‹ئەھەد› دەيدۇ، ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە، ناھايىتى پەرقلىنىدىغان يېرى ‹ئەھەد› بىلەن ‹مۇھەممەد› ئارىسىدا. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى ‹ئەھەد› كە باشلاپ بارىدۇ. . . »④

مۇلكىي قەشقەرىيە ئاھالىسى ئىچىدە ئاپاق خوجىغا بولغان خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشنى ئەڭ چېكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئاپاق خوجىنىڭ خەلىپە ـ ئىشانلىرىمۇ ھەممىلا جايدا ئاپاق خوجىنى

① «پىر دېمەك — پەيغەمبەر دېمەكتۇر. مۇرىت دېمەك — پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاللادىن قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كېلىدۇ. . . »
② جوزەبى تەجەللىيات — غايىبنى بىلىش قۇدرىتى.
③ «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قوليازما.
④ «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قوليازما.

wwww.bilnur.com

ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشەتتى: «ھەممە پاساھەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۇستۇنى، — دېيىشەتتى ئۇلار، — دىن، مەزھەپ، مىللەت، ئۇسۇللارنى ئەھيا قىلغۇچى، ئالىي دۆلەت، تەرىقەتنىڭ بىناسىنى تۈزگۈچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، تەرىقەتنىڭ مەيدانىنى تۈزگۈچى پالۋان، ئالەمنى ھەقىقەتنىڭ سۇپىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، ساخاۋەتنىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغۇچى، ئەدلى - ئادالەتنىڭ خەزىنە ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغۇچى، مەرىكە مەيدانىدا نام چىقارغۇچى، ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ پېشۋاسى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ، ھەقىقەتنىڭ ۋە ئۇممەتلىرىنىڭ گۈلتاجى، جىمىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سەر ھالقىسى — جانابىي ھەزرىتى ھىدايىتۇللاغا خاستۇر. شۇنداق ئۇلۇغ كىشىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئۇلۇغ ئاللاغا ئەتە - ئاخشاملارنىڭ ھەممىسىدە شۈكرى قىلىمىز، ھەمدۇ - سانا ئېيتىمىز!...[1]»

«زالىم بىلەن مۇتتەھەمدىكى بىلىم — مەست كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان ئۆتكۈر قىلىچ!» ئاپاق خوجىنىڭ مۈلكى قەشقەرىيىدە ئاھالىگە مۇشۇنداق بىمەنە، ئازغۇن تەلىماتلارنى سىڭدۈرۈشى ئارقىسىدا، ئەسلىدە مۇھەممەد پەيغەمبەردىن باشقا ئىسلام پەيغەمبىرى يوق بولغان ئىسلام دىنى خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرىدىغان، خەلقنى قىرىدىغان ئۆتكۈر قورالغا ئايلىنىپ قالدى.

* * *

كىتابخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە ئاسان بولۇشى ئۈچۈن، تۆۋەندە قەشقەر خوجىلىرىنىڭ شەجەرىسىنى قىسقىچە بايان قىلىپ

① «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

ئۆتۈشنى لازىم تاپتىم:

قەشقەر خوجىلىرىنىڭ نەسەبىنى مىلادى 1471 ـ يىلى، ئافغانىستاندىكى ھىرات شەھىرىدە سەئىد مۇھەممەد ئىشان كالان جالالىددىن ئىشاننىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان خوجا ئەھمەد كاسانىدىن يەنى مەخدۇم ئەزەمدىن تارتىپ ھېسابلىساق، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بولغان قەشقەر خوجىلىرى ئىككىنچى ئەۋلاد خوجىلار بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇلار ئاق تاغلىقلار — ئىشقىيە مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالان ۋە باشقا خوجىلار بىلەن قارا تاغلىقلار — ئىسھاقىيە مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا ۋە باشقا خوجىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ مۇھەممەد ئىمىن ئىشان كالاننىڭ ئوغۇللىرى بولغان مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان (مازارى خوجا) ۋە باشقا خوجىلار بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ ئوغلى شادى خوجا ۋە ئەبەيدۇللا، ئابدۇللا خوجىلار ئۈچىنچى ئەۋلاد خوجىلار ھېسابلىنتاتتى؛ مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئوغۇللىرى بىلەن ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغۇللىرى تۆتىنچى ئەۋلاد خوجىلار بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇلار: مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ۋە باشقا خوجىلار بىلەن ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغۇللىرى بولغان شۇئەيب خوجا ۋە دانىيال خوجا قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد سەردارى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد سەردارى ئابدۇللا خوجىنىڭ تاغىسى بولاتتى. ئاپاق خوجا مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئابدۇللا خوجىنىڭ ئوغۇللىرى شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجىغا شىرەم تاغا بولاتتى. . .

wwww.bilnur.com

* * *

خۇددى شۇئەيب خوجا ۋايىم يېگىنىدەك، ئۇلارنىڭ بۈگۈن خانئېرىققا چۈشكۈن قىلغانلىقلىرىدىن ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان ئاپاق خوجىمۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى موللا باقى بىلەن موللا ساقىنى ۋە تۆت يۈزدەك جۇڭغار چېرىكلىرى بىلەن سوپىي چېرىكلەرنى كېچىلەپ خانئېرىققا ئەۋەتىپ، ئارقىسىدىن ئۆزى سوپىلىرىنى ئېلىپ تىزناپ دەرياسىنىڭ ئەگىمىسىدىكى توقايلىقتا ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرماقچى بولۇپ يولغا چىقتى.

موللا باقى بىلەن موللا ساقى ئاپاق خوجىنىڭ خاسلىرى ئىچىدىكى تولىمۇ زېرەك، كۆڭلى ئىنتايىن قارا، ئىچى زەھەر، قولى قاتتىق، چاققانلىق ۋە ھىيلىگەرلىكتە مۇختەر بەدىياللا[1] دىن قېلىشمايدىغان جاللاتلار ھېسابلىناتتى.

موللا باقى ۋە موللا ساقىلار ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە خانئېرىققا يېتىپ كەلدى — دە، دەرھال مەھەللىنى قورشىۋالدى. ئايغاقچى شۇئەيب خوجىلارنىڭ ئىمىن جىن دېگەنىنىڭ قورۇسىغا چۈشكۈن قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

موللا باقى بىلەن موللا ساقى چەبدەس ئۈچ - تۆت سوپىنى ئېلىپ بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتمەكتە ئىدى. نەدىندۇر بىر يەردە باش توخۇنىڭ چىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن يەنە ئىككى - ئۈچ يەردە ئۈنىگە قوشۇلۇپ چىللىغان توخۇ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئەتراپ يەنە تىمتاس بولۇپ قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن موللا باقىلار بىر ئادەمنى سۆرەپ كېلىشتى. ئۇ شۇئەيب خوجىلار قويغان قاراۋۇل ئىدى. بابا موللا

[1] مۇختەر بەدىياللا — «شاھنامە» دىكى ئاتاقلىق جاسۇسنىڭ نامى.

wwww.bilnur.com

باقى ئۇنى تۇتىدىغان چاغدا قاتتىقراق ئۇرۇۋەتكەنلىكتىن، ئۆلۈپ قالايلا دەپ قالغانىدى.

— سىلەر نېمە ئادەملەر؟ نەدىن كېلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىدى موللا باقى ھېلىقى نىمجان ئادەمدىن.

— بىز. . . مەخدۇمزادە شۇئەيب خوجىنىڭ ئادەملىرى. . . سانجۇ. . . دىن كېلىۋاتىمىز. . . — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كېتىۋاتاتتى.

— سىلەر نەچچە ئادەم؟ — دەپ سورىدى موللا باقى ئۇنى سىلكىشلەپ تۇرۇپ.

— . . . بىز. . . ئون. . . ئون يەتتە ئادەم! . . — ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭ بېشى شىلىققىدە بىر يېنىغا چۈشۈپ كەتتى — دە، بەدىنى لاكاسلاپ يەرگە يىقىلدى. ئۇ ئۆلگەنىدى.

موللا باقى بىلەن موللا ساقى بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن دەرھال ھەرىكەت باشلاش قارارىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھەر-بىرى ئىككى يۈزدىن جەڭگىۋار ۋە سوپى چېرىكلىرىدىن ئالدى — دە، ئىمىن جىن دېگەننىڭ قورۇسىنى ئالدى - كەينىدىن قورشىۋالدى.

قورۇ ئىچىدىكى شاپۇر - شۇپۇر قىلىشىۋاتقان ئاياغ تىۋىشلىرىدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەن نۆكەرلەر بۇ كۈتۈلمىگەن باسقۇندىن ئەس - ھوشلىرىنى يوقىتىپ مەڭدەپ قېلىشتى. شۇڭا ئۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى قوغداش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈشكەنلىرىنى كۆرگەندە، غىڭ قىلىشمىدى.

موللا باقى بىلەن موللا ساقى چېرىكلىرى بىلەن شۇئەيب خوجا ياتقان ئۆينى قورشىۋالغاندىن كېيىن چېرىكلىرىگە ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىشنى بۇيرۇدى.

چېرىكلەر ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. تالادىكى تاراق -

wwww.bilnur.com

تۇرۇقتىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ئالدىراش ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇشۇپ، يۇگۇرۇشۇپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن ئاچچىق ئاۋاز بىلەن:

— كىم بۇ؟ تەييارلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە قولىدىكى قىلىچىنى چاپماقچى بولۇپ ئېگىز كۆتۈردى.

موللا باقى قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى توسۇپ تۇرۇپ، جىددىي ۋە كەسكىن بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— قىلىچلىرىڭنى دەرھال قىنىغا سېلىشىپ، ئەل بولۇش! — دەپ ۋارقىرىدى.

— سىلەر كىم؟ نېمىشقا سىلەرگە ئەل بولغۇدەكمىز؟ — دەپ قايتۇرۇپ سوئال سورىدى ھېلىقى قىلىچ كۆتۈرگەن ئادەم.

— مەخدۇمزادە شۇئەيب خوجا دېگىنىڭ قايسىڭ؟ — دەپ سورىدى موللا باقى ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن.

— مانا مەن بولىمەن. ھە، نېمە ئىشىڭ بار ئىدى مېنىڭدە؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ئادەم قىلىچى بىلەن دىۋەيلەپ تۇرۇپ.

— بىزنى ھەزرىتى ئاپاق خان خوجام ئەۋەتكەن. بىزدە: «مەخدۇمزادىلەرنى تەخىرسىز يەتكۈزۈپ كېلىڭلار!» دېگەن پەرمان بار، — دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىدى موللا ساقى.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئاپاق خوجىنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن شۇئەيب خوجا خاتىرجەم بولدى — دە، قولىدىكى قىلىچىنى چۈشۈردى.

شۇئەيب خوجىنىڭ قولىدىكى قىلىچىنى پەسكە چۈشۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ موللا باقى:

— تۇت، باغلا بۇنى! — دەپ بۇيرۇق بەردى چېرىكلەرگە.

سوپى چېرىكلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپلا شۇئەيب خوجىنى باغلىۋالدى. ئۇنىڭ خەلپە - سوپىلىرىمۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە چەمبەرچاس باغلاپ تاشلاندى.

wwww.bilnur.com

موللا باقى:

— دانىيال خوجا قېنى؟ — دەپ سورىدى شۇئەيب خوجىدىن.

— بىزنى نېمىشقا باغلايسىلەر؟ ھىدايىتۇللا بىز بىلەن ئەھد - پەيمان قىلىشىپ، ۋەدە بەرگەنىدىغۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى شۇئەيب خوجا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەستىن.

— دانىيال خوجا قېنى دەۋاتىمەنوي! سوئالىمغا جاۋاب بەر. بولمىسا بېشىڭنى مۇشۇ يەردىلا ئالىمەن! — دەپ پوپوزا قىلدى موللا باقى دىۋەيلەپ كېلىپ.

— كەلمىدى!

— ئەتتەڭەي، دانىيال خوجا كەلمەي قويۇپتۇ — دە، بولمىسا ئىككىڭلارنى بىراقلا يىغىشتۇرۇۋېتەتتۇق! — دەپ قولىنى كېكىردىكىگە سۇرۇپ ئىشارە قىلدى موللا ساقى.

— ئۇلۇغلار: «كۆڭلى قارا كىشىدىن ھەرگىز ۋاپا كەلمەيدۇ» دەپ بىكارغا ئېيتىشماپتىكەن، — دېدى شۇئەيب خوجا تېپىرلاپ تۇرۇپ، — ئەسلىدىمىغۇ يامان بولغان نەرسە ھېچ ۋەج بىلەن ئۆزگىرىپ ياخشى سۈپەتلىك بولۇپ قالمايدۇ. ھەر قانداق كۆزدىن ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە تەپچىپ چىقىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مەن نادان بۇنى نېمىشقا ئويلاپ يەتمىدىم؟...

موللا باقى ۋە موللا ساقىلار شۇئەيب خوجا بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ئىمىن جىنىنىڭ قورۇسىدىن ئېلىپ چىققاندا، تاڭ ئېتىپ كەتكەنىدى. تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ ماڭغانلار مەھەللىدىن چىقىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن مەھەللە تۇرۇلۇپ - تۇرۇلۇپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان قاپقارا ئىس ئارىلاش ئوت يالقۇنى ئىچىدە قالدى. پۇقرالارنىڭ ئۆي - جايلىرى پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئىچىدە ئۆرتەنمەكتە ئىدى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، قېرى مومايلارنىڭ، ئۇششاق بالىلارنىڭ يىغا - زارلىرى پۈتۈن مەھەللىنى قاپلىغانىدى.

wwww.bilnur.com

موللا ساقى ۋە موللا باقىلار شۇئەيب خوجىنى تىزناپ دەرياسىنىڭ ئەگىمىسىدىكى توقايلىققا ئېلىپ كېلىشتى. ئاپاق خوجا بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ خەلىپە ـ ئىشانلىرى بىلەن ئۇلارنى مۇشۇ توقايلىقتا كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى.

— ھەي مۇرتەد، — دېدى ئاپاق خوجا شۇئەيب خوجىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئاخىر قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ؟ ئەمدى ئۆمرۈڭنىڭ ساناقلىق دەقىقىلىرى قالغانلىقىنى بىلگەنسەن؟ مۇبادا مۇرتەد دانىيالنىمۇ بۇ يەرگە چىللاپ ئەپكىلىپ بىردىلىسەڭ، جېنىڭ ئامان قالۇر!

— ھەي ئىبلىس ھىدايىتۇللا، سېنىڭ ئىچكى دۇنيارىڭنىڭ ناپاكلىقى خۇددى ناكەس بوۋاڭ مۇھەممەد ئىمىن ئىشاندەكلا ئەپتىڭدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان، كۆڭلۈڭنىڭ ئەگرىلىكى خۇددى قولۇڭدىكى ھاساڭدەك ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدىغان ئادەمسەن. شۇڭا، سەن قالماقلارنىڭ ياراملىق قولچوماقلىقىغا ئايلانغانسەن. مەن سەن قۇرغان قىلتاققا بىلىپ تۇرۇپ دەسسىگەن تۇرۇغلۇق، يەنە قانداقچىسىگە ئۆزۈمنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىمنى سەن مەلئۇنغا تۇتۇپ بەرگۈدەكمەن؟!

— تارت تىلىڭنى مۇرتەد! سەن. . ، سەن مېنى — قۇتبىل ئەقتاب، سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، مۇلكىي ئۇيغۇرىستان ئېلىنىڭ پادىشاھى بولغان مەندەك بىر ئۇلۇغ زاتنى «ناپاك»، «كۆڭلى ئەگرى» دەيدىغانغا قانداق دەلىل ـ ئىسپاتىڭ بار؟ — دېدى ئاپاق خوجا تېرىككىنىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— پاراسەتلىك پىريارانلار ۋە دانىشمەن پازىللارنىڭ ئېيتىشىچە، — دېدى شۇئەيب خوجا، — ئەگەر كىمنىڭ قېشى ئۆسكىلەڭ بولۇپ، ئارىسى كەڭ ۋە يىراق بولسا، ئۇڭ كۆزى چەپ كۆزىدىن كىچىكرەك ۋە نەزەرى تېز بولۇپ، كۆز ئۇچىدا شەرەت قىلغاق بولسا، بېلى يۇمشاق بولۇپ، تولا ۋاقىت يەرگە قارىغاق بولسا، شۇنىڭ ئىپلاس زاتىدا مەككارلىق، ئالدامچىلىق

wwww.bilnur.com

ۋە پىتنە ـ پاساتلارنىڭ ھەممىسى جەملەنگەن بولىدۇ. شۇڭا، ھەممە بالايىبەتتەر ۋە پىتنە ـ پاساتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇ بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى سەن قارغىش تەككۈر، ناشۈكۈر ھىدايىتۇللادا مۇجەسسەملەنگەندۇر!

— تولا مەمەدانلىق قىلما، دانىيالغا مەكتۇپ پۈتەمسەن ـ يوق؟

— ھەي نائىنساپ ھىدايىتۇللا، سەن مېنى «تۈلكىنى تۇتۇپ بىرىمەن دەپ، ئۆزى تۇتۇلۇپ قالغان توشقان»غا ئوخشاش كۈنگە قالسۇن دېمەكچىمۇ؟

ئاپاق خوجا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىغا قىزىقتى — دە، كۈنگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— سېنىڭ ئىشىڭنى ئالدىرىماي پۈتتۈرسەكمۇ بولىدۇ. قېنى ئېيتە، نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

— دالىدا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئاچ بۆرە، — دەپ سۆزىنى باشلىدى شۇئەيب خوجا، مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتقانىدى، — بىر تۈپ چىغ تۈۋىدە ئوخلاپ ياتقان توشقاننى كۆرۈپ قاپتۇ — دە، ئۇنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ. بۆرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالغان توشقان قاچماق بولۇپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرغان ئىكەن، بۆرە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋاپتۇ. توشقان ئۇنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ تىترەپ، ئاغزى گەپكە كەلمەي قاپتۇ ۋە زارلىنىپ يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ:

— ئەي بۆرە، مەن بىلىمەن، سېنىڭ قورسىقىڭ ئېچىپ، كۆزلىرىڭدىن ئىشتىھا ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرۇپتۇ. مەن جىق بولسام ساڭا بىر لوقمىدىن ئارتۇقراق غىزاغا يارىمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، ساڭا مېنىڭدىنمۇ سېمىز ھەم يوغان لوقما كۆرسىتىپ بېرەي، شۇنى يەپ ھاجىتىڭ راۋا بولسا ئەجەب

wwww.bilnur.com

ئەمەس.

— قېنى ئۇ لوقما؟ — دەپتۇ بۆرە يىگىلى ئالدىراپ.

— مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا سىمىزلىكىدىن ماڭالمايدىغان، يوغانلىقىدىن ھەرىكەت قىلالمايدىغان بىر تۈلكە بار. ئۇنىڭ گۆشى تاتلىق ۋە لەززەتلىكتە ئابىھاياتقا، قېنىنىڭ شېرىنلىكى ناۋات-شەربەتكە ئوخشايدۇ. مۇبادا، سەن ئۇنى يېمەكچى بولساڭ، مەن بىر ھىيلە بىلەن ئۇنى ساڭا تۇتۇپ بېرىشىم مۇمكىن، ناشتىلىق قىلارسەن. ئەگەر ئۇنى يەپ خۇرسەن بولساڭ، مەن ئۆمۈرۋايەت قۇلۇڭ بولۇشقا رازىمەن.

بۆرە توشقاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئەقلى ھوشى كېتىپ، ئۇنىڭ ئەپسۇنىغا ئالدىنىپ، تۈلكىنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. بۇ دالىدا ھەقىقەتەن ئالدامچىلىقتا شەيتان لەئىنگە دەرس بېرەلەيدىغان، ھىيلىگەرلىكتە ئىبلىس فوجۇرىغا ساۋاق بېرەلەيدىغان بىر تۈلكە بار ئىكەن.

توشقاننىڭ بۇ تۈلكە بىلەن كونا ئاداۋىتى بار ئىكەن. شۇڭا، بۇ كۈنى ئۇ ئۆچ ئېلىشقا پۇرسەت تاپقان بولغاچقا، ئىنتىقام ئېلىشنىڭ پېيىگە چۈشۈپ بۆرىنى تۈلكىنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپتۇ ھەم ئۇنى تۆشۈك ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىسىگە كىرىپ سالام قىلىپتۇ.

— ئى تۈلكە بۇرادەر، — دەپتۇ توشقان، — كۆپتىن بېرى ساڭا مۇلاقەت بولۇش شەرىپىنى تېپىش ئارزۇسىدا بولۇپ يۈرگەنىدىم. ھالا بۈگۈن جامالىڭ نۇرىدىن كۆزۈمگە روشەنلىك بېرىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم. ئەمما، كارامەتلەر ئېلىدە بېشى ئۈستۈن پادىشاھ ۋە ئۇلۇغلۇق مەملىكەتتە مۇرىت تەربىيىلىگۈچى بولغان بىر ئەزىز مېھمان سېنىڭ مېھماندوست ۋە ئىلتىپاتقا باي ئىكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ، كۆزىنى جاھان ئارا جامالىڭ بىلەن خۇشبۇي قىلىش ئۈچۈن، تەۋەرۈك مازارىدىن ئىشىكىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ ۋە مەن پېقىر-مىسكىن،

wwww.bilnur.com

بەندىنى ساڭا ۋاستە قىلدى. ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقەت قىلاي دىسەڭ كىرسۇن، بولمىسا قايتىپ كىتىپ يەنە بىر قىتىمدا كەلسۇن.

تۇلكە توشقاننىڭ سۆز بىتىدىن ھىيلە خىتىنى ئۇقۇپتۇ ۋە توشقاننىڭ سۇخەنلەر ئەينىكىدە مىكىر سۇرىتىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «چالما ئاتقانغا تاش ئاتماق كىرەك، دىگەن سۆز بىلەن ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاي» دەپ ئويلاپتۇ — دە، چىرايىغا كۇلكە يۇگىرىتىپ، خۇشامەت قىلغان بولۇپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، مەن ئۆزۈمنى ئەزىزلەر خىزمىتىگە ئاتاپ قويغان. غىرىب كۇلبەمنىڭ ئىشىكىنى ئەزىزلەرنىڭ يۇزىگە ئىچىپ قويغان. مەنمۇ ئۇنىڭ نام - شەرىپىنى ئۇزاقتىن بىرى ئاڭلاپ، قاچانكى مۇلاقەتتە بولۇپ، ئۇنىڭ كامالەتلىرى ۋە كەيپىياتلىرى جامالىدىن بەھرە ئالارمەنكى، دىگەن ئۇمىدتە ئىدىم. خۇسۇسەن، سەن تەرىپلەپ نىشان بەرگەن بۇنداق كامالەت ئىگىسى بولغان ئەزىز مىھماننى كۇتۇۋىلىشقا قىلچىمۇ نۇقسان قىلمايمەن، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتا قانداقىسىگە غەپلەتتە قالغايمەن؟ مەن: «ھەرقاچان ئۆيگە مىھمان كەلسە ئۆز رىزىقى بىلەن كىلىدۇ» دىگەن سۆزنى بىلمەمەن ئەمەسمۇ؟ سەن بىردەم تەخىر قىلىپ تۇرغىن. كۇلبەمنى تازىلاي، خەس - خەشەكلەرنى بىر تەرەپكە سىيرىپ سۇپۇرەي. مىھمانغا لايىق كەلگۇدەك بىساتلارنى سالاي.

توشقان ئۆزىنىڭ ئەپسۇنىنىڭ تۇلكىگە تەسىر قىلغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنى بۆرىگە ئۇچراشتۇرۇش تەقەززاسىدا:

— بۇ مىھمان تەكەللۇپسىز دەرۋىش كىشى. ئۆينى ياساپ - جابدۇش ۋە بىسات سىلىش ئىشلىرى بىلەن ئانچە خۇشى يوق. كۆڭلۈك تارتقان بولسا، تەكلىپ قىلساڭلا كۇپايە. باشقا ئىشنىڭ ھاجىتى يوق! — دەپتۇ — دە، تاشقىرىغا چىقىپ، بولغان گەپ-

wwww.bilnur.com

سۆزلەرنى ۋە تۇلكىنىڭ ئالدانغانلىق خۇش خەۋىرىنى بۆرىگە يەتكۈزۈپتۇ ھەمدە يىگىۋاشتىن تۇلكىنىڭ گۆشىنىڭ يۇمشاق - سىمىز، تاتلىق ۋە پاكىز ئىكەنلىكىنى، ھەربىر ئەزاسىدا قۇۋۋەت بارلىقىنى تەرىپ قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۆرىنىڭ ئىشتىھاسى قوزغىلىپ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئاققىلى تۇرۇپتۇ.

توشقان بولسا: «مۇشۇ خىزمىتىم بىلەن بۆرىدىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ خۇشال بولۇپتۇ.

تۇلكە ھارامزادە بولسا ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، دەپ ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۆۋىسىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇر ئورا كولاپ قويغان ئىكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈستىنى خەس - خەشەكلەر بىلەن يېپىپ قويغان ئىكەن ھەمدە زۆرۈر بولغاندا قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئېھتىيات تۆشۈكىنىمۇ كولاپ قويغان ئىكەن. ئۇ توشقاننى ئۈزىتىپ قويۇپلا ھېلىقى ئورىنىڭ ئۈستىگە يېپىقلىق خەس - خەشەكلەرنى سەل تۈزەشتۈرۈپ نېپىزلىتىپ قويۇپلا توۋلاپتۇ:

— ھەي ئەزىز مېھمان، قېنى ئۆيۈمگە تەشرىپ قىلىڭ!

ئەمما، بۆرە بىلەن توشقان ئۆۋىگە كىرىشى بىلەن تەڭ، تۇلكە ھېلىقى تۆشۈكتىن چىقىپ قېچىپتۇ.

بۆرە ھېرىس بىلەن، توشقان زوق بىلەن ئالدىغا قاراپ قەدەم ئېلىپتىكەن، قاراڭغۇ ئۆۋىدا ئىككىلىسى ئورىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بۆرە ئاچچىقىدا ھېلىقى توشقاننى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ! . . .

شۇئەيب خوجا ھېكايىسىنى تۈگەتكەندە، يىغلاپ ئېقىپ كەتكەندى!

— مەخدۇمزادە، ئۇنچىلىك كايىپ كەتمە، — دەپ زاڭلىق قىلدى ئاپاق خوجا شۇئەيب خوجىنى، — «ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت» دېگەن گەپ بار. سېنىڭ ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسا، يادىڭغا سېلىپ قوياي، بۇزرۇكۋارئابائىمىز ھەزرىتى ئەزىزانە مۇھەممەت يۇسۇپ مازارى

wwww.bilnur.com

خوجىنىمۇ سىنىڭ قارغىش تەگكۈر بابالڭ ـ مۇرتەد، قارا مۇسۇلمان ئازما ئابدۇللا بۇنىڭدىن 34 يىل ئىلگىرى خوپ مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرمىگەنمىدى؟ ئىسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ ـ دە ھى، ھى...!

ئاپاق خوجا تىلغا ئالغان بۇ ۋەقە مىلادى 1646 ـ يىلى (توڭگۇز يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چارشەنبە يۈز بەرگەنىدى. شۇ يىلى قىشتا شادى خوجا يەكەندە تويۇقسىز ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سەردارى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان شادى خوجىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن قەشقەردىن يەكەنگە كېلىپ سۈلۈك تەرغىباتىنى تەۋرەتمەكچى بولغانىدى. بۇ چاغدا يەكەندە سەئىدىيە سۇلتانى ئابدۇللا خان تەختتە بولغاچقا، مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان تەزىيە ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، سۈلۈك تەرغىباتىنى تەۋرىتەلمەي نائىلاج قەشقەرگە قايتماقچى بولۇپ، يېڭىسارنىڭ توپلىق دېگەن يېرىدىكى قوش گۈمبەز مازارىغا كەلگەندە، شۇئەيب خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد ئابدۇللا خوجا تەرىپىدىن زوقۇم جان قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بۇ مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان، يەنى مۇھەممەد يۇسۇپ مازارى خوجا دېگەن كىشى دەل ـ ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى ئىدى!

* * *

— دىنىي ئىسلام شەرىئىتىدە ئاتىنىڭ خۇن قەرزىنى ئوغۇل تۆلەيدىغان ئىش بارمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى شۇئەيب خوجا جاللاتلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ. ئۇ بوغۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، — ھەي ھىدايىتۇللا دېگەن ئىبلىس! سەن ئۆز خېتىڭدە: «ئاتىلىرىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ـ ئىختىلاپلارغا بىز پەرزەنتلەر مەسئۇل ئەمەس، شۇڭا،

wwww.bilnur.com

ئارىلىرىمىزدىكى غوم - ئاداۋەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەيمىز!» دەپ يازماپمىدىڭ؟!

— شۇنداق دەپ يازمىسام، سەن بۇ يەرگە كەلگەن بولاتتىڭمۇ؟

— ھەي ئىبلىس، راست ئېيتتىڭ! مەندە تەمە ئارزۇسى بولمىغان بولسا ئىدى، — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىغا چوڭقۇر ئۆكۈنۈپ تۇرۇپ، — سەندەك لەنتى ئىبلىسنىڭ ھىيلە-مىكىرلىك شېرىن سۆخەن سۆزلىرىڭگە دام بولۇپ، ئاتلىق جېنىمنى سېنىڭ قولۇڭغا تاپشۇرۇپ بەرمىگەن بولاتتىم!

— ھىيلە-مىكىرنىڭ كۈچ-قۇۋۋەتتىن كۈچلۈكرەك بولىدىغانلىقىنى ئەمدى بىلگەنسەن؟ — دېدى ئاپاق خوجا كۆرەڭلەپ تۇرۇپ، — ئەقىللىق ھۆكۈمران دۈشمىنىنىڭ سۇيىقەستىدىن ھەر ۋاقىت ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇشى، ۋاقىپ بولغان ھامان ھەرىكەت قىلىشى كېرەك. مۇبادا غاپىل بولۇپ ھەرىكەت قىلمىسا، ئۆز خۇنىغا شېرىك بولغان بولىدۇ، ئەگەر سۇيىقەستتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسا، دۈشمىنى ئۈستىدىن زەپەر قازىنىدۇ؛ لاياقەتلىك ھۆكۈمران شىردەك ياۋۇز، تۈلكىدەك ھىيلىگەر بولۇشى، ئۆز مەقسىتىگە يېتىشى ئۈچۈن، باشقىلارنى ئاياپ ئولتۇرماستىن قۇربان قىلىشنى بىلىشى كېرەك. شۇنداق مەردانە ھەرىكەت قىلالىغان ھۆكۈمراننىڭ شۆھرىتى ئالەمگە تارقىلىدۇ ۋە بىقارارلىقىنىڭ پۇشايمىنىغا قالمايدۇ! ئەمدى ساڭا كەلسەك، — دېدى ئاپاق خوجا شۇئەيب خوجىغا مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ:

— بەتقىلىق پەسلەر ئۆزلىرى تەمە قىلىدىغان مەرتىۋىسىنى تاپقىچە بولغان ئارىلىقتا، دوست ۋە بىر نىيەتتە بولىدۇ. ئەمما، قانات - قۇيرۇقى يېتىلىپ، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندىن كېيىن دوستلۇقنى تاشلاپ، تەمەننا چوكىسى بىلەن خىيانەت ئاغرىسىنى چېلىشقا باشلايدۇ! سەن دەل ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ خىلى!

wwww.bilnur.com

شۇڭا، بۇزرۇكلار: «ئىسى پەس ئەخمەق كىشلەر تەمە ياكى قورقۇنچ بىلەن خىزمەت قىلىدۇ. ئەگەر ئۇمىدى ھاسىل بولۇپ، موھتاجلىقتىن قۇتۇلسا، كۇپرانى نىمەتلىك ۋە پىتنىخورلۇق ئوتىنى ياندۇرىدۇ؛ مۇبادا، قورقۇنچتىن قۇتۇلسا، تەرەپدارلىق چەشمىسىنىڭ سۇيىنى لىپىتىدۇ!» دېيىشكەن. شۇڭا، سىنىڭ ھايات قىلىشىڭ مەن ئۇچۇن زور ئاپەت! بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — سىنى ۋە باشقا مەخدۇمزادە مۇرتەدلەرنى جەھەننەمگە ئۇزىتىشتۇر! — دىدى — دە، موللا باقى بىلەن موللا ساقىغا «ئىلىپ مىڭىڭلار!» دەپ ئىشارەت قىلدى.

— ۋادەرىخ! — دىدى شۇئەيب خوجا چىقىپ كىتىۋىتىپ، — ھىدايىتۇللا دىگەن دەۋزىخى ئەسلىدە بىزنى قىلتاقىقا دەسسىتىش ئۇچۇن، ئالدامچىلىق مەكتۇپىنى يازغانىكەن. شۇڭا ئۇلۇغلار: «مەككارلىق ئوقىنى دوستلۇق ياسى بىلەن ئاتسا، دەل تىگىدۇ» دەپ بىكارغا ئىيتىشمىغانىكەن، ياخشىلىق شارابىنىڭ تەمىنى تىتىغاندىم. ئەلھال، جىنىمغا زۇلۇم نەشتىرىنىڭ سانجىلىدىغان ۋاقتى كەپتۇ. غەم ۋە مىھنەت چىغى كىلىپ، خۇشاللىق ۋە راھەت سائىتى كىتىپتۇ. ئەمدى مەلۇم بولدىكى، ئەجەل ياقامدىن تۇتۇپ، ئۆلۈم تەرەپكە سۆرەپتىكەن. ھىلىمۇ دانىيال خوجىنى قايتۇرۇۋىتىپ بەكمۇ دانا ئىش قىلغان ئىكەنمەن. بولمىسا، ھەممىمىز سەن ئىبلىسنىڭ قولىدا ئۆلۈپ، قىساس - ئەنتىمىزنى ئالىدىغان ئادەم چىقماس ئىكەن! . . .

جاللاتلار شۇئەيب خوجىنى تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىغا ئىلىپ كىلىشتى — دە، قوللىرىدىكى چويۇن چوقماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ تىزىغا ئۇرۇپ، پۇتىنى قارسىلدىتىپ سۇندۇرۇپ ئۇنى يىقىتىشتى.

موللا باقى يېنىدىكى ساغرا غىلاپىدىن كالتە يىگىسار پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ۋە بىر قولى بىلەن شۇئەيب خوجىنىڭ

wwww.bilnur.com

ساقىلىدىن كاپپىدە تۇتۇپ، ئېڭەكنى ئۈستىگە قايرىدى — دە: «قالۇ ئىننالىللاھى ۋە ئىننائىلەيھى راجىئۇن» دەپلا قولىدىكى پىچاقنى ئۇنىڭ ھەلقۇمىغا سۇردى...

شۇئەيب خوجىنىڭ قالغان ھەمراھلىرىمۇ خوددى خوجىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاشۇنداق پاجىئەلىك قىسمەتتىن قۇتۇلۇپ قالالمىدى...

* * *

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ھەممە باشلىنىشنىڭ ئاخىرى بولغاندەك، ھەممە ئاخىرنىڭمۇ باشلىنىشى بولىدۇ. شۇئەيب خوجا قانداق قىلىپ يەكەن دىيارىغا قەدەم باستى ۋە قانداق قىلىپ تىزناپ ئاخىر ئۆز جېنىغا زەخمەت بولغان ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشقا مەجبۇر بولدى؟ بۇنى تۆۋەندىكى سەھىپىلەردىن بىلگەيسىز.

ئۇلۇغلار شۇنداق دەپتۇكى: «ھەي ئەقىل ئىگىلىرى، كۆزۈڭلارنى يوغان ئېچىپ قاراڭلاركى، ئىككى ئىشنى قىلىش ئاقىلانىلىق ئەمەس ۋە دانىشمەنلەرنىڭ پىكرىگە زىت: بىرى، تەخمىن بىلەن دورا ئىچىش، يەنە بىرى مېڭىپ باقمىغان يولدا كارۋانسىز يۈرۈش. شۇڭا، ھەر كىم ئۆزىگە تونۇشلۇق بولمىغان ئىشنى باشلىسا، ئەلۋەتتە خارۇ - زار بولىدۇ — دە، ئۇ يولدىن مەنزىلگە يېتەلمەيدۇ؛ بۇرۇنقى يۈرگەن يولىغىمۇ يېنىپ كېلەلمەيدۇ. يەنى ئالدىغىمۇ ماڭالمايدۇ، كەينىگىمۇ يانالمايدۇ؛ ئارزۇ - ھەۋەس بىلەن باشقا شاخقا قول ئۇزاتماسلىقى، ئۆز ئېھتىياجىدىن ئارتۇقىنى تەلەپ قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆزىگە زىيان كېلىدۇ!» دېمەك، شۇئەيب خوجىمۇ دەل مۇشۇ نەسىھەتكە قۇلاق سالمىغانلىقتىن، ئاشۇنداق قىسمەتكە دۇچار بولدى!

wwww.bilnur.com

*　　　*　　　*

مىلادى 1680 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پەيشەنبە.

ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ خابگاھىدا كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن دەستارپىچنىڭ[1] قولىدىن كۈلاھۇ ـ دەستارنى ئېلىپ بېشىغا كېيىپ، ئەمدى شاھنىشىنغا چىقاي دەپ تۇراتتى موللا باقى كىرىپ ئۇنىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى. ئاپاق خوجىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ ئىللىق تۈس ئالدى — دە، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى ۋە:

— دەرھال ئۇلارنى مېنىڭ خۇپىيەخانامغا ئېلىپ كىرىڭلار. مەن ئۆزۈم سوراق قىلىمەن، — دەپ ئالاھىدە جېكىلىدى. موللا باقى:

— خوپ تەقسىر! قۇللۇق! جانابىي ئالىيلىرى! — دېگىنىچە كەينىگە شوخشۇپ، ئاپاق خوجىنىڭ خابگاھىدىن چىقىپ كەتتى.

ئاپاق خوجىمۇ ئانچە كۆپ ھايالشمايلا، شاھنىشىنىنىڭ كەينىدىكى خۇپىيەخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

خۇپىيەخانىدا ئىككى ناتونۇش ئادەم ئۆرە تۇراتتى.

— سىلەر نەدىن كەلدىڭلار؟ — دەپ سىپايىلىق بىلەن سورىدى ئاپاق خوجا ئۇلاردىن.

— بىز مەخدۇمزادە شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجىنىڭ خەلىپىلىرى بولىمىز، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ھېلىقى ناتونۇش ئادەملەر ئاپاق خوجىغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، — مەخدۇمزادىلىرىمىز بىزنى ئالتۇنلۇقۇمدىكى شادى خوجامنىڭ مازىرىنى تاۋاپ قىلىپ، تۇغ ـ شەدىلىرىنى قېقىپ كېلىشكە

---

[1] دەستارپىچ — پادشاھنىڭ كىيىنىشىگە مەسئۇل خادىم.

wwww.bilnur.com

ئەۋەتكەن.

— نېمىشقا مەخدۇمزادىلەر ئۆزى كېلىشمىدى؟ ئۇلار كەلسە بولماسمىدى؟ بىز ئۇلارنى ئالاھىدە كۈتۈۋالمايتۇقمۇ؟ — دېدى ئاپاق خوجا كايىپ.

— مەخدۇمزادىلەر كەلگۈسى بولسىمۇ، ھەزرىتى پادىشاھ جانابىي ئالىيلىرىدىن تارتىنىپ، كېلىشكە پېتىنالمىدى، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى خەلپىلەردىن بىرى، — چۈنكى، پادىشاھىمىنىڭ ئاپتاپتەك روشەن ئەقلىدىن مەخپىي ئەمەسكى، بىز يەكەن دىيارىغا قەدەم باسىدىغان چاغدا، ئۇل مەخدۇمزادىلىرىمىز يىغلاپ تۇرۇپ: «ئۆز ۋەتىنىدىن مۇساپىر بولۇپ ياقا ئەللەردە يۈرمەك بالالارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر. شۇڭا، ئادەمنىڭ كۆز قارىچۇقى ھېچ ۋاقىت ئۆز ئۆيىدىن تاشقىرىغا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن باش ئۈستىدە ئورۇن ئالغان؛ ئادەمنىڭ ياشلىرى ئۆز ئورنىدا تۇرماي ئېقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاياغ ئاستىغا چۈشۈپ پايمال بولىدۇ!» دېيىشكەنىدى...

/شۇ زامانلاردا كىشىلەر ئادەت بويىچە، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئىچىدىكى مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننىڭ ئەۋلادلىرىنى «خوجىزادە»، ئىسھاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرىنى «مەخدۇمزادە» دەپ ئاتىشاتتى.

ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ پىر - ئىشانلىرىنى تۇتۇپ، بىر - بىرلەپ يوق قىلغاندا، مۇھەممەد ئابدۇللا خوجىنىڭ شۇئەيب خوجا ۋە دانىيال خوجا دېگەن ئىككى ئوغلى كەشمىرگە قېچىپ كەتكەنىدى. ئاپاق خوجا بۇ ئىككى مەخدۇمزادىلەرنى تۇتۇپ يوق قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى ئوڭى ۋە چۈشىدىمۇ ئىزدەپ يۈرگەنىدى. ئۇ زارىقىپ كۈتكەن بۇ پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى!

ئاپاق خوجا مۇشۇلارنى ئويلاپ قەۋەتلا خوش بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ خوش بولغانلىقىنى زادىلا چاندۇرمىدى.

wwww.bilnur.com

— بىز بىر پۇشتنىڭ ئەۋلادىدۇرمىز، — دېدى ئاپاق خوجا، مۇشۇ تاپتا تەسىرلەنگىنىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى، — ئابائى - ئەجدادلىرىمىز مۇنداق مۇنازىئەت[1] ۋە مۇخالىفەت[2] قىلىشمىغان بولسا، بىزلەردىن نەلازىمكى ئارىمىزغا مۇخالىفەت تۈزگەيمىز؟ مەخدۇمزادىلەر كەلسۇنكى، بىزلەر - خوجىزادىلەر بىلەن مەخدۇمزادىلەر ئىتتىپاق - جەمھۇرى بولۇشايلى. بەلكى ئارىدىكى شەككاكلارنى[3] كۆتۈرگەيمىز! ئەنۋائى[4] ئىختىلاپ ھەم كۆتەرىلگەي! سىزلەر بىز كىم قۇتبىل ئەقتابى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ بول يۇرەك سۆزلىرىنى بەلكى مەخدۇمزادىلىرىمىزگە تېز يەتكۈزگەيسىزلەر. بىزلەر ئۇلارنى زارىقىپ كۈتكەيمىز! . . .

* * *

خەلپىلەرنىڭ يەتكۈزگەن سۆزىنى ئاڭلىغان شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجا ئاپاق خوجىنىڭ بۇ گەپلىرىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، ئاخىر كەشمىردىن كېلىپ، سانجۇدا مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى ۋە ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزلىرىنى چىن كۆڭلىدىن تەكلىپ قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ نامە پۈتۈپ ئەۋەتتى:

«. . . ئى ئەۋجى سائادەت ۋە ماھتابى بۇرجى شارافەت، ئى جاھان سەھىفەسىدە يېگانە - تاق ھەزرىتى خاجە ئافاق، بىزلەر سىلەرنىڭ ئىزنەلىرى بىرلە ياركەند ئەزمى ئۈچۈن سانجۇ[5] غا قەدەم كەلتۈردۇق. ئەۋۋەل بىر پۇشت ئەۋلادىدۇرمىز! خىشلىق

---

① مۇنازىئەت — تالاش - تارتىش قىلىش، مۇنازىرە قىلىش.
② مۇخالىفەت — قارشىلىق بىلدۈرۈش، ئىختىلاپ ھاسىل بولماق.
③ شەككاك — شۈبھە، گۇمان، گۇمانلانغۇچى ھېيلىگەر.
④ ئەنۋائى — تۈرلۈك، خىلمۇ خىل، ھەر خىل.
⑤ سانجۇ — خوتەننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

هەققىمىز بار. ئىككىنچىدىن، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا فەند-غەلەت بەرمەك يوق. خۇسۇسەن، بىزنىڭ جەددىمىز خەلقە بايانى شەرئى ئىسلام قىلىپ كەلگەن. بۇلاردىن ئۆزگىلىرى دىن رەسمىنى ئۆرگۈنۈبدۇر. كىرەككى، ئۆزگەلەر سىلەردىن، بىزلەردىن ئىسلامنىڭ تەلىمىنى ئالغايلەر. بىزلەرگە ئىتىمنان خاتىر بولغىدەك، ئۆز مۆھۈرلەرىنى بېسىپ خەت ئىبەرسىلەر، ئىمىن بولۇپ بارغايمىز. گەپ تامام، ماھى جەمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ ئوتتۇزى جۈمە يېزىلدى.»

*　　　*　　　*

ئاپاق خوجا شۇئەيب خوجىلارنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى: «دۈشمەن قىلتاققا ئۆزى كېلىپ دەسسىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ! — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — چۈنكى، ئۇلارمۇ ئادەم — دە، ئادەمنىڭ ھېرىس قاچىسى گۆر توپىسىدىن باشقا نەرسە بىلەن تولمايدۇ. تەمە ۋە تىلەك كۆزىنى پانا يىغىنىسى ۋە ئەجەل يىپىدىن باشقا نەرسە بىلەن تىككىلى بولمايدۇ!»

ئاسمان ئېتىزىدىكى ھۆكەرنىڭ بېشىغا چاڭگال سالالايدىغان ۋە ئاي خامىنىدىن دان ئوغرىلىيالايدىغان دەرىجىدە قۇۋ، مەككار بولغان بۇ ئاپاق خوجا شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجىلارنىڭ ئۆزى قۇرغان قىلتاققا دەسسىمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنىڭ ھېرىس تۈگمىنىدىكى سۇنى تېخىمۇ ئۇلغايتتى:

«... بىز بىر پۇشتىنىڭ خىش-ئەقرەبالىرى ۋە ئەۋلادىدۇرمىز. ئابائىي-ئەجدادلىرىمىز مۇنداغ مۇنازىئەت ۋە مۇخالىفەت قىلىشمىغان بولسا، بىزلەردىن نەلازىمكى، ئاراغ مۇنداغ مۇخالىفەت تۈزمەك؟ بەلكى، ئەپۇ قەلەمىمىزنى سۈرۈپ، ئارادىكى شەككاكلارنى كۆتۈرگەيمىز. ئەنۋائى ئىختىلافمۇ شۇنىڭ

wwwww.bilnur.com

بىلەن تۈگىگەي. . . سىلەرنىڭ كاشغەردە فەيزىئاباد، ياركەندتە
توققۇز كەنت، خوتەندە ئاقساراي نىياز ئابى زېمىنىڭىزلار بار
ئەردى. ھالا ھەم بۇرۇنقى تەرىقە بىرلە بۇ نىياز ئابى
زېمىنىڭىزلەرنىڭ ھوسۇلىنى ئۆزىڭىزلەر كەلىپ يىغىپ
ئالىڭىزلەر. يەنە ھەم يارەنلەرىڭلە بولسا، ھەم جەمئى بولۇپ،
ئابروي بىلەن يۈرگەيسىزلەر. بەلكى مەخدۇمزادەلەرگە ھەم
كىشى ئىبەرگەيسىزلەر.

ئەلۋەتتە مەخدۇمزادەلەر بى تەكەللۇف ۋەبىتەخىر
كەلگەيلەر. ھەرنەكى ھەقتەئالا ئاتا قىلادۇر، دەرمىيان
كۆرگەيمىز. ھەر نەرسەكى بىرگە بولادۇر. دۇنياۋى، خاھ
ئاخىرەۋى دۆلەت ئىززەتنى تەڭ شېرىك كۆرگەيمىز. بىزلەرنىڭ
سىلەرگە دەخلىمىز يوق. بۇرۇن نەتەرىقىدە تۇرغان بولساڭلار،
ھالا ھەم شۇ تەرىقىدە تۇرغايسىلەر. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام.
تارىخىي ھىجرىيىنىڭ مىڭ توقسان بىرى[①]، ماھى جەمادىيەل
ئاخىرنىڭ يىگىرمە توققۇزى، يەكشەنبە يېزىلدى. ئول
مەكتۇپنىڭ راستلىقى ئۈچۈن مەنكى قۇتبىل ئەقتابى
ھىدايىتۇللا ئافاق خان خوجا ئۆز مۆھۈرۈمنى باستىم.»[②]

(«ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى ئۇلۇغ تەڭرىگە ھەمدۇ ـ سانالار
ۋە مەدىھىلەشكە ئىنسانىنىڭ تىلى ئاجىز كېلىدىغان پەيغەمبەر
سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمگە نەئەت ـ سالاملاردىن كېيىن
مەخدۇمزادىلىرىمىز شۇئەيب خوجا بىلەن دانىيال خوجىغا گۈزەل
ئىبارىلەر مەنىلىرىدىن ئەڭ شىرىنلىرىنى تاللاپ، دوستلۇق
گۈلشەنىدە پەرۋىش قىلىنغان ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمىزنى بايان
قىلغۇچى رەيھانلار گۈلدەستىسىنى يوللايمىز. بارلىق
مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئاساسى بولغان شۇئەيب ۋە دانىيال

---

① مىلادى 1680 ـ يىلى.
② مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىلى نەشرىگە تەييارلىغۇچى. يىلى نەشرىگە قارالسۇن.

wwww.bilnur.com

مەخدۇمزادىلىرىمىزگە ئوخشاش مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ گۈلتاجىغا، ئالەمگە زىننەت بەرگۈچى، مۇراد - مەقسەت تۇلپارىنىڭ ئالتۇن ئۈزەڭگىسىگە ئاياغ قويغۇچى ئوغلانىمىزغا، بەختىيارلىقنىڭ ئىگىسى، مۇشكۇللۇكلەرنى ھەل قىلىش سىرلىرىنى ئاچقۇچى روشەمزادە - رويىنتەنلىرىمىزگە سەممىي سالاملىرىمىزنى يوللايمىز!

بىز بىر ئاتىنىڭ پۇشتى - ئەۋلادىدۇرمىز. ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئاشۇنداق زىددىيەتلىشىپ ۋە دۈشمەنلىشىپ كېتىشمىگەن بولسا، بىزمۇ مۇنداق ئۆزئارا دۈشمەنلىشىپ كېتىشمىگەن بولاتتۇق. شۇڭا، كونا ئاداۋەت - خۇسۇمەتلەرنى ئارىدىن كۆتۈرۈۋەتكەيمىز. دوست - ئىناق ئۆتۈشكەيمىز. ئەسلىدە مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ پەيزاۋات، يەركەننىڭ توققۇز كەنت ۋە خوتەننىڭ ئاقساراي دېگەن زېمىنلىرى سىلەر مەخدۇمزادىلەرنىڭ ئاتاڭلاردىن مىراس قالغان كونا زېمىنىڭىزلار ئىدى. بۇ يەرلەردىن چىقىدىغان ھوسۇل ھېلىمۇ سىزلەرگە مەنسۇپ، سىزلەر بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنىلا ئاۋۋالقىدەكلا سۆلەت - سۇلكەت بىلەن يۈرىسىزلەر. مۇبادا كەلمەكچى بولسىڭىزلار، ھەممەڭلارلا كېلىڭىزلار. بۇ يەردە بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق راھەت - پاراغەتنى تەڭ كۆرسەك دەيمىز. بىزنىڭ نىيەت - ئىقبالىمىزنىڭ ساپلىقىغا، ئۆزىمىزنىڭ دۇرۇسلىقىغا قادىر ئاللا گۇۋاھ، زېمىن گۇۋاھ! خاتىرجەم بولغايسىزلەركى، بىز ھەرگىزمۇ سىزلەرگە دەخلى - تەرۇز قىلمايمىز. بۇرۇن قانداق ياشاپ كەلگەن بولسىڭىزلار، ھېلىمۇ ھەم شۇنداق ياشىغايسىزلەر. بىزلەر بولساق قىيامەتلىك ئۇرۇق - تۇغقان خەق. بىزدە ‹قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونچۇڭغا› دېگەن سۆز بار. سىزلەرنى كۈتۈپ، زارىقىپ كۆزىمىز تېشىلگۈدەك بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. گەپ تامام، گەپ ۋەسسالام!...»)

wwww.bilnur.com

ئاپاق خوجا شۇئەيب خوجىلارغا يازغان مەكتۇپىنى ئۇستىدىن يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتى — دە، شۇبھىلىك يېرى يوق ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى تىنىپ، مۆھۈرىنى خەتنىڭ ئۇستىگە باستى ۋە خەتنى تېز يەتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە موللا باقى بىلەن موللا ساقىغا جېكىلىدى. ئاندىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.

ئاپاق خوجا خىيال سۈرۈۋېتىپ، بۈزرۈكۋار پەدەرى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ مۇنۇ سۆزى ئېسىگە چۈشۈپ قالدى: «ھازىر ئىسھاقىيچىلەر بىلەن بىزلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىمىزدىكى ئاداۋەت بۇلۇتلىرى جەڭ ھاۋاسىغا ئاغدۇرۇلدى، — دېگەنىدى ئۇ، — ئەمدى ئاداۋەت ئوقىنىڭ يامغۇرى خالايىق ئۇستىگە بېھېساب ياغمىغانىنى كۆرۈڭ. ئىسھاقىيچىلەر بىلەن مۇبالىغىنى ئاتلاپ دوست بولۇشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك. چۈنكى، كىچىككىنە سەۋەب بىلەن ئارىمىزدىكى دوستلۇق رىشتىسى ئۈزۈلۈپ كېتىشى ھەم ئۇلار ئەسلى ئادىتىگە يېنىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ خۇددى تۇزلۇقتىكى سۇنىڭ گەرچە تەمى، رەڭگى ئۆزگىرىپ سۇلۇق سۇپىتىدىن چىققان چاغدىمۇ، ئۇنىڭغا قويسا، ئۇتنى ئوخشاشلا ئۆچۈرەلىگىنىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، سۇپىتى ئۆزگەرسىمۇ، خۇسۇسىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ. بىز ئۇلار بىلەن ئەسلىدىن دۈشمەن، مۇبادا ئۇلار بىلەن ئۇلپەت بولساق، بۇ خۇددى قەھرلىك يولۋاس ياكى زەھەرلىك يىلان بىلەن دوست بولغانغا ئوخشاشتۇر. بۇ ھەقتە كونىلاردىن قالغان مۇنداق بىر ئىبرەتلىك ھېكايىنى ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتقايسىزلەر!» دەپ، سەپەرگە چىققان بىر ئادەمنىڭ يىلاننى قۇتقۇزۇپ، جىنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بۇ ھېكايىدە مۇنداق دېيىلەتتى:

— بىر ئادەم تۆگە مىنىپ سەپەرگە چىققان ئىكەن،

wwww.bilnur.com

كۆيۈۋاتقان ئوت ئارىسىدىن چىقالماي كاۋاپتەك كۆيۈپ، زەھەرلىك بەدىنىدىن تامچە - تامچە قانلار ئېقىۋاتقان بىر يىلاننى ئۇچرىتىپتۇ. ھېلىقى ئادەم رەھىمدىل ۋە مېھرىبان ئادەم ئىكەن. ئۇ يىلاننىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلاپ، بىچارىلىكىنى كۆرۈپ: «يىلان گەرچە ئادەمزاتنىڭ دۈشمىنى بولسىمۇ، شۇنداق ئاجىز ۋە بىچارە بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا بىر ياخشىلىق قىلسام، بۇ دۇنيالىق ۋە ئۇ دۇنيالىق ساۋاپ تاپسام ياخشى ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ — دە، نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا تورۋىسىنى باغلاپ ئۇزىتىپتۇ. يىلان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ دەرھال تورۋىنىڭ ئىچىگە كىرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنى ئوتنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ يەرگە قويۇپتۇ ۋە:

— ئەمدى بالا - قازادىن قۇتۇلۇپ نىجاتلىققا ئېرىشتىڭ. نەگە بارساڭ بار. ئەمما، بۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەرنى چېقىپ، ئازار بېرىشنى قەستلىمە. چۈنكى، باشقىلارنى چاققۇچىلار بۇ دۇنيادا لەنەت - ئاھانەتكە سازاۋەر بولسا، ئاخىرەتتە دوزاخ ئازابىغا گىرىپتار بولىدۇ. كىشىنى چېقىشتىن يىراق بول. بۇ ساڭا خاپىلىقتىن خالاس بولۇشۇڭ ئۈچۈن ياخشى يولدۇر، — دەپتۇ.

— بۇ نېمە گەپ؟ — دەپتۇ يىلان، — مەن ئادەم چاقمىسام، قانداق يىلان بولالايمەن؟ شۇڭا، سېنى ۋە تۆگەڭنى چاقمىغىچە ھېچيەرگە بارمايمەن.

— مەن سېنى ئوتتىن قۇتقۇزۇپ چىققان ياخشىلىقىم ئۈچۈن مېنى چاقماقچىمۇ سەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — ۋاپاغا جاپا قىلىش — ئەدەب - قائىدىگە سىغمايدۇ!

— توغرا، — دەپتۇ يىلان، — سەن ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ، لېكىن مېنىڭ ئادەم چاقىدىغان زىيانداش ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ياخشىلىق قىلدىڭ. شۇڭا، بۇنىڭ جازاسىنى تارتىشىڭ كېرەك. چۈنكى، يامانلارغا ياخشىلىق قىلىش —

wwww.bilnur.com

ياخشىلارغا يامانلىق قىلغانلىقتۇر. ياخشىلارغا يامانلىق قىلىش راۋا بولمىغىنىدەك، يامانلارغا ياخشىلىق قىلىشمۇ ھەم جايىز ئەمەس. سەن ئۇلۇغلارنىڭ: «ئۆلتۈرۈۋەتكىلى يىلاننىڭ ئەركەك ۋە چىشىسىنىكىم، نەسىللىرى قۇرۇسۇن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇلۇغلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغان گۇناھىڭ ئۈچۈن سېنى چېقىشىم كېرەككى، باشقىلار بۇ ئىشتىن ئىبرەت ئالىدىغان بولسۇن.

— ھەي يىلان، ئىنساپ قىل، ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىش قايسى مەزھەپتە راۋا كېلىدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— سىلەر ئادەملەرنىڭ ئادىتىڭلار شۇنداققۇ؟ — دەپتۇ يىلان، — سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلغانلارنى چاقىسىلەرغۇ؟ ! ئادەم چاققاننىڭ ئورنىغا ئۈچكە چاقساڭلار بولماسمىدى؟ شۇڭا، باشقىلارنى چېقىش ئادىتىنى مەن سىلەردىن ئۆگەندىم. دېمەك، ئۆزۈڭلاردىن ئالغاننى يەنە ئۆزۈڭلارغا ساتىمەن.

— ئادەمزاتنىڭ ياخشىلىققا يامانلىق قىلغىنىنى بىرەر گۇۋاھ بىلەن ئىسپاتلىيالىساڭ، ئاندىن ھەرنە قىلساڭ ئۇنىڭغا رازىمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ ھېلىقى ئادەم.

يىلان بىلەن ئادەم گۇۋاھچى ئىزدەپ كېتىۋاتسا، ئۇلارغا بىر كالا ئۇچراپتۇ. ئىككىسى ھېلىقى كالىدىن سوراپتۇ:

— ھەي كالا، ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب بېرىش كېرەكمۇ ياكى يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىش كېرەكمۇ؟

— ئەگەر ئادەمزات گۇرۇھى بويىچە سورىساڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كالا، — ئۇلار ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ئۆزۈمنى ئالايلۇق، مانا مەن ئادەمزاتنىڭ خىزمىتىدە قېرىپ ھالىمدىن كەتكەنمەن. ھەر يىلى ئۇنىڭغا بىرنى تۇغۇپ بەردىم. ئۆيلىرىنى سۈت - قايماق بىلەن توشقۇزدۇم. ئۇلارنىڭ مەئىشەت - روزىغارى مېنىڭ تۆپەيلىمدىن

wwww.bilnur.com

ياخشىلاندى. ئەمدىلىكتە قېرىۋىدىم، مېنى سەمرىسۇن دەپ، بۇ سەھراغا ئەپچىقىپ قويدى. مانا ئەمدى سەمرىۋىدىم. تۈنۈگۈن ئۇ بىر قاسساپنى باشلاپ كېلىپ مېنى ئۇنىڭغا ساتتى. مېنى ئۇ بۈگۈن قۇشخانىغا ئاپىرىپ قېنىمنى تۆكىدۇ. دېمەك، مېنىڭ ئادەمزاتقا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ مۇكاپاتى شۇ بولدى. شۇڭا، ياخشىلىققا بېرىلىدىغان جاۋاب يامانلىق ئىكەن، دەپ ئويلىدىم.

— ئەمدىغۇ رازى بولغانسەن، — دەپتۇ يىلان ھېلىقى ئادەمگە، — سېنى چاقىمەن!

— ياق، بىرلا گۇۋاھچىنىڭ سۆزى بىلەن مېنى چاقساڭ بولمايدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — يەنە بىر گۇۋاھچى تېپىشىڭ لازىم!

ئۇلار بىر شاتۇتىغا ئۇچراپتۇ. يىلان شاتۇتىدىن سوراپتۇ:

— ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى نېمە؟

— ئادەمزاتنىڭ قائىدىسىدە ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى يامانلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاتۇتى، — مانا مېنى ئالىدىغان بولساڭ، مەن ئەسلىدە ئادەمزات ئىدىم. ئەمما، ئادەم بولماقنىڭ قىيىنلىقىدىن ئادەمىيلىكتىن ۋاز كېچىپ، شاتۇتىغا ئۆزگىرىۋالغانمەن. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولساڭ، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا: ئادەمزات خۇسۇمەتچى، ھەسەتخور، كۆڭلى ئەشەددىي قارا، ئىچى ئىنتايىن زەھەر، تولىمۇ شەخسىيەتچى، نەپسى بالا كېلىشىدۇ. چۈنكى، شىر ئىتقا ھېچبىر ئىشتا ھەسەت قىلمىسىمۇ ئەمما ئىت شىرغا زاۋاللىق تىلىگىنىگە ئوخشاش، ئادەمزاتنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ ئىستىبداتسىزلىرى ئەڭ ئىستىبداتلىقلىرىنىڭ نەپسىدىن غەشلىنىپ بوغۇلۇپ قارىداپ كېتىشىدۇ. مەن ئادەمزاتنىڭ ئىچىدىكى دانالىرىنىڭ پىكرىدىن نادانلىرىنىڭ بېشى ئاغرىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەنمەن. ئۇلۇغ ئىستېدات ئىگىلىرىنىڭ مەيلى ئۇ ئالىم بولسۇن، شائىر بولسۇن ياكى تېۋىپ بولسۇن، ئوخشاشلا ئۆز جىنسلىرىنىڭ ئۇ خىلدىكى

wwww.bilnur.com

ياكى بۇ خىلدىكى ھەسەت ئوقلىرىغا نىشان بولغانلىقلىرىنى كۆپ ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كاتتا بىرسىنىڭ، «پەزىلەت ۋە كامالىتىم قانچىلىغان زاتلارنىڭ ئارامىنى بۇزدى. چۈنكى، ئۇلار ماڭا ئىت بولۇپ ھاۋشىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا، ئادەمزاتنىڭ ئىچى بەئەينى بىر دوزاختۇر. ئادەمزات شۇرلۇق دوزاخ توغرىسىدىكى ۋەقە ـ قىيناقلارنى ھەر كۈنى، ھەر سائەت باشتىن كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جىسمىنى ۋە ئېتىنى قانداقتۇر نامەلۇم قۇرت ـ قوڭغۇزلار پارچىلايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭۈل كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۇلاردىكى غەرەز تۇتۇنلىرى ئەسلا ئىمكان بەرمەيدۇ. شۇڭا جاھاندا ئادەم بولماقتىن قىيىن ئىش بولمىسا كېرەك. شۇڭا، مەن ئادىمىلىكتىن كۆڭلۈم ئاينىدى — دە، شاتۇتىغا ئۆزگىرىپ، چۆلگە كېلىپ ماكانلاشتىم.

— مانا بۇمۇ گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى، — دەپتۇ يىلان، — ئەمدى ساڭا زەھەر سېلىشتىن توختاشقا ھېچقانداق ئاساس قالمىدى.

— ھەي يىلان، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — جان ھەممىگە ئوخشاشلا تاتلىق ئىكەن. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، دېگەندەك، يەنە بىر گۇۋاھچى تاپساڭ، مەن ھېچبىر تالاش ـ تارتىش قىلماستىن ئۆلۈمگە تەن بېرىپ، قازا تەرەپكە رىزا بوينۇمنى سۇنغان بولاتتىم.

ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنى بىر تۈلكە ئاڭلاپ تۇرغانىكەن، يىلان ئۇنى كۆرۈپ، ھېلىقى ئادەمگە:

— بېرىپ ئاشۇ تۈلكىدىن سوراپ باققىن، نېمە دەپ جاۋاب بېرەركىن؟ — دەپتۇ.

— ھەي ئادەم، — دەپ ۋارقىراپتۇ تۈلكە ئادەمنىڭ سۆزلىشىنى كۈتمەستىنلا، — سەن يىلانغا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈنلا، ساڭا يامانلىق لازىم ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭمۇ؟

wwww.bilnur.com

ئادەم تۈلكىگە يىلان بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى يىپىدىن - يىڭنىسىگىچە بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— سەن ئەقىللىق ئادەمدەك كۆرۈنىسەنۇ، — دەپتۇ تۈلكە ئۇنىڭغا، — ئەمما، ئەقىلسىزلاردەكلا سۆزلەۋاتىسەن. سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئۇ راست ئېيتىدۇ، — دەپ گۇۋاھلىق بېرىپتۇ يىلان، — مېنى ئاشۇ خانجۇغىسىدا تۇرغان تورۋىسى بىلەن ئوتتىن ئالدى!

— بۇنداق كىچىك تورۋىغا سېنىڭدەك چوڭ يىلان قانداق سىغىدۇ؟ سىلەرنىڭ سۆزۈڭلارغا زادى ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ!— دەپتۇ تۈلكە.

— ئەگەر ئىشەنمىسەڭ، بۇ تورۋىغا يەنە كىرەي. ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ ئاندىن ئىشەنگىن، بولامدۇ؟ — دەپتۇ يىلان.

— ئەگەر ئەينى ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم، سېنىڭ سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىشىم مۇمكىن، — دەپتۇ تۈلكە.

ھېلىقى ئادەم تورۋىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپتۇ. يىلان بولسا، تۈلكىنىڭ سۆزىگە مەغرۇرلىنىپ تورۋىغا كىرىپتۇ. تۈلكە ئادەمگە تورۋىنىڭ ئاغزىنى ئېتىشنى ئىشارەت قىلىپتۇ.

ھېلىقى ئادەم تورۋىنىڭ ئاغزىنى كاپپىدىلا تۇتۇپ بوغۇۋاپتۇ — دە، يەرگە قاتتىق ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. ئاقىۋەت يىلان ئۆلۈپ، دوزاخ يىلانلىرىغا قوشۇلۇپتۇ...

— ئى خوجىزادىلەر، — دېگەنىدى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشان بالىلىرىغا بۇ ھېكايەتنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، — بۇ مىسالنىڭ پايدىسى شۇكى، ئەقىللىق ئادەم ھوشيارلىقنى تاشلىماسلىقى ۋە ئېھتىيات قىلىشنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. دۈشمەننىڭ — گەرچە ئۇ سېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىڭ

wwww.bilnur.com

بولسىمۇ — نالە ـ پەريادىغا ئالدانماسلىقى كېرەك. ھەرقانداق شارائىتتا دۈشمەنگە ئىشەنمەسلىك كېرەك! . . .

* * *

قازارا، مەخدۇمزادىلەر ئاپاق خوجىنىڭ ئەھد ـ پەيمان بىلەن تولغان جاۋاب مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن كۆڭلى تىنىپ خاتىرجەم بولغاندەك بولۇشتى — دە، يەكەن تامان يولغا چىقىشتى. ئەمما، ئۇلار سانجۇدىن چىقىپ بىر كۈن بولار ـ بولمايلا، شۇئەيب خوجىنىڭ سول قاپىقى لىپ ـ لىپ تارتقاندەك بولدى — دە، كۆڭلى غەش بولۇپ، داۋاملىق مېڭىۋېرىشتىن يالتىيىپ قالدى.

— ئى ئىنىم دانىيال خوجا، — دەپ سۆز باشلىدى شۇئەيب خوجا، — بىز يەكەن تامان قەدەم تاشلاپ كېتىۋېتىپتىمىز. بىراق، بىدىللىق — غەم ـ غۇسسە مېنىڭ كۆڭلۈمدىن زادىلا كۆتۈرۈلمەي دىلىمنى گۇمان باستى. بىر قەدەمنى ئىلگىرى باسسام، ئىككى قەدىمىم كەينىمگە تارتىپ، غايىبتىن بىر ئاۋاز: بارما! بارما! دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ، بۇ مەملىكەت كۆزۈمگە دەريائى خۇن توپان، مۇسىبەت ۋە ماتەم كۆرۈنەدۇر. مۇبادا، زادى بارماي بولمىسا، ئۆزۈمنىڭ يالغۇز بېرىشىنى راۋا كۆرمەكتىمەن، سىزنىڭ بېرىشىڭىزنى زادىلا راۋا كۆرمەدىم. مۇبادا، ئىككىلىمىز بېرىپ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، نەسلىمىز مۇنقەتىئ[1] بولۇپ تۈگەپ كەتمىگەي. ماڭا تەقدىر ئەزەل بۇ تەرىقىدە بېشارەت بېرىپ تۇرۇپتۇ![2]

— ئاكا، — دېدى دانىيال خوجا تەئەججۈپلىنىپ، —

① مۇنقەتىئ — مۇنقەرز بولۇش، گۇمران بولۇش.
② مۇھەممەد سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988ـ يىل نەشرى.

wwww.bilnur.com

ھەزرىتى ئاپاق ئۆز مەكتۇپىدا: «... كونا ئاداۋەت ـ خۇسۇمەتلەرنى ئارىدىن كۆتۈرۈپ تاشلاپ، دوست ـ ئىناق ئۆتۈشمىكىمىز لازىمدۇر!» دەپ بىزنى چىن كۆڭلىدىن يەكەن دىيارىغا چىللاپ مۆھۈرلىرىنى بېسىپتۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، يەنە نېمىدىن غەم قىلۇرسىز؟

— ھەي دانىيال خوجا، كىچىكدۇرسىز، ناداندۇرسىز، بۇ بىۋاپا چەرخى پەلەكنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى بېشىڭىزدىن ئۆتمىگەن. جاھان ئىشىغا خامدۇرسىز. زامانە قازىنىدا قايناپ كۆرمىگەن! ئاپاق خوجا بېتى ئاق بولغىنى بىلەن يۈرىكى قازاننىڭ كۈيىسىدەك قارا بىر ئادەمدۇر. سىز ئۇنىڭ ئىسمايىل خاننىڭ ئەكابىر ـ ئەشرەبلىرىدىن سەكسەن بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىنى تىرىك تۇرغۇزۇپ تۇرۇپلا سۇغۇرۇۋېلىپ، ئىسسىق قانلىرىدا تۈگمەن چۆگىلەتكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىڭىز. ئەمىر كىبىر ئېۋەز بەگنى قوزۇقا ئولتۇرغۇزۇپ تۆت كىچە ـ كۈندۈز ئازابلاپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىز؟ سىزنىڭ بۇ ئەھۋالىڭىزغا «قارچىغا بىلەن خورازنىڭ ھېكايىسى» تولىمۇ باب كېلىدۇ!

— بۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟

— بىر قارچىغا بار ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى شۇئەيب خوجا ئاتلىق ماڭغاچ، — ئۇ بىر كۈنى خورازغا:

— سەن بىر ۋاپاسىز جانىۋارسەن، — دەپتۇ. خوراز تەئەججۇپ ئىلكىدە:

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟ — دېگەن ئىكەن، قارچىغا:

— ئادەملەر سېنى دان بېرىپ باقىدۇ. قىش سوغۇقتا توڭلاپ قالمىسۇن دەپ، ساڭا ئىسسىق كاتەك ئۆي ياساپ بېرىشىدۇ. ئەمما، سېنى تۇتماقچى بولغىنىدا، سەن پالاخلاپ قاچىسەن. مەن گەرچە چۆل ـ باياۋان قۇشىمەن. ئادەمزاتنىڭ قولىدىن بىرەر ئوزۇق يېگۈدەك بولسام، ئۇلار ئۈچۈن شىكار قىلىمەن. ئۇلاردىن ھەرقانچە يىراقلاپ كەتسەممۇ، يەنە قاچانكى

wwwww.bilnur.com

چاقىرسىلا قايتىپ كېلىمەن، — دەپتۇ. خوراز:

— سەن ئۇچار قاناتنى زېخقا تارتىلغان ھالەتتە كۆرۈپ باققانمۇ؟ مەن كۆپلىگەن خورازلارنىڭ كاۋاپ زېخىدا ۋە ئوت ئۈستىدە كاۋاپ قىلىنىغانلىقىنى كۆرگەنمەن. سەنمۇ بىرەر ئۇچار قاناتنىڭ زېختا كاۋاپ قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، ئادەملەردىن مەندىنمۇ بەتتەر يىراققا قاچىدىغان بولار ئىدىڭ! — دەپ جاۋاب بەرگەن ئىكەن...

شۇئەيب خوجا ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، بىر پەس جىم ماڭغاندىن كېيىن، يەنە مۇنداق دەپ قوشۇمچە قىلدى:

— مەن ئويلايمەنكى، ئاپاق خوجا ھەرگىزمۇ ئۆز مەكتۇپىدا دېگىنىدەك ئۇنداق ۋاپادار، قىلغان لەۋزىگە ئەمەل قىلىدىغان ئەۋلىيا بولمىسا كېرەك.

— ئۇنداق بولسا، ئاكا سىزمۇ بارماڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا كەينىمىزگە يېنىپ قايتىپ كېتەيلى. ئامانلىقىمىز ھەممىدىن ئەۋزەل! — دېدى دانىيال خوجا تەشۋىشلىك ئىلكىدە ئىزتىراپ بولۇپ.

— ياق، ھازىر ئاپاق بىلەن ئەھد - لەۋز قىلىشىپ بولۇشتۇق، — دېدى شۇئەيب خوجا تەمكىنلىك بىلەن، — بارمىساق، بىزنى نامەردكەن دەپ قارىلايدۇ — دە، يەكەن دىيارىدىكى خىش - ئەقرەبالىرىمىزغا ۋە مۇرشىد - مۇخلىسلىرىمىزنىڭ بېشىغا كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى سالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسمايىل خاننىڭ ئىنىسى، مەن ئۇچ[1] نايىبى شاھزادە مۇھەممەد ئىمىن خاندىن سىرتىق[2] ئالدىم، ئۇلار پات يېقىندا كۆتۈرۈلىدىغان بولۇۋېتىپتۇدەك. ۋەزىيەت بىزنىڭ پايدىمىزغا قاراپ ئۆزگىرىۋېتىپتۇ. ئۇلارمۇ مەخدۇمزادىلەر كەلسە ئىكەن، دېگەن ئۈمىدتە ئىكەن. مەن يەكەن ھۇدۇتلۇقىدىن

① ئۇچ — ھازىرقى ئۇچتۇرپاننىڭ تارىختىكى نامى.
② سىرتىق — خەۋەر، ئۇچۇر، ئىز - دېرەك، ئىنفورماتسىيە.

wwww.bilnur.com

ئۇچ — ئاقسۇ هودۇتلۇقىغا سالامەت ئۆتۈۋالسىلا، نۇسرەت ۋە ئىقبال شامىلى بىزلەرنىڭ دۆلەت چىمەنىمىزدە ئەسكۈسى! شۇڭا، ئىككىمىزدىن بىرىمىز قېلىپ، يەنە بىرىمىز بارمىقىمىز دۇرۇسدۇر. مەن سىزدىن چوڭ بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە مېنىڭ بارمىقىم تۇزۇكتۇر!

دانىيال خوجا ئاكىسى شۇئەيب خوجىنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ گەپنى لازىم تاپتى. شۇنىڭ بىلەن شۇئەيب خوجا ئۆزىنىڭ خەلىپە - سوپىلىرىدىن بىرنەچچىسىنى هەمراھ قىلىپ دانىيال خوجىنى سانجۇغا قايتۇردى. ئۆزى ئون يەتتە خەلىپە - سوپىنى ئېلىپ يەكەن سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماھىرەجەپنىڭ ئاخىرلىرى يەكەن دىيارىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان ئەلۋەك يۇرت خانئېرىققا يېتىپ كەلدى. . .

نەزمە

ئەل هەققىنى يەيتتى دائىم بىر ئەبلەخ،
ئەمما سۆكۈپ تۇرار ئىدى شەيتاننى.
شەيتان ئاڭا دېدى يولدا دۇچ كېلىپ:
— ئۇچراتمىدىم سەندەك رەزىل ئىنساننى.
كۆڭۈلدىغۇ خېلى يېقىن تۇغقان بىز،
نېمە مۇنداق تىللاپ يۈردۈڭ تۇتامسىز؟

— شەيخ سەئدى

wwww.bilnur.com

# ئالتىنچى باب

## لاتا قورچاق

«تاجىدارلار ئۆمرىدە ئىككى قېتىم ئۆلىدۇ:
بىرىنچى قېتىم تاجۇ - تەختىدىن ئايرىلغاندا؛ يەنە
بىر قېتىم بولسا، ئەجەل شارابىنى ئېتىغاندا!»

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1681 - يىلى (توخۇ يىلى) ئەتىياز.

دەھبىدتىكى[①] بىر قەدىمكى قەبرىستانلىقتا بىر كىشىنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قېقىلىپ يىغلاۋاتقان ئېچىنىشلىق يىغا ئاۋازى يىراقتىن غۇۋا ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— يابابايى بۇزرۇكۋار! — دەيتتى ھېلىقى ئادەم يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ، — بىزگە نىچۇك بىسەرەمجانلىقدۇر؟ نىچۇك خانۇ - ۋەيرانلىقدۇر؟ باشپاناھ ئەككەلى جاي تاپالماغايمىز، بۇرادەر قېرىنداشىمىزدىن ئاجراغايمىز. ئۆز تۇغقانلىرىمىز بىزگە بۇ تەرىقەلىق خۇنرىزلىق قىلغاي، بىۋاپالىق كۆرگەيمىز؟ نىچۇك

---

① دەھبىد — پەرغانىدىكى بىر يۇرتنىڭ نامى. سەمەرقەند ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ.

wwww.bilnur.com

گۇناھ ئۆتۈپدۇركى، بۇ مەرتىۋىگە يەتكەيمىز؟①...

كۈن ئاستا - ئاستا پېتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ سارغۇچ نۇرلىرى بۇ كونا قەبرىستانلىق تۆپىسىنى يورۇتۇپ، سۆسۈن، قىزىل ۋە سېرىق رەڭلەرنى تېخىمۇ روشەن پەرقلەندۇرۇشكە باشلىدى. ئاسمان بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىپ، سان - ساناقسىز قەبرىلەرنى زۇلمەت ئۆز ئىلكىگە ئېلىشقا باشلىدى. شەرق تەرەپتىن بىردىنلا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلۈپ، قەبرىستانلىقنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. لېكىن، قەبرىستانلىقنىڭ مۇشۇ پەيتتىكى رەڭگىنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كىممۇ سۈپەتلەپ بېرەلىسۇن؟

قەبرىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاۋاتقان بۇ ئادەم — دانىيال خوجا ئىدى! ئۇ ئاكىسى شۇئەيب خوجا تىزناپ دەرياسى بويىدا ئاپاق خوجا تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى ئاپاق خوجىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قاچۇرۇپ پەرغانىدىكى كاسان قەلئەسىگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەنىدى. كاساندىكى بۇ دەھبىد دېگەن يەردە ئۇنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىلىرى مەخدۇم ئەزەم بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللالارنىڭ قەبرىسى بار ئىدى.

دانىيال خوجىنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى بولغان بۇ مەخدۇم ئەزەمنىڭ نام - شەرىپىنىڭ تولۇق ئاتىلىشى — خوجا ئەھمەد بىننى سەئىد مۇھەممەت جالالىددىن ئىشان كاسانى بولۇپ، نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ پىرى بولغانلىقى ئۈچۈن «مەخدۇم ئەزەم» دەپ ئاتالغانىدى. سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرەشىدخان زامانىدا، ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى قەشقەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردا كەڭ كۆلەمدە نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنى تەۋرەتكەنىدى. مىلادى 1533 - يىلى، ئۇ كاسانغا قايتىپ كېتىپ

① مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988- يىل نەشرى، 58 - بەت.

wwww.bilnur.com

شۇ يەردە ياشىغان ۋە ۋاپات بولغانىدى؛ خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللانىڭ تولۇق ئاتىلىشى قۇتبىل ئەقتابى ھەزرىتى ئىشان خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا بولۇپ، ئۇ قەشقەر خوجىلىرى ئارىسىدىكى ئىسھاقىيە سۇلۇكىنىڭ تۇنجى ئەۋلاد پىرى ئىدى. ئۇ مىلادى 1531 ـ يىلى دەھبىدتە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، مەخدۇم ئەزەمنىڭ تۆتىنچى ئوغلى ئىدى.

خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا دادىسى مەخدۇم ئەزەم بىلەن بىللە مۇلكىي قەشقەرىيىگە كېلىپ ئون ئىككى يىل سۇلۇك تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە بۇ جەرياندا نۇرغۇن ماجىرالارغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ ماجىرالارنىڭ ئىچىدە ئۆز ئاكىسى، تۇنجى ئەۋلاد قەشقەر خوجىلىرى ئارىسىدىكى ئىشقىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى مۇھەممەت ئىمىن ئىشانكالان (ئىمامى كالان خوجا) نى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەنلىك ۋەقەسى — ئۇ پەيدا قىلغان ئاشۇ بىر قاتار ماجىرالار ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سۇلتان ئابدۇلكەرىم خان تەرىپىدىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە «قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم» دەپ جاكارلانغان ۋە پەرغانىگە چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇلغانىدى. ئۇمۇ كاساندا ياشاپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ قەبرىسى مەخدۇم ئەزەمنىڭ قەبرىسى بىلەن بىللە دەھبىدكە قويۇلغانىدى.

تولا يىغلاپ ھالىدىن كەتكەن دانىيال خوجا بېشىنى تۇپراق بېشىغا قويۇپ، ئەجدادلىرىغا ئۆزىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىنى پىچىرلاپ تۆكۈپ ئولتۇراتتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۇمۇ تۇيماي قالدى — دە، كۆزى ئىلىنغاندەك قىلدى. شۇ ئەسنادا بىرسى ئۇنى چاقىرغاندك قىلدى. قارىسا، مەخدۇم ئەزەم بىلەن خوجا ئىسھاق ۋەلىيۇللا باشلىق بۇزرۇكۋار بوۋىلىرى ئىكەن. ئۇلار ھەدەپ ئۇنىڭغا قول ئىشارىتى قىلىۋېتىپتۇ.

— ئى پەرزەنت خوجا دانىيال! — دەۋاتاتتى ئۇلار، —

wwww.bilnur.com

بىشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ! غەم قىلماڭ ۋە سەۋر قىلىڭ! «ئەسسەبرۇ مىغتاھۇلفەرەھ!»① دېگەن ھەدىسكە ئەمەل قىلىڭ. ھەزرىتى مۇرتىزا ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ شۇنداق دېگەنىكى: «ئىزاقەت بەكەلبەلۋا فەككىرفى ئەلەم نەشرەھ ۋە ئۇسرۇن بەينەيۇ سىرەينى ئىزا فەككەر شەھۇ فەخرەھ.» بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، «ھەر ۋاقىتكى ساڭا تەڭلىك يەتسە، بىر بالايى - قازا كەلسە، سەن تەپەككۇر قىلغىن، ئەلەم نەشرەھدىكى، مۇشكۇللۇك ئىككى ئاسانلىقنىڭ ئاراسىدادۇر. بەس، مۇشۇ ۋاقىتتا پىكىر قىلساڭ، خۇشال بولۇرسەن، بىر مۇشكۇللۇككە ئىككى ئاسانلىق باردۇر.» ئى پەرزەنت، ئۇنداق پۇرسەتتە ئۇل مەملىكەتلەرنىڭ سەلتەنىتى سەن ۋە سېنىڭ ئەۋلادلىرىڭ تەرىپىدىن تەسەررۇپ قىلىنۇر!...

ئۇلار دانىيال خوجىغا باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشۇپ ئۆتۈپ كېتىشتى ۋە بارا - بارا يىراقلىشىپ كۆزدىن يوقىلىشتى...

دانىيال خوجا چۆچۈپ ئويغانسا، بۇ چۈشى ئىكەن!...

* * *

مىلادى 1678 - يىلى، ئاپاق خوجا سەئىدىيە دۆلىتىگە جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ نەيزىسىگە مىنىپ كىرگەندىن كېيىن ئىسھاقىيچىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئىسھاقىيچىلەر مەزھىپىدىكى پىريانلارنىڭ مازار - قەبرىستانلىقىنى ئاچتۇرۇپ، شادى خوجا باشلىق مەخدۇمزادە خوجا - ئىشانلارنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىنى توپقا سىلىپ پاختىۋەن قىلىپ ئاتقۇزدى. قانلىق ئۆچ ئېلىش قايتىدىن

---

① «سەۋر - خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر!»

wwww.bilnur.com

باشلاندى. ھەممە يەردە «ئۇر، يوقات!» ھۆكۈم سۈردى. مۇلكىي قەشقەرىيە زېمىنى مەزھەپ ئاداۋىتى بورىنىدىن دىر - دىر تىترىمەكتە ئىدى!

ئىسلام تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر مۇلكىي قەشقەرىيىدە سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ بېشىغا چىققان ئاقتاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانلىق كۈرەش — ئىسلام دىنىدىكى سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەسىرلەردىن بۇيان توختىماي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قانلىق مەزھەپ كۈرەشلىرى بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىسا كېرەك.

ئاپاق خوجا زامانىسىدىن مىڭ يىل ئاۋال مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتى بىلەن «روسۇلىللا قۇرغان بۇ دۆلەتنى كىم باشقۇرۇشى كېرەك؟ كىم ئۇنىڭ ۋارىسى — خەلىپە بولۇشى كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايغان بۇ كۈرەش كېيىنكى چاغلاردا پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى خۇددى ھەبەشنىڭ چېچىدەك چېچىپ تاشلىغانىدى.

مۇھەممەت پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ئورنىغا كىمنىڭ ۋارىس — خەلىپە بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بېكىتىپ قويمىغانىدى. ئەڭ يېقىن قېرىنداشنى ۋارىس - خەلىپە قىلىش تەرەپدارلىرى ھەزرىتى ئەلىنى مۇھەممەت پەيغەمبەردىن كېيىنكى بىرىنچى خەلىپە قىلىپ كۆتۈرمەكچى بولدى. شۇڭا، بۇلار كېيىنكى چاغلاردا «ئەگەشكۈچىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «شىئەلەر» دەپ ئاتالدى. ھەزرىتى ئەلى روسۇلىللانىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە ئۇنىڭ يېگانە پەرزەنتى بولغان بىبى پاتىمەنىڭ يولدىشى ئىدى. ئەمما، چاھاريارلار ئارىسىدا ھەزرىتى ئەلىنىڭ يېشى ھەممىدىن كىچىك ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ قەبىلە ئۇدۇمى، يەنى سۈننەتكە بىنائەن، خەلىپىلىككە يېشى ئەڭ كىچىكىنى ئەمەس، بەلكى ھۆرمەتتە ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئابرۇيلۇق مويسىپىت

wwww.bilnur.com

تەيىنلىنىشى ۋە ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭا، بۇلار كېيىنكى چاغلاردا «سۈننىيلەر» دەپ ئاتالدى.

ئەرەبلەرنىڭ قەبىلە ئۇدۇمىغا كۆرە، چاھاريارلار ئارىسىدىكى ئەڭ قېرىسى ھەزرىتى ئەبۇبەكرى روسۇلۇللادىن كېيىنكى تۇنجى ئەرەب خەلىپىسى بولۇپ كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەزرىتى ئەلىمۇ روسۇلۇللانىڭ ئەڭ يېقىن تۇت ئەۋلادىنىڭ چاھار- يارلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئېتىراپ قىلىندى ۋە ياش تەرتىپى بويىچە ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمانلاردىن كېيىن تۆتىنچى رۇتبىگە تىزىلدى.

دۈشمەنلەر ئەڭ ئاۋۋال، يەنى مىلادى 644 - يىلى ھەزرىتى ئۆمەرنى، مىلادى 656 - يىلى ھەزرىتى ئوسماننى، مىلادى 661- يىلى ھەزرىتى ئەلىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈشتى.

ھەزرىتى ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغۇللىرى — بىبى پاتىمەدىن تۇغۇلغان ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىننى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى، دەپ ئېلان قىلىشتى. ئەمما، ئىمام ھەسەن قىرىق ئالتە يېشىدا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ ئىمام ھۆسەيىن مىلادى 680- يىلى، كەربالا دەشتىدە شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن دەھشەتلىك مەزھەپ سوقۇشىدا بەختسىزلىككە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەلىپىلىك يەنىلا سۈننىيلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان بارلىق ئىماملار كەينى - كەينىدىن ئۆلتۈرۈلىۋەردى.

ھىجرىيىنىڭ قىرىق بىرىنچى يىلى، يەنى مىلادى 661 - يىلى (توخۇ يىلى)، ھەزرىتى ئەلى سۈننىيلەر تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن تارتىپ باشلانغان بىر قاتار سىياسىي سۇيىقەستلەر جەريانىنى مۇنداق قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

wwww.bilnur.com

ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىن خەلىپە بولغان ئىمام ھەسەن مىلادى 669 ـ يىلى (يىلان يىلى) مەدىنىدە زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 680 ـ يىلى (ئەجدىھا يىلى) ئىمام ھۆسەيىن ئىراقتىكى كەربالا ئۇرۇشىدا سۈننىيلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 713 ـ يىلى (كالا يىلى) ئىمام زەينۇلئابىددىن مەدىنىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 731 ـ يىلى (قوي يىلى) ئىمام مۇھەممەت باقىرمۇ مەدىنىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 765 ـ يىلى (يىلان يىلى) ئىمام جەئفىرى سادىقمۇ مەدىنىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 802ـ يىلى (ئات يىلى) ئىمام مۇسا كازىم باغدادتا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 818 ـ يىلى (ئىت يىلى) ئىمام رىزا ئىراننىڭ تۇس شەھرىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 835ـ يىلى (توشقان يىلى) ئىمام مۇھەممەت جۇۋاد شەقى باغدادتا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 868 ـ يىلى (چاشقان يىلى) ئىمام ئەل ھادى نەقى ئىراقنىڭ سەرمەن ـ راي دېگەن شەھرىدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 875 ـ يىلى (قوي يىلى) ئىمام ھەسەن ئەسقەرى (ئەسكىرى) باغدادتا قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى؛ مىلادى 892 ـ يىلى (چاشقان يىلى) ئىمام مۇھەممەت ياش تۇرۇپلا سىرلىق بىر ئەھۋالدا ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. كىشىلەر ئۇنىڭ يائۆلۈكىنى، يا تىرىكىنى تاپالمىدى. دۈشمەنلەر ئۇنى تۇتۇپ كېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، دەپ تەخمىن قىلىشىمۇ ئەمما ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خەلق ئارىسىدا: «ئىمام مۇھەممەت ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن. ئاخىر زامان بولغاندا مەھدى نامى بىلەن قايتىپ چۈشۈپ، دۇنيادا ئادالەت ئورنىتىدۇ!» دېگەن ئەقىدىنى تارقاتتى.

شىئەلەرنىڭ كۆلاھ ـ سەللىلىرىمۇ سۈننىيلەردىن پەرقلىنەتتى. ئۇلار سەللىنى شىپىت بولغان ئون ئىككى ئىمامنىڭ سانى بويىچە ئون ئىككى يۆگەم قىلىپ ئورايتتى ۋە

wwww.bilnur.com

بۇ يۆگەملەرنىڭ ھەربىرى بىر ئىمامنىڭ روھى ئۈچۈن مۇقەددەس ماكان، دەپ قارىشاتتى.

سۈننىيلەر بولسا، چاھارىيارلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن باشلىرىغا سەللىنى تۆت يۆگەم قىلىپ ئورىشاتتى. كىچىكلىكىدىن تارتىپلا ئاللا تائالاغا، پەيغەمبەرگە ۋە چاھارىيارلارغا چەكسىز ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد روھىدا تەربىيىلەنگەن بۇ ئادەملەر باشلىرىدىكى سەللىسىنىڭ تۆت ئورامىنىڭ ھەر بىرىدە بىردىن چاھارىيارنىڭ روھى ياشايدۇ، دەپ ئىشىنەتتى.

سۈننىيلەر دۆلەت ئۈستىدە تۇرغان تارىخى ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئىسلام دىنىنى ناھايىتى كۆپ مەملىكەتلەرگە تارقاتقان ھاكىم كۈچ بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن نارازى بولۇشقان ھەر تەبىقە ئادەملىرى شىئەلەر تەرىپىگە ئۆتۈشتى.

شىئەلەر بولسا، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى بارلىق بەختسىزلىكلەرگە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئالدىدىكى ئۈچ خەلىپە ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى سەۋەبچى قىلىپ كۆرسىتىشتى. شۇنداق قىلىپ، سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ ئاداۋىتى زادى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان قانلىق سىياسىي كۈرەشلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى.

پايانى يوق بۇ چەكسىز يىللاردا ھاكىمىيەت بەزى دۆلەتلەردە بەزىدە شىئەلەرنىڭمۇ قولىغا ئۆتۈپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا، ھۆكۈمدارلار شىئە مەزھىپىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن سۈننىيلەر دەۋرىدە تەقىپ قىلىنغان شىئەلەر قىساسچىلىق بىلەن باش كۆتۈرۈشۈپ چىقىشاتتى — دە، پۈتمەس - تۈگىمەس قان تۆكۈلۈشلەر باشلىنىپ كېتەتتى.

wwww.bilnur.com

شۇڭا، مەۋلانە ئابدۇلراخمان جامى[1] قانلىق سىياسى مەقسەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇنداق مەزھەپلەر ئاداۋىتىدىن سەسكىنىپ يازغان بىر ئۆتكۈر رۇبائىيدا مۇنداق دېگەنىدى:

ئەي مۇغبەچەئى دەھر، بىدەھۇ جامى مەيەم،
كى ئامەد زى نىزايى سۇننىيۇ شىئە قەيەم.
گويەندكى جامىيا، چى مەزھەپ دارى؟
سەن شۇكۇركى، سەگى سۇننىيۇ خەر شىئە نەيەم!

تاجىكچە يېزىلغان بۇ رۇبائىينىڭ مەنىسى مۇنداق ئىدى: «ئەي دۇنيانىڭ ياش ئاتەشپەرەسى، ماڭا مەي ئىچىدىغان جامىنى بەر، سۇننى ۋە شىئەلەر نىزالىرىدىن قۇسقۇم كەلمەكتە. سورىساڭ ئەي جامى، سەن قايسى مەزھەپتە؟ يۈز شۈكۈركى، يا سۇننىينىڭ ئىتى، يا شىئەنىڭ ئېشىكى ئەمەسمەن!»

. . .

تارىختا نۇرغۇن ئىشلار بىر - بىرى بىلەن تولىمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقتىن، بۇ تارىخ شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مول مەزمۇنغا ئىگە بولالىغان! شۇڭا قەدىمكىلەر: «بۇ دۇنيا ئىبرەت بىلەن تولغان. شۇنىڭدەك ئىبرەت ئالمىغۇچىلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەنمۇ تولغان!» دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان!

---

[1] مەۋلانە ئابدۇلراخمان جامى — تولۇق ئاتىلىشى: مەۋلانە نۇرىددىن ئابدۇلراخمان جامى. تاجىك، مىلادى 1414 - يىلى ئىراندىكى خوراسان شەھرىنىڭ جام دېگەن يېرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ھىراتتا ئىلىم مۇتالىئە قىلغان. كېيىن ئۇ نەقشىبەندىيەچىلەرنىڭ خەلىپىسى سەئىددىل ۋەلىدىن قەشقەرىگە قول بېرىپ مۇرىت بولغان. ئۇنىڭ «ھەفتەئى ئەۋرەڭ»، «تۆھپەتۇل ئەھرار»، «باھارىستان»، «يۈسۈپ ۋە زىلەيخا»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «نەفىھاتىل ئۇنس»، «رىسالەئى قاپىيە»، «شەرئى رۇبائىيات» قاتارلىق قىرىقتىن ئارتۇق نادىر ئەسەرلىرى بار. جامى ئىجادىيىتىنىڭ نەۋائىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. جامى مىلادى 1493- يىلى ھەج سەپىرىدىن قايتىپ، ھىراتتا ۋاپات بولدى.

wwww.bilnur.com

* * *

ئىسمايىل خان سەئىدىيە تەختىدىن چۈشۈرۈلۈپ، سەئىدىيە دۆلىتى مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن جۇڭغارلار ئىسمايىل خاننى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە ئېرەن قابۇرغا ھەيدەپ كەتتى. ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ مۈلكى قەشقەرىيىگە قويغان قالماق قارا خانلىرى - شاھەنلىرىنىڭ ھامىيلىقىدا يەكەندىكى تەختىدە خاتىرجەم دەۋران سۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ گاھىدا قىزىل تونىنى كىيىپ خەلىپە ئىشان، خەلىپە ئەمىر، خەلىپە ئەشرەبلىرىگە پادىشاھلىق قىلىپ ھۆكۈم سۈرسە، گاھىدا ئىشانلىق تونىنى كىيىپ، مۇرشىد - مۇخلىسلىرىغا سۈلۈكى تەرىقەتتىن مەسىلە - مەرۇپ قىلىپ تەلىم بېرەتتى. سوپى - ئىشانلىرى بىلەن ھەلقەئى زىكرى قىلىشاتتى. گاھىدا مەنىۋى شېرىنلىقتىن مەسىلە - مەرۇپ قىلىپ، تەرىقەت بابىدىن سۆز ئېچىپ، ئاشىقلىق ئىزھار قىلىسا، بەزىدە كۆكنار يەپ، مۇرشىد - مۇخلىسلىرى بىلەن ھەمنەشىن بولۇشۇپ، ھەممە ئەھلى مەجلىسنى بىھوش - خاراموش قىلاتتى.

بەزىدە ئۇ ئەئيانلىرىغا:

— بۇ مەملىكەتنى قالماق لەشكەرلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن سويۇپ ئالغان ئاشۇ كۈندىن① تارتىپ بۇ تەخت - سەلتەنەت بىزلەرگە مەنسۇپ بولدى. ئەلھەمدۇلىللاھكى، ھازىرغا قەدەر يۇرتدارچىلىق قېيىقىدا تىنچ - ئامان ئۈزۈپ، سەلتەنەت سۈرۈپ كەلمەكتىمىز! — دەپ تەمەننا ئىلكىدە مەسىلە - مەرۇپ قىلاتتى②. ئەمما، يۇرتدارچىلىق ئىشى سۈلۈك تەۋرەتكەندەك ئوڭداق ئوڭاي ئىش ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلاتتى.

① سەئىدىيە دۆلىتى مىلادى 1678 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭغارىيە باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندى.

② مۇھەممەت سادىق قەشقەرى: «تەزكىرەئى ئەزىزان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرىگە قارالسۇن.

wwww.bilnur.com

چۈنكى، «يۇرتدارچىلىق ئىشى گويا كىسى بىر داۋانغا ئوخشايدۇ، — دەپ قارايتتى ئۇ، — داۋانغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئادەم كۆزلىرىنى چوققىلاردىن ئۈزمەي باقىدۇ، ئادەمنىڭ قەلبى بەختلىك سىزىملار بىلەن تولغان بولىدۇ. لېكىن، تاغنىڭ چوققىسىغا چىقتىمۇ، بولدى. پەسكە چۈشىدىغان يولى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. نىھايەت، پەسكە قاراپ ماڭدىمۇ، يولمۇ تۆگەشكە باشلايدۇ. دىققەت قىلمىسا، ھاڭدىن دومىلاپ چۈشۈپ كېتىپ ئۆزىمۇ تۆگەيدۇ! چىقماقتا تەس بولغىنى بىلەن، چۈشۈش تېز بولىدۇ!... يۇرتدارچىلىق ئەسلىدىنمۇ ئانچە ھەۋەس قىلغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس. ئەمما، مېھرى بەك ئىسسىق نەرسە ئۇ. ئۇ شۇنداق نەرسە ئىكەنكى، كۆلدە سىلىق ئۈزۈپ يۈرگەن قېيىقنى كۆرۈپ، ھەۋسى كەلگەن ئادەم شۇ قېيىققا ئۆزى چۈشكەندىن كېيىن نېمىنى ھېس قىلغان بولسا، يۇرتدارچىلىق قېيىقىغا ئولتۇرغان ئادەممۇ قاياققا قاراپ ئۈزۈشنى، قېيىقنى قانداق باشقۇرۇپ مېڭىشنى، قېيىقنىڭ ئاستىدىكى سۇنىڭ تىرەن ۋە تېز ئاقىدىغانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم!...»

ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، تەشۋىشلىنىپ پۇشايمان ئىلكىدە ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالاتتى. ئەمما، ئۆزگە تاغدەك يار-يۆلەك بولۇپ تۇرۇۋاتقان خوجىسى — غالدانىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى ھەربىر شەھەرگە قويغان قارا خانلىرى — قالماق شاھنەلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇنىڭ كۆڭلى يەنە جايىغا چۈشۈپ تەسكىن تېپىپ، خاتىرجەم بولۇپ قالاتتى...

*　　　*　　　*

سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدىن تارتىپ باشلانغان دىنىي مەزھەپلەر ئاداۋىتىنىڭ قانلىق مېۋىسى بولغان ئاپاق خوجا

wwww.bilnur.com

خاندانلىقى جوڭغارلارنىڭ نەيزىسى ئاستىدا مۇلكىي قەشقەرىيەدە تۇنجى قېتىم قارار تاپقاندىن كېيىن، ئاپاق خوجا بىر تەرەپتىن سەلتەنەت سۈرگە تايىنىپ، مۇلكىي قەشقەرىيە ئارىسىدىكى ئىسھاقىيە مەزھىپىدىكىلەرنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىپ، ئۇلارنى «قارا مۇسۇلمان»، «مۇسۇلمان ئازمالىرى» دەپ جاكارلاپ، دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ: «تەخت - سەلتەنەتتە ئولتۇرۇپ، ھەمىشە مەسنىۋى شېرىفتىن تەلىم ئوقۇپ، رەئىيەگە تەرىقەت، مەرىپەت، شەرىئەت بابىدا شېكەردەك سۆزلەرنى چېچىپ، ئاللادىن بەندىلەرگە دىيانەت، ئىنساپ - تەۋپىق، ئىمان، شۈكرى - قانائەت تىلەپ ۋە ئۇلارنى ساھىب كامال قىلىپ، ياخشى ئىستىقبالغا باشلاپ»① تۇردى. «خائىن پادىشاھ بولسا، پادىشاھلارنىڭ خائىنى بولغاي، پادىشاھ خائىن بولسا، خائىنلارنىڭ پادىشاھى بولغاي!»②

ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ بارلىق ھوقۇق - كۈچىنى، ئىمتىيازلىرىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەجدادلىرىدىن مىراس قالغان يامانلىق كۈچلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىدىغان ئەنئەنىۋى ئىسيانكارلىق روھىنى تەلتۆكۈس يوق قىلىشقا، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇپ، كۈچ - مادارىدىن تولۇق كەتكۈزۈشكە سەرپ قىلىپ، جوڭغار تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى قارشىلىقسىز، شەرتسىز، تەخىرسىز، دائىم، تولۇق ۋە ياۋاش-يۇمشاقلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان خۇمسى مۆمىنلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. «ئەسكى يەردە يامان ئادەملەر بارلىققا كېلىدۇ» دېگەندەك، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەقەت بويسۇنۇشقىلا يارىتىلغانلىقىغا تەن بەرگۈزۈپ، ھەرگىزمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان قىلىپ تەربىيىلىدى! بۇ — ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەلئۇن ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە

① «تەزكىرەئى پىرياران»، قولىيازما.
② سۇلتان باي ھاجىم: «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

مەجبۇرى تېڭىلغان مەھكۇملۇق ئىستىقبال ئىدى! شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۆز تارىخىدا باسقان ۋە ئەۋلادلار مەڭگۈ كەچۈرمەيدىغان تۇنجى قېتىمقى مەڭگۈ پۇشايمانلىق خاتا قەدەم ئىدى!

تارىخچىلار ئاپاق خوجا جۇڭغار باسقۇنچىلىرىنىڭ زورى بىلەن سەلتەنەت سۈرۈشكە باشلىغان ئاشۇ 1678 - يىلىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئالدىنىشقا باشلىغان، جاھالەت پاتقىقىغا پېتىشقا باشلىغان ۋە گۈزەل ئانا ۋەتەنىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى خاراب بولۇشقا باشلىغان «لەنەتلىك قارا يىل»، «ھاقارەتلىك تارىخ» دەپ ئۆز كىتابلىرىغا يېزىپ قويۇشتى!

سەئىدىيەلەر ۋاقتىدا قەدىرلەنگەن ئىستىبدات ئىگىلىرى، مەرىپەتلىك ئەللامەلەر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ نادىر ئىستىبداتلىرى ئاپاق خوجا زامانىسىغا كەلگەندە خۇددى ئۆزەننى يوقىتىپ، چۆل - باياۋانغا تېشىپ چىقىپ كەتكەن دەريا سۈيىدەك بىھۇدە زايا بولۇپ كەتتى. ئاق تاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ ئاداۋىتىدىن بىزار بولۇشۇپ جاق تويۇپ كەتكەن كىشىلەر خۇددى بوران ئۇچۇرغان يىلتىزسىز قامغاقتەك تەرەپ - تەرەپتە قاڭقىپ يۈرۈشەتتى.

ئۇلار ئۆز يۇرت - ۋەتىنىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشتى! بۇ ئەلدە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ بېلى ئۈشتىلغان. نادانلىق، قاششاقلىق خۇددى چاچراتقۇدەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازدى:

شۇكۇرىللا فارىغ ئۆلدۇم مەن قارا - ئاق تاغىدىن،
نە ئۈچۈنكىن مېۋە يەپدۇرمەن شەرىئەت باغىدىن!

دېمەك، ئاپاق خوجا ھۆكۈم سۈرگەن ئاشۇ زامان — مۈلكىي

wwww.bilnur.com

قەشقەرىيىنى پۈتۈنلەي جاھالەت، خۇراپاتلىق، زۇلۇم، نامراتلىق، ۋەھىمە، جەڭگى - جېدەل، خۇنخورلۇق، قاچ - قاچ راسا قاپلىغان ۋە قان پۇراپ تۇرىدىغان زامان ئىدى. جۇڭغارلارنى مۇلكىي قەشقەرىيىگە باشلاپ كىرگەن ئاپاق خوجا غالدان بەرگەن خەنجەر - قامچا ۋە ئۆزى توقۇپ چىقارغان دەستەكسىز تەقدىر - پەتىۋالار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى تىرىكچىلىك، ئىنسانچىلىق قىزغىنلىقلىرىدىن بەسىندۇرۇپ، سەۋر - تاقەتكە ئۆگەتكەنىدى!

ئۇلار ئەۋھامپەرەستلىك[1] دەردىدە چىرايلىرى توپا - تەرەت، ئۇستىۋاشلىرى جۇل - جۇل بولۇپ، جەندە - كۇلاھلىق سوپى - ئىشان، رودىپاي سايىل، قاسماق دەرۋىش، تەمەخور شەيخ، رىياكار خوجا ۋە ھەررەڭ، ھەرشەكىلدىكى تەركىي دۇنياچى ئىبادەتچىلەرنىڭ توپلىرىغا ئەگىشىپ، جانىنىمۇ، جاھانىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار ئۇ دۇنيالىقنىلا ئويلايدىغان، ئاخىرەتنىڭلا غېمىنى قىلىشىدىغان، ئىمانى بىكامىل تىرىك مۇردىلارغا ئايلىنىپ قېلىشقانىدى!

شۇڭا سانسىزلىغان كىشىلەر ياشاش، تىرىكچىلىك ئۈمىدى بىلەن ئۆي - ماكان، پەرزەنت، ئاتا - ئانىلىرىنى ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرىنى تاشلاپ، قۇرۇق قول غەيرىيلەر يۇرتىغا، چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇ چاغلاردا، مۇلكىي قەشقەرىيىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، تېبابەتچىلىك، مەتبەئەچىلىك، خەتتاتلىق ۋە دارۋازلىقتەك بارلىق ئىلمۇ - ئىرپان ئىش - پائالىيەتلىرى ئاپاق خوجىنىڭ سوپى خۇپپىيەلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانىدى. بۇنداق ئىش - پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار «كاپىر»، «جادۇگەر»، «مۇرتەد»، «قارا مۇسۇلمان» دەپ

---

① ئەۋھامپەرەستلىك — دىنىي تەلۋىلىك، دىنىي ئىسترىيە.

wwww.bilnur.com

قارىلىنىپ، قاتتىق جازاغا تارتىلاتتى، ئوتتا كۆيدۈرۈلەتتى، دارغا ئېسىلاتتى. ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتى بۇنداق «ئىلىم - پەن جىنايىتى» بىلەن قارىلانغانلارنى جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن 31 خىل ۋەھشىي ئۆلۈم جازاسىنى تەسىس قىلىپ چىققانىدى!

ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتى ئەسلىدىكى ئىلىم - مەرىپەت ئورۇنلىرىنى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سۇلۇك تەرىقىتىدە زىكرى - سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ھەلقە - جەررە سالىدىغان خانىقا، گۇلەخ، ساراي ھەمدانلىرىغا ۋە خوجا - ئىشانلارنىڭ تۇرالغۇ جايلىرىغا، مەھكىمە - ئىشخانىلىرىغا ئايلاندۇردى. دۇئا - تىلاۋەت، خەتمە - قۇرئان، تولۋا - ئىستىغپار ئوقۇش، مەسنىۋى - شېرىف ئاڭلاش — پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاممىۋى ئىجتىمائىي مەشغۇلاتقا ئايلانغانىدى.

ئاپاق خوجا يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا خەلقنى نادانلىقتا تۇتىدىغان بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. ئۇ قابىلىيەت، ئىستىدات ئىگىلىرىنى چەتكە قېقىپ، رىقابەتكە قارشى تۇردى. ھەر دەرىجىلىك سوپى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئۆزىنىڭ خاس مۇرىدلىرىنى سوپى ھاكىملىققا تەيىنلىدى. قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈردى.

— پۇقرالارنى نادانلىقتا تۇتۇش لازىم، — دەيتتى ئۇ، — چۈنكى، پۇقرالارنىڭ كاللىسى قانچىكى ئاددىي بولسا، ئۇلارنى باشقۇرماقمۇ شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ. نادانلارغا ئەقىل ئۆگەتمەسلىك لازىم. چۈنكى، نادانغا ئەقىل ئۆگىتىش — قۇرام تاشنى تاتلىغانغا ئوخشايدۇ؛

— رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىپ تاشلايدۇ؛ مۇڭلۇق ئاڭلانغان نەغمە ئادەمنىڭ قۇلىقىنى گاراڭ قىلىپ قويىدۇ؛ نازۇ - نېمەتلەرنىڭ مول

wwww.bilnur.com

بولۇشىدىن ئادەملەر شوخ بولۇشىدۇ. توقلۇقتىن ـ شوقلۇق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! شۇڭا، ئادەملەرنى قاششاقلىق ـ يوقسۇللۇق ئىچىدە ياشاشقا ئادەتلەندۈرۈش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، پۇقرالارنىڭ كۆڭلى تىنچ، تۇرمۇشى خاتىرجەم بولىدۇ؛

— بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇنىڭ ئۈچۈن گۆزەردە قوپال توقۇلغان خام ـ ماتا، سەرگەز ـ شاتىۇالاردىن باشقا سىپتا توقۇلغان چىت ـ گەزلىمە، يىپەك خىرىتىلەرنى سانقۇزماسلىق كېرەك. پۇقرالار ياخشى، سۈپەتلىك، ئېسىل نەرسىلەرنى قانچىكى ئاز بىلسە، مەھەللە ـ كويلاردا ئوغرى ـ يالغان شۇنچە ئازىيىدۇ؛ دۇنيادا يىگانە بولغان نەرسە ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدۇ. شۇڭا، پۇقرالار بۇنداق نەرسىلەرگە ئەڭ ياخشىسى كۆز قىرىنى سالمىسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن، پۇقرانىڭ قورسىقىنىلا بېقىپ، كۆزىنى ئېتىش كېرەك؛ خار ـ زار بولغاندىلا، ئۆزىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؛ ئېگىلگەندىلا، گىدەيگىلى بولىدۇ؛ تىز پۈككەندىلا، غادايغىلى بولىدۇ!

...

ئاپاق خوجا كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىشىغا، يېڭىلىق يارىتىشىغا، ئەلنى قانۇن ـ تۈزۈم، شەرىئەت يولى بىلەن ئىدارە قىلىشقا قەتئىي قارشى تۇرغانىدى. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل جۇببە ـ فوراللارنى، ھەتتا چوڭراق قىڭراقلارنىمۇ يىغىۋېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى.

— پۇقرانىڭ قولىدىكى ئۆتكۈر تىغ قانچە كۆپ بولسا، — دەيتتى ئۇ، — مەملىكەتتە يىغا ـ غەلىيان شۇنچە كۆپىيىدۇ؛ كىشىلەر قانچە ئەپچىل، زېرەك بولۇشسا، ئەلدە ئاجايىبات ـ غارايىباتلار كۆپىيىدۇ — دە، پۇقرانىڭ كۆزى ئېچىلىدۇ؛ شەرىئەتنى شاخلاتماسلىق كېرەك. چۈنكى، شەرىئەتنىڭ پۇتاق ـ چاتاقلىرى قانچىكى كۆپ بولسا، گەدەنكەشلەر شۇنچە كۆپىيىدۇ!

wwww.bilnur.com

* * *

غالدان مۇلكي قەشقەرىيىدە تەرتىپ ئورنىتىپ، ھەر يىلى جۇڭغارىيىگە تۆلەيدىغان ئالۋان ـ ياساقنىڭ سانىنى بېكىتتى ۋە چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە، مۇھىم قاتناش ئېغىزلىرىدا تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن قاراخان ۋە بىر قىسىم جۇڭغار چېرىكلىرىنى قالدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن خالخە موڭغۇللىرىغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىش ئۈچۈن جۇڭغار قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ئىلىغا چېكىندۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەكەندە دارجە تۆرە ئىسىملىك بىر جۇڭغارنى قارا خان — شاھىنە قىلىپ قالدۇرۇپ، ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىنىڭ تىزگىنىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

بىراق، سابىق سەئىدىيە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ سەردارلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە زادىلا تەن بەرمىدى. ئۇلار غالدان ئەسكەر چېكىندۈرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن، جايلارغا ئادەملىرىنى ئەۋەتىپ، تېخىچە ئۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە تۇرۇۋاتقان ئاھالىنى ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆتۈرۈلۈشكە ئاستىرتىن قوزغىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاجۇ ـ تەخت، مەنسەپ ـ ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولغان سابىق سەئىدىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە باغلاپ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەييارلىق كۆردى.

ئابدۇللا خوجىنىڭ خەلىپىلىرىدىن بىرى بولغان پولات شەيقاۋۇل دېگەن كىشى مۇشۇ مەزگىلدە يەكەن دىيارىدىكى ئاھالىنى ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇشقا يوشۇرۇن قوزغاپ يۈرگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۈچ نايىبى، سابىق سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ شاھزادىلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەت

wwww.bilnur.com

ئىمىن خانغا ئۇزۇن - ئۇزۇن يېزىلغان خەتلەر ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇردى.

«... ئافاق تىزناب بويىدا مەخدۇمزادە شۇئەيب خوجىنى ھەلقۇم تىغ قىلدۇرۇپ، شاھادەتلىككە يەتكۈزۈپ، قىيامەتلىك بەدنامغا قالدى، — دېيىلگەنىدى پولات شەيقاۋۇل يازغان بۇ خەتلەرنىڭ بىرىدە، — ئۇل مەخدۇمزادىلەرنىڭ قىساس - ئىنتىقامىنى ئېلىش — ئامۇ - خاسنى ئۆزىمىزگە مايىل قىلىشتىكى ئەڭ ياخشى چارە - تەدبىردۇر. ئافاق مۇلكىي سەئىدىيە سەلتەنەتىنى قالماقلارنىڭ ياردىمى بىلەن سۇلتان ئىسمايىل خاندىن سويۇپ ئالىپ، بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيا قارا يۈز بولدىلەر. بىراق، ئۇ قەشقەر مەملىكەتىنىڭ يۇرتدارچىلىق تىزگىنىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالىشى مۇشكۇلدۇر! بۇ تەرەپ قىرغىز، ئۇل تەرەپ قالماق، ئافاق بولدىلەركى بەجايىكى لاتا قورچاق! شۇڭا، مەملىكەتنى قايتىدىن قولغا ئالماق ئۈچۈن ھايا دەركار ئەمەس. ھايا بىلەن مەملىكەت خاراب بولۇر، نەۋبەت قولدىن كېتۇر. كەتكەندىن كېيىن قىلغان پۇشايمان پايدا بەرمەس!... مۇبادا، سىلى يەكەن دىيارىنى تەسەررۇپ قىلماققا بەل باغلاپ چىقسىلا، بىزلەر قەلئەنىڭ ئىچكى - تاشقىرىقلىرىغا ئىشەنچلىك ئادەملەرىمىزنى قويۇپ بەش قوۋۇقنى بېكىتەيلۇك! سىزلەر تېشىدىن، بىزلەر ئىچىدىن تېگىش قىلىدىغان بولساق، ئافاقنىڭ سوپىلىرى ھېچ ئىش قىلالماي، قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ بىرگەپ، شۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ قالغايلىكى، پېقىر قالماق قاراخانى دارجە تۆرە بىلەن پۇتۇشۇپ قويدۇم. مۇبادا سىلى قەلئەگە ھۇجۇم باشلايدىغان بولسىلا، قالماق چېرىكلىرى بىر تەرەپ تۇرىدىغان بولدى!...»[1]

---

① بۇ مەكتۇپ ھەققىدە مۇھەممەت سادىق قەشقەرىنىڭ «تەزكىرەئى ئەزىزان» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى.

wwww.bilnur.com

*　　　*　　　*

مىلادى 1681 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، دۈشەنبە.
مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن يەكەن دىيارىدا ئاپاق خوجا ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن ئاھالىلەر يەكەن قەلئەسىنى قورشىۋالغىنىغا بۈگۈن ساقمۇ ـ ساق بىر يۈز يىگىرمە تۆت كۈن بولدى. ئاپاق خوجىنىڭ سوپى چېرىكلىرى يەكەن قەلئەسىنىڭ پۇختىلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، قەلئە دەرۋازىلىرىنى چىڭ بېكىتىپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ، يېتىۋالغان بولسىمۇ ئەمما بارا ـ بارا ئاچلىق ۋە قىيىنچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشقا باشلىدى.
بۈگۈن ئاپاق خوجا يەكەن قەلئەسىنىڭ ئۈستۈن كۈنچىقىش تەرىپىدىكى قالغات دەرۋازىسىغا بېرىپ سېپىل مۇداپىئەسىنى تەكشۈرۈپ كەلدى. سېپىلدا ئۆزىنىڭ سوپى چېرىكلىرىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئادەتتىكى چاغلاردا كۆرەڭلىشىپ ئالچاڭلاپ يۈرۈشىدىغان جۇڭغار چېرىكلىرى بۈگۈن نىمىشقىدۇر قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەي قويۇشقانىدى.
ئاپاق خوجا گەرچە ھىيلە ـ مىكىردە كەمەك ئەييارغا ئۇستاز، ھەسەت ـ خۇسۇمەتتە شەيتان لەئىنگە دەرس بېرەلىسىمۇ، سۇيقەست ـ زىيانكەشلىكتە ھەججاج زالىمنى خىجالەت قىلالىسىمۇ، ئەمما ئۇ مۇھاربىيە ئىشلىرىدىن قىلچىمۇ خەۋىرى يوق، ئۆمرىدە بىرەر مۇشۇك بىلەنمۇ ئۇرۇشۇپ كۆرمىگەن تولىمۇ قورقۇنچاق بىر ئادەم ئىدى. ئۇ قەلئە سېپىلىغا چىقىپ ئەتراپقا قارىۋىدى، قەلئە ئەتراپىدىكى سان ـ ساناقسىز بارگاھ ـ چېدىرلارنى كۆردى. قەلئەگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاشقا تەييارلىنىۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ پۇت ـ قوللىرىدا جان قالمىدى.
— سىز تېخى ئەھۋالنى بىلمەيسىز، — دېدى سوپى

wwww.bilnur.com

چېرىكلەرنىڭ خەلىپىسى مىرزا سارىق بەگ، — ھەزرىتى قۇتبىل ئەقتابى جانابى ئاپاق خان ئالىيلىرى، بىلەمسىز، سىزنىڭ سادىق سوپى بەگلىرىڭىزدىن خۇدا بەردى خەلىپە قەشقەرنى دۈشمەنگە تاپشۇردى! مىرزا قاراقچىبەگ يېڭىسارنى تاپشۇردى! قاغىلىقنىمۇ تاپشۇرۇشۇپتۇ!

— قاغىلىقنى؟! — بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۈركىنىپ سورىدى ئاپاق خوجا، — قاچان؟

— ھازىر خەۋەر كەلدى! دۈشمەن زېمىننى قاپلىغان قارا چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە! ئەمدى نۆۋەت يەكەنگە! سىزنىڭ قالغان سادىق بەگلىرىڭىز قالماق شاھنەسى دارجە نۆرە بىلەن مەسلىھەتلىشىۋېتىپتۇدەك. قالماقلار قورخانىغا بېكىنىۋېلىپ چىقماي قويۇشتى. پۈتۈن توپلارنى يېرىپ تاشلاشتى. ئۇلارمۇ يەكەننى مۇھەممەت ئىمىن خانغا بېرىشنى ماقۇل كۆرۈۋېتىپتۇدەك!

بۇ شۇم خەۋەر ئاپاق خوجىنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ھولۇقۇنىدىن قاتتىق چاڭقاپ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغانىدى.

ئاپاق خوجا سېپىل ئۈستىدىن ئالدىراپ چۈشۈشكە باشلىدى. چۈشۈۋېتىپ، ئۇنىڭ تەشنا كۆزلىرى سېپىل تېمىنىڭ سىرتىدىكى خەندەككە لىق تولدۇرۇلغان قارامتۇل سېسىق سۇغا چۈشتى. ئۇزاق تۇرۇپ رەڭگىنى ئۆزگەرتكەن ئاشۇ سېسىق سۇ مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تولىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى نەمسىز تىلى بىلەن يالاپ قويدى...

* * *

مىلادى 1681 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، پەيشەنبە.

wwww.bilnur.com

ئاخىر، مۇھەممەت ئىمىن خان يەكەن قەلئەسىگە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاش قارارىغا كەلدى!

ئاپاق خوجا مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ سوقۇشماي تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى كەسكىن تەلىپىگە بىۋاستە جاۋاب بەرمەستىن، كەينى - كەينىدىن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆزرە ئېيتىپ ياكى يۇمشاق سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق ھىيلىگەرلىك قىلىپ ۋاقىتنى ئارقىغا سوزماقتا ئىدى. ئۇ ئېرەن قابۇرغىدىكى غالداننىڭ بارگاھىغا چاپار ئەۋەتكەنىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئۇ ئادىمى ئاللىبۇرۇنلا مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ چارلىغۇچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى.

مۇھەممەت ئىمىن خان دەرھال ئەمىر كېبىرلىرىنى يىغىپ قىسىملارنى غول قىسىم①، چىرىنغار②ۋە بېرىنغار③ قىسىم قىلىپ ئۈچ تارامغا ئايرىدى — دە، سەركەردە - جەڭچىلەرنىڭ پۈتۈنلەي ساۋۇت - قۇياق كىيىپ، ئاتلارغىمۇ كېجىم④ تاقاپ، قەلئەگە يېقىنراق بېرىپ بىر تەرەپتىن ياراغ كۆرستىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەيۋە قىلىش ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق پەرمانلارنى بەردى.

مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئەمىر كېبىرلىرىدىن بولغان مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ باشچىلىقىدىكى چىرىنغار قىسىم ئۆزلىرى تۇرغان ھەفتەئى مۇھەممەدان تۆپىلىكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئالتۇنلۇق دەرۋازىسىغا يول بىلەن سېپىلغا قاراپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. مۇھەممەت ئىمىن خان بار غول قىسىم تۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى سېپىل خەندىكىگە لىق سۇ تولدۇرۇلغانىدى. شۇڭا، ئۇ غول قىسىمنى باشلاپ قوچقار ئاتا مەقبەرىسى تەرەپتىن

---

① غول قىسىم — ئۇرۇش سېپىدە ئادەتتە ئوتتۇرىدا تۇرىدىغان قىسىم.
② چىرىنغار — ئوڭقانات قىسىم.
③ بېرىنغار — سولقانات قىسىم.
④ كېجىم — ئۇرۇشتا ئاتلارغا ئوق تەگمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستىگە چۈمكىلىدىغان ئىپاتە يوپۇق. ئۇ ئادەتتە ئىچىگە كىگىز ئېلىنغان قاتتىق بولغارىدىن تىكىلگەنلىكتىن، ئوق ئۆتمەيدۇ.

wwww.bilnur.com

ھەفتەئى مۇھەممەدان تۆپىلىكىگە چىقتى. بۇ چاغدا قالغات دەرۋازىسى تەرەپتىن بىر توپ ئالىمان ئات چاپتۇرۇپ چىقىشىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ يەزەك قىسىمدىكى[1] جەڭچىلەر شۇئان تاختا كۆۋرۈك تەرەپكە يۈگۈرۈپ باردى. ئۇنىڭغىچە قەلئە ئىچىدىن چىققان ھېلىقى بىر توپ كىشى ئالمان - تالمان كەينىگە يۈگۈرۈشتى — دە، ئاتلىرىنى چاپقۇزغان پېتىچە تاختا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىشتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر تاختا كۆۋرۈكنى دەرھال زەنجىر بىلەن ئۈستىگە تارتىپ ئېلىشتى. مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ جەڭچىلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ جەۋلانبازلىق قىلىشىپ، قالغات دەرۋازىسىغا قەدەر ئات سېلىشىپ بېرىشىۋىدى، سېپىل ئۈستىدىن ياغدۇرۇلغان ئوق يامغۇرىغا دۇچ كېلىشتى. بىراق، بۇ ئوقلار ئۈستىگە قويۇق - ساۋۇت كىيىشكەن باھادىرلارغا ۋە كېجىم بىلەن چۈمكەلگەن جەڭ ئاتلىرىغا قىلچىمۇ كار قىلمىدى.

يەكەن سېپىلىنىڭ تۈۋى ئېگىز ئىدى. سېپىل ئۈستىگە تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن چىقىۋېلىشقان نۇرغۇن يەكەنلىكلەر ئاتلىق سوپى چېرىكلەرنىڭ قېچىپ كېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سېپىل ئۈستىدىن تۆۋەنگە ئالدىراپ يۈگرۈشۈپ چۈشۈپ كېتىشتى.

يەكەن قەلئەسىدىكىلەر تاختا كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئورىلارنى قېزىپ، ئۈستىدىن بىلىنمىگۈدەك قىلىپ بوشلا يېپىپ قويۇشقان ئىكەن. مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ يەزەك قىسمىنىڭ پەنسادلىرىدىن بىر - ئىككىسى ۋە باشقا يىگىتلەر چېپىشىپ كېتىشىۋېتىپ، بۇ ئورىغا چۈشۈپ كېتىشتى. چېرىنىغار قىسىمدىكىلەرمۇ قەلئەدىن چىققانلارنى بىر - ئىككى ئوق يېتىمچە قوغلاپ باردى. ئۇرۇشۇشقا پەرمان بولمىغىنى ئۈچۈن،

---

① يەزەك قىسىم — ھەربىي يۈرۈشتە ئالدىن يۈرگۈچى ئەترەتنىڭ نامى، دازۇر قىسىم.

wwww.bilnur.com

شۇنچىلىك قوغلاپ قويۇپلاياندى.

يەكەن سىپىلىدىكىلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ قېلىشتى. جۇڭغارلارغا ئادەم ئەۋەتىلگىنىگە ئىككى ئايدەك بولغان بولسىمۇ، تا ھازىرغا قەدەر ياردەمچى قوشۇنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئاپاق خوجا قالماق شاھنەسى دارجە تۆرىنى ئارىغا سېلىپ، قۇللۇقفا كېلىپ، يەكەن قەلئەسىنى مۇھەممەت ئىمىن خانغا تاپشۇرماقچى بولدى. ئەمما، قالماق شاھنەسى دارجە تۆرە مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ بارگاھىغا بېرىۋېلىپلا قايتقىلى ئۇنىمىدى.

جاھاندا ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن يامان ۋەھىمە بولمىسا كېرەك. «مەغلۇپ بولغان قوشۇنغا بىر قېتىم ‹ھەي!› دەپ تۇۋلىغان ئاۋازمۇ كۇپايە قىلىدۇ!» دېگەندەك، قالماق شاھنەسىنىڭمۇ مۇھەممەت ئىمىن خان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاپاق خوجا ئالاقزادە بولغىنىدىن پۇتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ ھېچ چارە قىلالماي قالدى — دە، ئاخىر ئوغلى يەھيا خوجىنى مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، ھاياتلىق يولى بەرسىلا، ئۆزىنىڭ خان ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى...

* * *

مىلادى 1681 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، جۈمە، ئەتىگەن.

بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ يەكەن قەلئەسىنىڭ ئالتۇنلۇق، قالغات، خانىقا، تېرەكباغ ۋە مەسخىرە دەۋازىسى قاتارلىق بەش قوۋۇقىدىكى قاراۋۇللار ئېلىپ تاشلاندى. تاختا كۆۋرۈكلەر چۈشۈرۈلۈپ، قەلئە قوۋۇقلىرى يوغان ئېچىپ قويۇلدى. ئەتىگەندە، داغدۇغىلىق قەلئەگە كىرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

wwww.bilnur.com

مۇھەممەت ئىمىن خان ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرى پۈتۈنلەي سەئىدىيە ھەربىيلىرىنىڭ فورمىسىدا كىيىنىشكەنىدى: ئۇلارنىڭ باشلىرىدىكى ئالتۇن قوببىلىق پولات دۇبۇلغا، ئۇچىسىدىكى كەشتىلىك خىتاي ئەتلىسىدىن تىكىلگەن ھەربىي تونلىرىنىڭ ئۈستىدىن كىيىشىۋالغان زىرىھلىق قوياق - ساۋۇتلىرى، مەيدىسىگە تاقىغان پولات مەيمەنە ئەينەكلەر ئەتىگەنلىك قوياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇلار يانلىرىغا يېشىل چەملىك ساداقلارنى ئېسىشىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە نەقىش چىقىرىلىپ پۈزۈر ئىشلەنگەن تۆمۈر ئوقيا ئوقلىرى سېلىنغانىدى. جەڭچىلەر كەسسە - تىردانلىق ئېگەر - جابدۇق بىلەن بېزەلگەن قالماق ئاتلىرىدا ئاجايىپ سۈر - ھەيۋە بىلەن ئولتۇرۇشۇپ كېتىپ بېرىشاتتى.

غالىب قوشۇنىنىڭ ئەڭ ئالدىدا بۇغداي ئۆڭلۈك، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق مۇھەممەت ئىمىن خان قومۇش قولاقلىق يۇلتۇز ئارغىمىقىدا بىخارامان ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقانىدى. ئۇ قىلىچقا ئامراق، ئاجايىپ جەسۇر مىجەزلىك بىر سەركەردە ئىدى. ئۇ ھەممە - قورال ياراغلار ئارىسىدا قىلىچقا ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرەتتى. «نەيزە، ئايپالتا دېگەن تەگسە، — دەيتتى ئۇ دائىم، — بىر يەرنىلا يارا قىلىدۇ. ئەگەر قىلىچ تېگىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا باشتىن - ئاياغ كېسىپ چۇشمىگىنىنى كۆرۈڭ!» ئۇ قىلىچنى ھەرگىز يېنىدىن ئايرىمايتتى: ياكى بولمىسا، بېلىدىكى قىنىش كەمىرىگە ئېسىۋالاتتى، يا بولمىسا، قولىدا تۇتۇۋالاتتى. چەت جايلاردا ئۇزاق ۋاقىت نايىب بولغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ بىرئاز سەھرا مىجەز ئادەم ئىدى. سۆزلىرىمۇ قىرلىقلارغا ئوخشاش تورۇڭ - تورۇڭ چىقاتتى.

ئۇ ھەمىشە:

— ئىش ئېپىگە كەلگەندە، غەيرەتنى بوشاشتۇرماسلىق ۋە

wwww.bilnur.com

قىلچىمۇ بىپەرۋالىق قىلماسلىق كېرەك. ئىشتىن كېيىن پۇشايمان قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق! — دەيتتى.

بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ ئونىنچىسى، سۇلتان ئابدۇللاخان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى، قەشقەر نايىبى يولۋاسخان ئوتتۇرىسىدا بولغان تەخت تالىشىش ماجىراسىغا ئاپاق خوجىنىڭ بىۋاسىتە قول تىققانلىقىدىن مۇھەممەت ئىمىن خانىنىڭ ئوبدانلا خەۋىرى بار ئىدى. ئەسلىدە سەئىدىيە خاندانىنىڭ ئىچكى ئىشى بولغان بۇ ماجىرا ئاپاق خوجىنىڭ دىنىي مەزھەپلەر ئاداۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشى بىلەن كەڭ كۆلەملىك ئىچكى ئۇرۇشقا ئايلانغان ۋە جۇڭغارلارنىڭ تۇنجى قېتىم قەشقەرىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ ماجىرادا، مۇھەممەت ئىمىن خانىنىڭ چوڭ ئاكىسى، سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ چوڭ خانى سۇلتان ئابدۇللا خان تەختىنى كىچىك ئوغلى يولۋاسخانغا بوشىتىپ بېرىپ، كەشمىرگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. يولۋاسخان سەئىدىيەلەر تەختىنى ئىگىلىگەن ئون بىرىنچى ئەۋلاد خان بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ خوجا چىنىكىدىن چىقالمايدىغان قورچاق خانغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ چاغدا، مۇھەممەت ئىمىن خانىنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى، ئاقسۇ نايىبى، شاھزادە ئىسمايىل خان سەئىدىيەلەر خاندانىنى ھالاكەتلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئادالەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، يولۋاسخان ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈردى ۋە يەكەنگە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، سۇلتان يولۋاسخاننى تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. ئاپاق خوجا بولسا، بەدەخشانغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىسمايىل خان سەئىدىيە خانلىرىنىڭ — ئون ئىككىنچى ئەۋلاد خان — ئەڭ ئاخىرقىلىرى بولۇپ ھېسابلانسىمۇ ئەمما ئۇ

wwww.bilnur.com

سەئىدىيە دۆلىتىنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، چىرىك سىياسىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ، بىر قاتار ئىلغار سىياسەتلەرنى يولغا قويغانلىقتىن، تارىختا كىشىلەر تەرىپىدىن «ئىبادەتچى، باتۇر، ئادالەتپەرۋەر ياخشى خان» دەپ ئاتالدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەخلاق بابىدا تولىمۇ كىچىك پېئىل، مەرىپەتپەرۋەر، دانا خان ئىدى. ئۇ ھەمىشە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ھەققىدە ئۇلۇغ ئەللامە، پازىل كىشىلەر بىلەن زىكرى - سۆھبەتتە بولاتتى. دۆلەت ئىشلىرىنى ئەدلۇ - ئادالەت بىلەن توغرا قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال دىنىي مەزھەپلەر ئاداۋىتى تۈپەيلىدىن تاپتىن چىققان قائىدە - قانۇنلارنى يېڭىۋاشتىن تۈزىتىپ، ئەلنى ئىسلام قانۇن شەرىئىتى بىلەن قاتتىق باشقۇرۇش ئۈچۈن، باتۇر ئالىم قازى ئابدۇللا دېگەن شەرىئەتپەرۋەر ئادەمنى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلىدى. ئازغىنا مۇددەتتىلا ۋەيران بولۇپ كەتكەن مەملىكەتنى قانۇن بىلەن قايتىدىن تۈزەپ، ئۆز ئىزىغا سالدى.

ئەمما بۇ — سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىش داۋامىدىكى قىسقا مۇددەتلىك گۈللىنىشى بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، بۇنداق ھالەت ئۇزاق داۋاملىشالمىدى. سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ دۆلەت گۈلى ئاپاق خوجا باشلاپ كەلگەن جۇڭغار تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يانجىلىپ، ئاخىر ئۈششۈك تەگكەن غوزىدەك سولىشىپ خازان بولدى.

. . .

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئاپاق خوجىنى ئۆلتۈرۈش ياكى تىرىك قالدۇرۇش ئوتتۇرىسىدا زادى بىر قارارغا كېلەلمەي قالدى: ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتەي دېسە، «پىرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل» دېگەن بەدنامغا قېلىپ، ئاللانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قورقاتتى؛ ئۆلتۈرمەي دېسە، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە، ئاپاق خوجىنى

wwww.bilnur.com

قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقمايدۇ، دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ ئاپاق خوجىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئەمرۇل-ئۆمەرالىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ باقماقچى بولۇپ كېڭەش چاقىرىشنى قارار قىلدى.

بۇ كېڭەشتە، بەگلەرنىڭ مەپكۇرسى يەنىلا بىرلىككە كېلەلمىدى. ئەمىر-بەگلەرنىڭ خېلى زور بىر قىسمى ئاپاق خوجىنى ئۆلتۈرمەسلىكنى قۇۋۋەتلەشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇگۈن ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى جازالانسا ۋە بۇلانسا، مۇھەممەت ئىمىن خاندىن نارازى بولغۇچىلار كۆپىيىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاپاق خوجا مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلغان سۇلتانۇل مۇھەققىقىن، ۋەھىدەتۇللاھ ۋۇجۇد، قۇتبىل ئەقتابى ھىدايىتۇللادۇر! پۈتۈن روھانىيلار تەبىقىسى ھازىر ئاپاق خوجا تەرەپتە تۇرماقتا. ئەگەر ئۇ پەتىۋا بېرىپ، پۈتۈن روھانىيلار تەبىقىسىنى ئىشقا سالسا، غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى مۇمكىن! ئۇ چاغدا بۇ ئىش — جۇڭغار قالماقلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىگە يېڭىۋاشتىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ناھايىتى ئوبدان باھانە بولۇپ بېرەتتى.

— ھەزرىتىم، — دېدى بەگلەردىن بىرى، — قۇتبىل ئەقتابى ھەزرىتى ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجىنى قەتلى قىلىشقا ھەرگىز بولماس! ئۇ ۋەھىدە تۇللاھ ۋۇجۇددۇر! مۇبادا، ئۇل زات قەتل قىلىنسا، خۇددى ئۆزبېكلەرنىڭ خانى شەيبانىخان قالغان ئاقىۋەتكە قالۇرمىز! بۇ ئىشتا ھەرگىز يېنىكلىك قىلىپ بولماس!

مۇھەممەت ئىمىن خان بۇ ياسىما ئېتىقادلاردىن ئاچچىقى كېلىپ بېشىنى چايقىدى — دە:

— يائەلھەزەر! يارەببى! — دېدى ئۇ، — ئاپاق خوجا ئۆزىنى «قۇتبىل ئەقتابى ھىدايىتۇللا» دەپ ئاتاپ يۈرۈپ ئاخىر نېمە بولدى؟ مەزھەپ نىزاپەتچىلىكىنى سىياسەتكە

wwww.bilnur.com

ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتى پۈتۈن - سۈرۈك سەئىدىيە خەلقىنى ئاقتاغلىق، قارا تاغلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدىغۇ؟ ئەلنى پارچىلاشقا ئېلىپ كەلدىغۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق لېكىن ئاقتاغلىقلار بىلەن قارا تاغلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ ئاداۋىتى ئەسلىدە ھاكىمىيەت تالىشىشتىن كېلىپ چىققان ئەمەسمۇ، ئانىھەزرىتىم؟! — دېدى ئەمىر كېبىر مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئۆزبېك خانى شەيبانىخان مىلادى 1500 - يىلى (مايمۇن يىلى) پەرغانىدە قۇرۇلغان ئۆزبېك شەيبانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى مۇھەممەت شەيبانى خان ئىدى. ئۇ مىلادى 1496 - يىلى، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى، پەرغانە پادىشاھى ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت بابۇرنىڭ ئۇستازى، نەقشىبەندىيە سۇلۇكىنىڭ پىرى، مەشھۇر شەيخ نەسرىددىن ئەبەيدۇللا خوجا ئەھرارى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى خوجا يەھيانى ئۆلتۈرگەنىدى. ئۇ مىلادى 1510 - يىلى (ئات يىلى) قىشتا، مۇرغاب دەرياسى بويىدا ئىران سەفەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى، قىزىل باشلارنىڭ پادىشاھى ئىسمايىل سەفەۋىنىڭ قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

ئىسمايىل سەفەۋى مۇھەممەت شەيبانىخاننىڭ شىئەلەرنى قىرغان ئىنتىقامى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى تولۇمچىلاپ سويغۇزۇپ، ئىچىگە سامان تىققۇزۇپ، تۈرك ئوسمانىيە سۇلتانى بايازىد سانىغا: «شىئەلەر بىلەن قەستلەشكەن سۈننىيلەرنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈشىنى كۆرۈپ قوي!» دېگەن مەنىدە سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەنىدى. بايازىد سانى شۇ چاغدا غەربتە شىئەلەرگە زىيانكەشلىك قىلىۋاتقانىدى. شۇ چاغلاردا شىئەلەر بىلەن سۈننىيلەرنىڭ دۈشمەنلىكى كۈچىيىپ شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى،

wwww.bilnur.com

ئىسمايىل سەفەۋى قىزىل باش بۆنىكىمۇ يەنە قانائەت ھاسىل قىلماي، مۇھەممەت شەيبانىخانىنىڭ باش سۆڭىكىگە ئالتۇن قاپلىتىپ، ئۇنى مەي ئىچىدىغان كاسە قىلىۋالغانىدى! . . .

— ئانھەزرىتىم، — دېدى ئەمىر كېبىر مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ يەنە، مۇھەممەت ئىمىن خانىنىڭ بىقارارلىقىدىن ئىچى تىت - تىت بولۇپ، — ئول مەزھەپ ئاداۋىتىدىن قورقماق كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئىنتىقام ئېلىش قەستىگە چۈشكەندە، ھېچقانداق قەۋم - تۇغقانچىلىق يۈزىگە قارىمايدۇ. ھېچقانداق دەلىل - ئىسپاتنى كېرەك قىلمايدۇ! ھېچقانداق ئۆزرىنى قوبۇل قىلمايدۇ! ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەزھەپ ئاداۋىتى خۇددى كۆمۈرگە ئوخشايدۇ. گەرچە، ھازىرلىقچە ئۇنىڭدا ئوت يوق بولسىمۇ ئەمما غەزەپ ئۇچقۇنى ئۇنىڭغا چۈشكەن ھامان دەرھال تۇتىشىدۇ — دە، ئاداۋەت شولىسى ئۆرلەپ، پۈتۈن ھۆل - قۇرۇقنى تەڭلا كۆيدۈرىدۇ! خۇددى ئوت كۆمۈردىن تۇغۇلۇپ يەنە چوغ كۆمۈر قالدۇرغىنىدەك، غەزەپ ئۇچقۇنىمۇ ئاداۋەتتىن تۇغۇلىدۇيۇ، يەنە ئاداۋەتنى پەيدا قىلىدۇ! شۇڭا، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، چوغ - كۆمۈرنى قالدۇرۇپ قويۇش، يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمىنى ساقلاپ قېلىش — ھەرگىز ئاقىللارنىڭ ئىشى ئەمەس! ئانھەزرىتىم، سىلى تۈنجى شىپالىق يامغۇرنىڭ سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئاغزىغا تامغاندا مەرۋايىتقا، يىلاننىڭ ئاغزىغا تامغاندا زەھەرگە ئايلانغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

— ئۇ قانداق گەپ ئىكەن؟

— ھەر يىلى باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئەمىر كېبىر مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ، — ئاسماندىن تۈنجى شىپالىق يامغۇر يېغىشقا باشلايدىكەن. ئىقلىمدىكى جان - جانىۋارلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى ئېچىشىپ تۈنجى شىپالىق يامغۇرنىڭ تامچىلىرىنى يۇتۇۋېلىشقا

wwww.bilnur.com

تىرىشىدىكەن. بىر ئاق كۆڭۈل سەدەپ قۇلۇلىسى بار ئىكەن، ئۇ بېشىنى سۇدىن چىقىرىپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

— ئېھ، شۇ شىپالىق تۇنجى يامغۇر تامچىسى ئاغزىمغا تامغان بولسىچۇ؟! مەن ئۇنى دەرھال مەرۋايىت دەپ ئاتىلىدىغان قىممەت باھا نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ ئادەملەرگە سوۋغا قىلغان بولاتتىم. ئادەملەر ئۇنى بويۇنلىرىغا، پېشانىلىرىگە تاقىۋالغان بولاتتى!

مانا، ئاخىر تۇنجى يامغۇر تامچىسى سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ ئاغزىغا تېمىپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئاغزىغا تامغان يامغۇر تامچىسى ئۇنىڭ تىلىگىنىدەكلا قىممەت باھا مەرۋايىتقا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى قەدىرلەپ باش كىيىملىرىگە تاقاپ، بويۇنلىرىغا ۋە قۇلاقلىرىغا ئېسىپ يۈرۈشۈپتۇ.

يىلانمۇ ئاشۇ چاغدا ئاغزىنى ئېچىپ تىلەك تىلەپ ياتقان ئىكەن. لېكىن، ئۇنىڭ نىيىتى ياۋۇز بولغاچقا، تىلىكىمۇ ياۋۇز ئىكەن:

— ئېھ، ئاشۇ تۇنجى يامغۇرنىڭ قۇدرەتلىك تامچىلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاغزىمغا تامغان بولسىچۇ؟ مېنىڭ ئاغزىمدا ھەرقانداق ئىنس - جىن ياكى جان - جانىۋار بېسە، دەرھال ئۆلىدىغان ئۆتكۈر ئوغا - زەھەرگە ئايلانغان بولاتتى!

يىلاننىڭمۇ تىلىكى ئىجابەت بولۇپتۇ. تۇنجى ياغقان يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغا تېمىپ، ئۆتكۈر زەھەرگە ئايلىنىپتۇ. يىلان ئاغزىدىكى زەھەرنىڭ ئاچچىقلىقىدا ھەمىشە:

— چاقىمەن! ئۆلتۈرىمەن! ھەممەڭلارنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىمەن! — دەپ تولغىنىپ - تولغىنىپ ۋىشىلدايدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇلۇغ كىتابلاردا: «ئۆلتۈرۈڭلار يىلاننىڭ ئەركەك - چىشىسىنىكىم، نەسىللىرى قۇرۇسۇن!» دېگەن ھەدىس نازىل بولغانىكەن! . . .

wwww.bilnur.com

— . . .

مۇھەممەت ئىمىن خان بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىنى ئاڭلاپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمگىنىچە جىم ئولتۇرۇپ قالدى. . .

*　　　*　　　*

مىلادى 1681 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شەنبە.

مۇھەممەت ئىمىن خان ئاقسارايىنىڭ پولات بىلەن قاپلانغان قۇيما دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئەمىر ئۇل ئۇمەرا، بەگ ـ بېگاتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا دەبدەبە، ئەسئەسە، ھەيۋەت ـ ھەشمەتلەر بىلەن يېتىپ كەلگەندە، ئاقساراي ئالدىدا سوپى ـ ئىشانلىرى بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرغان ئاپاق خوجا دەرھال ئۈچ قېتىم يۈكۈنۈپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى.

مەلئۇن ئاپاق خوجا تەختنى سەلتەنەتكە جوڭغارلارنىڭ نەيزىسىنىڭ ھىماتى بىلەن چىققاندىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي پۈتۈن يەكەندە قەتلىئام جاكارلىغانىدى. مەدرىسە ـ خانىقالارغا ئوت قويۇپ، كىتاب ـ نامەلەرنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتىگەنىدى.

ئىسمايىل خاننىڭ ئەمىر ئۇل ـ ئۇمەرالىرى، ئەكابىر ـ ئەشرەبلىرىدىن تەسلىم بولغىلى ئۇنىمىغانلارنى تىرىك تۇرغۇزۇپلا يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋالغانىدى! ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىپ، پۇقرالارنى زار ـ زار قاقشاتقانىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت گۈل ـ غۇنچىلىرى سەلتەنەت چىمەنزارلىقىدا جىلۋە قىلغاندا، تەن ـ تېنى يايراپ، كىمخاب تونلارغا پاتماي قالغانىدى. ماتۇق تۆشەكلەر ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرىغا پېتىپ، قەندە ـ قەندالەتلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا تېتىمىغانىدى. ئۇ ئامەت دۆلدۈلىغا مىنىپ كۆكتە ـ سامادا بەخىرامان پەرۋاز قىلىپ يۈرگەندە، كۆرەڭلەپ جاھانغا پاتماي كەتكەنىدى! ئەلھال، بۈگۈن ئۇ مۇھەممەت ئىمىن

wwww.bilnur.com

خاننىڭ ئالدىدا قىلمىش ــ ئەتمىشلىرىگە ھېساب بېرىدىغان چاغدا، پايپاسلاپ ھالىدىن كېتىپ يىقىلىشقا ئازلا قالدى. ئۈچ يىللىق سەلتەنەت سۈرى پۈتۈنلەي بۇرنىدىن بۇلاق بولۇپ چىقىشقا باشلىدى.

ئۇ مۇشۇ تاپتا ئاقسارايىنىڭ ئېگىز پەشتاقلىق پەلەمپىيى ئاستىدا خۇددى مەھشەرگاھتا تۇرغاندەك دىر ــ دىر تىترەپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ يەردە، ئۇ سابىق سەئىدىيە سۇلتانى ئىسمايىل خاننى ئېرەن قابۇرغىسىغا سۈرگۈن قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى! ئەمدىچۇ، ئەمدى ھەممە نەرسە ئاستىن ــ ئۈستۈن بولغان، پۈتۈن نەرسە بەربات بولغانىدى. قېنى ئۇ تۈنۈگۈنكى شانلىق غەلىبە؟ قېنى ئۇ بۈگۈنكى غايەت زور بايلىق ــ سائادەت؟ ئۇنىڭ قول ــ پۇتلىرى ۋەھىمىدە، ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە لاغ ــ لاغ تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردىكى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ــــ قالماق شاھنەسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى! ــــ ئاشۇ كۆرەڭ چىرايى ئەمدىلىكتە تاتىرىپ ئادەم كۆرسە قورققۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى! ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئۆلۈم ۋەھىمىسى بىلەن ھارغىنلىق ئىلكىدە قالغانىدى. ئايىغى ئاستىدىكى مەر ــ مەر تاشلىق مەيدان ئۇنىڭ نەزىرىدە قاراڭغۇ بىر بوشلۇققا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆز جەسىتىنى ئاشۇ چەكسىز قاراڭغۇ بوشلۇق ئىچىدە لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلاتتى.

ئاپاق خوجىنىڭ نامەردلىكى ۋە تۈزكورلۇقىغا يارىشا، ئۇنىڭ مۇھەممەت ئىمىن خانغا دېگەن گەپلىرىمۇ پۈچەك ھەم لاۋزا ئىدى:

ــــ ئى مۇھەممەت ئىمىن خان! ــــ دېدى ئاپاق خوجا قوللۇق بىلدۈرۈپ، ــــ ئەگەر تەقدىر ئاخشامدا بىرىنىڭ كۆكسىنى يارا قىلغان بولسا، ئەتىسى مەلھەم ياقىدۇ. بۇ پايانى يوق زامان كىمگە ۋاپا قىلغان؟ شۇڭا، مۇبادا سىز دەۋىتىمىزگە كىرسىڭىز،

wwwww.bilnur.com

پېشمنى چىلك تۇتۇڭ، ماڭا ئەگىشىپ دۇئاغا قولىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، كۆزىڭىز ئېچىلسۇن. چۈنكى، ماڭا ئەگەشكەنلەر — خۇدايى يول تاپقۇچىلاردۇر! ماڭا ئەگەشمىگۈچىلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر!

مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپاق خوجىنىڭ بۇ ۋەھىملىك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، غەدىقى كېلىپ كەتتى — دە:

— يامان نىيەتلىك ئادەمنىڭ سايىسى ئىتنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئەگرى بولىدۇ، ھەرگىز تۈز بولمايدۇ! — دەپ رەددىيە بەردى ئۇنىڭ سۆزىگە، — شۇنداق ئىكەن، سىزگە ئەگەشكۈچىلەرنى قانداقچىسىگە خۇدايى يول تاپقۇچىلار، دېگىلى بولسۇن!

— يائەلھەزەر، يارەببى! ئى مۇھەممەت ئىمىن خان، سىزدىن كۇپرانلىق كەتتى، — دېدى ئاپاق خوجا قىلچىمۇ ئۇيالماستىن، — دەرھال توۋا قىلىڭ! مېنىڭ زامانەم دۇنيادىكى زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر، مېنىڭ ئەسھابلىرىم دۇنيادىكى ئەسھابلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر! ماڭا قول بەرگەن، ماڭا مۇرىت بولغانلار، ماڭا ئەگەشكۈچىلەر خۇدايى يول تاپقۇچىلاردۇر. مېنى ئىنكار قىلغۇچىلار ماڭا ئەگەشمىگۈچىلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر![1] . . .

— ئى ئاپاق خوجا، بىلەمسىز؟ — دېدى مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ بوش كەلمەستىن، — بۇزرۇكلار: «رىياكارانە ھۆكرەپ يىغلاش ۋە ئاۋاز چىقىرىپ دۇئا ئوقۇش — تولا چاغلاردا ئىسقىرتىپ، چاۋاك چالغاندىن يامانراق!» دېگەن، نەپسى بالا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى دائىم ئاچلىقتا ئۆتىدۇ، ھېرىسمەن كىشىلەر ھېچ ۋاقىت ئىلگىرى باسمايدۇ؛ بۇتپەرەستلەردىن ياردەم سورىغان ئادەم مۇرادىغا ھەرگىز يېتەلمەيدۇ! سىزمۇ باشتا ھەرقانداق

---

[1] «ئاپاق خوجىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىدىن كەلىمىلەر»، قوليازما.

wwww.bilnur.com

ئىشقا ياخشىراق ئويلاپ ئاندىن قەدەم بېسىشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، ئويلىماي ئىش قىلىپ قويۇپ شاپۇردەك ئۇ دۇنيالىق- بۇ دۇنيالىق قارا يۈز بولدىڭىز!

— سىز «ئەنۋارى سۇھەيلى» دىكى ياقىلار پادىشاھى شاپۇرنى دەمسىزمۇ؟

ئاپاق خوجا تىلغا ئالغان «ئەنۋارى سۇ هەيلى» — «كەلىلە ۋە دېمىنە» دېگەن مەشھۇر مەسەللەر توپلىمىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، پاقىلار پادىشاھى شاپۇر ھەققىدىكى ھېكايە بۇ كىتابتىكى مەشھۇر مەسەللەرنىڭ بىرى ئىدى ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

— بىر قۇدۇقنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن پاقا ياشايدىكەن، ئۇلارغا شاپۇر ئىسىملىك بىرسى پادىشاھ ئىكەن. شاپۇر بەكمۇ تەكەببۇر ئىكەن. شۇڭا ئۇ، پاقىلارغا ئازار بېرىشكە باشلاپتۇ. بۇ ئەلەمگە چىدىيالمىغان پاقىلار:

— شاپۇر بىزگە زۇلۇم سالدى. بىزنىڭ ئەمدى بۇ زۇلۇمغا زادى چىدىغۇچىلىكىمىز قالمىدى. ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئارىمىزدىن بىرەيلەننى پادشاھ قىلىپ كۆتۈرەيلى! — دېيىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر پاقىنى پادىشاھ قىلىپ سايلىشىپتۇ.

تەخت- بەختىدىن ئايرىلىپ قالغان شاپۇر ئىنتىقام ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئۇيان ئويلاپ- بۇيان ئويلاپ، ئاخىر يىلاندىن ياردەم سوراشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. «يىلان بىزگە دۈشمەن، — دەپتۇ شاپۇر كۆڭلىدە چوت سوقۇپ، — مەن شۇ دۈشمەندىن ياردەم سورىشىم كېرەك. بۇ دۈشمەننىڭ قولى بىلەن دۈشمەننى يوقاتقانلىق بولىدۇ!»

بىر كۈنى، شاپۇر ئاغزىدىن ئوتلار چاچراپ، تىلىدىن زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان شۇنداق بىر يىلاننى كۆرۈپتۇ. ئۇ ھېلىقى يىلان تاكى ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكۈچە قاراپ تۇرۇپتۇ — دە، «مۇشۇ يىلاندىن ياردەم سوراپ باقاي» دەپ ئويلاپ، يىلاننىڭ ئۇۋىسى ئالدىغا كېلىپ، بوش ئاۋازدا يىلاننى چاقىرىپتۇ. ئاۋازنى

wwww.bilnur.com

ئاڭلىغان يىلان بېشىنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ، بىر پاقىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. يىلان: «رىزقىم ئۆز ئايغى بىلەن ئالدىمغا كېلىپتۇ» دەپ ئويلاپ:

— ئەي پاقا، سەن دېگەن مېنىڭ ئوزۇقۇم بولىسەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن ھەرقانداق بىر جانلىق ئۆزىنى گۆردە كۆرىدۇ. سەنمۇ ھەم شۇنداق، — دەپ پاقىغا قاراپ ئىتىلماقچى بولۇپتۇ.

بۇنى كۆرگەن پاقا قورققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە ئالدىراپ يىلانغا:

— ئى يىلانلارنىڭ پادىشاھى، سىزنىڭ دېگىنىڭىز راستتۇر. مەن بىر ھاجەتمەن بىچارە، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ھاجىتىم چۈشۈپ كەلگەنمەن. سىز ئەگەر مەندەك بىر ھاجەتمەنگە ياردەم قولىڭىزنى سۇنمىسىڭىز، يەنە كىمگە سۇنىسىز؟ — دەپ بىچارە قىياپەتتە تۇرۇپتۇ.

يىلان پاقىنىڭ بىچارە قىياتىگە قاراپ:

— سېنىڭ ماڭا نېمە ھاجىتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پاقىلارنىڭ پادىشاھى ئىدىم. قول ئاستىمدىكىلەر ماڭا دۈشمەن بولۇپ، يەنە بىر پاقىنى پادىشاھ قىلىپ سايلاشتى. مېنى ئۆز ماكانىمدىن قوغلىدى. ئەگەر سىز ماڭا ياردەم قىلىپ، ئاشۇ دۈشمەنلىرىمدىن ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز، سىزدىن يۈز مەرتىۋە رازى بولغان بولاتتىم.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا، سەن تەكەببۇرلۇق قىلىپ، قول ئاستىڭدىكىلەرگە زۇلۇم سالغان بولۇشۇڭ مۇمكىن. سەن قول ئاستىدىكىلەرگە زۇلۇم سالغان پادىشاھ تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ پاقىلار ساڭا تولىمۇ ھۆرمەتسىزلىك قىلىپتۇ. مەن ساڭا ياردەم قىلاي، — دەپتۇ — دە، ئۇۋىسىدىن چىقىپ، پاقا بىلەن دوست بولۇشقا ئەھد - پەيمان قىلىشىپتۇ.

wwww.bilnur.com

— سەن مېنى ھېلىقى قۇدۇقنىڭ بېشىغا باشلاپ بارغىن، ئاندىن كېيىن مېنىڭ پاقىلارنى ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇقنى قانغا بويىمىغىنىمنى كۆر! — دەپتۇ يىلان.

شاپۇر يىلاننى قۇدۇققا باشلاپ بېرىپتۇ. يىلان قۇدۇق ئىچىگە چۈشۈشى بىلەن پاقىلار كۆركىرىشىپ قېچىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يىلان قۇدۇق ئىچىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، شاپۇرنىڭ تائىپىسىدىن باشقا پاقىلارنىڭ ھەممىسىنى يەپ تۈگىتىپتۇ.

بىر كۈنى يىلان شاپۇرغا:

— ئەي ئەزىز، قۇدۇقتا پاقا قالمىدى. مەن بۈگۈن ئاچ قالدىم. شۇڭا سەن ئۆزۈڭنىڭ تايىپىسى ئىچىدىن بىرنەچچىنى بىر كۈنلۈك تاماق ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگىن، — دەپتۇ.

شاپۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يىلاندىن ياردەم تىلىگىنىگە پۇشايمان قىلىپتۇ. ئۇ بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ئەي يىلانلار شاھى، سىز ماڭا ياردەم قىلىپ دۈشمەنلىرىمنى يوقاتتىڭىز. بۇ تولىمۇ ساۋابلىق ئىشتۇر. ئەمدى سىز ئۆز ماكانىڭىزغا قايتىپ، دوست - بۇرادەرلىرىڭىز بىلەن بىللە ئۆتكەيسىز، — دەپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يىلان:

— ھاي، ھاي، بۇنداق دېمە. مەن سەن بىلەن ئەھد - پەيمان قىلىشقانمەن. سېنى ھەرگىزمۇ يالغۇز تاشلىمايمەن. قالغان ئۆمرۈمنى سەن بىلەن ئۆتكۈزىمەن، — دەپتۇ.

شاپۇر يىلاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۆز كۆڭلىدە: «ھەرقانداق بەندە ئۆز دۈشمىنىدىن پاناھ تىلىسە، ئاقىۋىتى يامان بولىدىكەن. شۇڭا، بۇزرۇكلار: ‹بارماق ئىرادە، يانماق ئىجازە› دەپ بىكار ئېيتىشمىغان ئىكەن!» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۆزى تاپقان ئىشقا يۈزمىڭ پۇشايمان قىلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاپۇرمۇ يىلاننىڭ ئوزۇقىغا ئايلىنىپ، جېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ!...

wwww.bilnur.com

* * *

مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئاپاق خوجا ئەمدى راستىنلا ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ تاپتا ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ رىياكارلىق ئىلىكىدە سوقىدىغان يۈرىكىنى ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى!

— ئى مۇھەممەت ئىمىن خان، — دېدى ئۇ خاننىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلىپ، — مېنى كەچۈرمەمسىز؟ راستىنى ئېيتىڭ! ئەگەر مېنى راستىنلا ئۆلتۈرمەكچى بولسىڭىز، مەھشەرگاھقا بىتاھارەت كەتمەسلىكىم ئۈچۈن دەرھال غۇسۇل - تاھارەت ئېلىۋالاي!...

— ...

— مېنى — سىزنىڭ پىرىڭىز بولغان مەندەك بىر ئۇلۇغ زاتنى زادى كەچۈرمەسسىزمۇ؟ — دېدى ئاپاق خوجا يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — ۋادەرىخ،...

— دەرھەقىقەت، — دېدى مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپاق خوجىغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، — شەرىئەت ۋە سەلتەنەت ئۇدۇمى بويىچە، سىزدەك ئادەملەر جازاسىنى تارتىشقا تېگىشلىك ئىدى. بىراق، بۇ ئىشقا ھازىر ۋاقتى ئەمەس! ئەمما، شەرت شۇكى، سىز دەرھال بۇ دىياردىن چىقىپ كېتىڭ، مەڭگۈ قايتىپ كەلمەڭ! ئۇيغۇرىستان خەلقىنىڭ سىزنى كۆرەرگە ئەمدى كۆزى يوق!...

— رەھمەت، مەن سىزنىڭ مېنى ئۆلتۈرمىگەن بۇ شەپقىتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايمەن! — دېدى ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ھايات قالغىنىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدا.

ئاخىر، مۇھەممەت ئىمىن خان ئىنسانىيەت ۋە شەپقەت ئىپادىسىدە بولۇپ، ئاپاق خوجىنى ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ۋە ئەندىشىلەردىن خالاس قىلدى.

wwww.bilnur.com

شۇ كۈنى ئاخشىمى، كىشىلەر توپ - توپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇشۇپ، ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ۋە ئۈچ يىلدىن بېرى ئۆلتۈرۈلگەن خىش - ئەقرىبالىرىنىڭ خۇن دەۋاسىنى قىلىشىپ، ئاقسارايىنىڭ ئالدىغا توپلىنىشتى. ئۇلار مۇھەممەت ئىمىن خاندىن ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ رىياكار سوپى - ئىشانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى ئەگۈنگە ئېسىشنى تەلەپ قىلىشتى.

ئەتىسى سەھەردىن باشلاپ، يەكەن شەھىرى ئىچىدە پۇقرالارنىڭ غۇۋغاسى يۈز بەردى. خاننىڭ مىرزىلىرى ۋە بەگلىرى ھەرقايسى كوچا - ئەگۈن، غەدىگەرلىككە بېرىپ، ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ چۈشەندۈرۈشكەن بولسىمۇ ئەمما بۇ غۇۋغا غەلىيانغا ئايلىنىپ، چوڭ چاتاق چىقىدىغاندەك قىلاتتى. خەلقنىڭ ھۇجۇم غۇۋغاسىنى كۆرۈپ، ئۇلار: «... خان ئۆزى كەلمىسە، بۇ خالايىقنى توسقىلى بولمايدۇ. بۇ ئىش چوڭ غەلىيانغا ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ!» دېيىشىپ، مۇھەممەت ئىمىن خانغا ئەرز قىلىشىپ ئادەم ئەۋەتىشتى.

مۇھەممەت ئىمىن خان ئاتلىق غەدىگەرلىككە كېلىپ، ئاۋامغا كۆرۈنۈش قىلدى ۋە:

— ئى خالايىق، سەۋر قىلىڭلار، — دېدى ئۇ ئاتتىن چۈشكەندىن كېيىن، — روسۇلىللادىن: «ئەسسەبىرۇمىفتاھۇلفەبىرەھ!»① دېگەن ھەدىس نازىل بولغان. بىز پىرغا قول بەرگەنمىز! شۇڭا پىرنىڭ قارغىشىدىن قورقماق لازىم! دەرھەقىقەت، شەرىئەت ۋە ئادەت بويىچە، بۇ ئادەملەرنى تولۇمچىلاپ سويۇپ، پوستىغا سامان تىقىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇر! بىراق، بىز بىر دىن، بىر مەزھەپتىكى ئادەملەردۇرمىز. قولىمىزنى بۇلغىمايلى. قېنى، كېلىڭلار! قولىمىزنى ئېگىز

① «سەۋر - خوشاللىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر!»

wwww.bilnur.com

كۆتۈرۈپ ئاللادىن بۇنداق ئادەملەرنىڭ جازاسىنى بېرىشنى تىلەيلۇق! ئىلاھا ئامىن!

— ئامىن! . . . ئامىن! . . .

ئۇيەر - بۇيەردىن دۇئاغا كۆتۈرۈلگەن قوللار كۆرۈندى. . .

*　　　　*　　　　*

ئاپاق خوجا يەكەن دىيارىدىن قوغلانغاندىن كېيىن ئىلبالىققا كەتمەكچى بولۇپ ئۇدۇل قۇرۇق ئۈزۈم يولىغا[1]قاراپ ماڭدى.

ئۇ يولدا ئاتلىق كېتىۋېتىپ ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى پۈتكۈل سۇلۇكچىلىك ھاياتىنى باشتىن - ئاخىر بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئۆزىنىڭ ئاخىر زار - زار بولۇپ يىغلاپ، ياقا يۇرتقا سەرسان بولۇپ، باش ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، كۆڭلى بۇزۇلۇپ تولىمۇ يېرىم بولدى: «. . . ئارزۇ تەختىگە بىر - بىر جان ئىكەنىن بىلمەدىم،— دەپ زار - زار قاقشاپ يىغلايتتى ئۇ، — ۋەسلى كۆچىتىگە مېۋە ھىجران ئىكەنىن بىلمەدىم، مۇرادىمغا يېتەر ئىدىم ۋادەرىغا، ئىشىمنى ئاخىرغا يەتكۈزەلمەي، دەرد ئارماندا قالارىمنى بىلمەدىم! . . . .»

ئۇ مۇشۇنداق يىغلاپ - قاقشاپ ئۇن كۈن بولدى دېگەندە، ئاچا تاغ[2] ئالدىغا كەلدى ۋە بىر دالدا يەرگە چۈشكۈن قىلىپ، سەل ھاردۇقىنى ئالماقچى بولدى.

ئاپاق خوجا تەيەممۇم قىلىپ[3] پېشىن نامىزىنى ئۆتەشكە

① قۇرۇق ئۈزۈم يولي — كەلپىن بىلەن ئۇچتۇرپان ئارىلىقىدىكى قەدىمكى يول.

② ئاچا تاغ — ھازىرقى ئۇچتۇرپانغا كىرىشتە يول ئۈستىدىكى بىر تاغنىڭ نامى. يول ئىككى تاغ ئارىسىدىن ئۆتكەنلىكتىن ئاچا تاغ دەپ ئاتالغان.

③ تەيەممۇم قىلىش — مۇسۇلمانلارنىڭ تاھارەت ئالغاندا پاكىزسۇ تېپىلمىغاندا ياكى سۇسىز چۆلدە تاھارەت ئېلىش ئۇسۇلى. ئالدى بىلەن ئىككى قولىنىڭ ئالقىنىنى پاكىز يەرگە ياكى تۇپراققا ئۇرۇپ يۈزىنى سىلاپ مەسھ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قولىنىڭ ئالقىنىنى يەنە بىر قېتىم تۇپراققا ئۇرۇپ، ئىككى قولىنىڭ جەينىكىگىچە سىلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەيەممۇم تامام بولىدۇ.

wwww.bilnur.com

تەرەددۇت قىلدى. ئۇ پېشىن نامىزىنىڭ ئىككىنچى رەكئەت پەرز نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ رۇكۇغا بارماقچى بولۇپ تۇراتتى. تۇيۇقسىزدىن تاغنىڭ تۆپىسىدە يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ پېشىن نامىزىنىڭ تەرك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي، ھېلىقى ۋەقەنى تاماشا قىلدى: بۇ چاغدا تاغنىڭ تۆپىسىدە ئىككى كەكلىك ھەدەپ سوقۇشۇۋاتاتتى. ھېلىقى كەكلىكلەرنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك ئىدى. بىرى قاچسا، بىرى قوغلار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر قارچۇغا ئېتىلىپ كېلىپ چۈشكىنىچە ھېلىقى چوڭ كەكلىكنى سوقۇۋەتتى — دە، غەنىيمەتنى چاڭگىلىدا قاماللاپ تۇتقىنىچە ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئاپاق خوجا كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشنى كۆرۈپ، كۆڭلى لاپپىدە يورۇدى — دە، خۇشال بولۇپ: «بۇ دۈشمەنىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن بېشارەتتۇر. خۇدا خالىسا، دۈشمەنلىرىم زەبۇن، سەلتەنىتىم ئۇزۇن بولغۇسى!» دېگىنىچە، پېشىن نامىزىنىمۇ قاراپ ئولتۇرماي ئېتىنى توقۇدى — دە، مىنىپلا قاتتىق بىر قامچا ئۇردى. ئات ئۇنى ئېلىپ مۇزداۋان يولىغا قاراپ چېپىپ كەتتى...

نەزمە

كىشى بولسا مۇلايىم، ئايىغىدا تۇپراق بول،
ئەگەر ئۇششۇقچىلىق قىلسا، كۆزلىرىگە چاچ تۇپراق!
كىشى ئەگەر بولسا قاتتىق، قىلما ھەرگىز يۇمشاق سۆز،
تۆمۈردىن ھەرگىز دات كەتمەس، ئېكەك بولسا بەك يۇمشاق.

— شەيخ سەئىدى

wwww.bilnur.com

## يەتتىنچى باب

# ئوت كەتكەن كېچە

«ئىككى كىشىنىڭ يۈرىكى ھەسرەتتىن خالىي بولمايدۇ ۋە ئايىغى پۇشايمان پاتقىقىدىن چىقالمايدۇ: بىرى، كېمىسى ۋەيران بولغان سودىگەر؛ يەنە بىرى، قەلەندەر بىلەن ئۈلپەتلەشكەن مىراسخور ئادەم!»

— شەيخ سەئدى

مىلادى 1682 ـ يىلى (ئىت يىلى) 8ـ ئاينىڭ 5ـ كۈنى، پەيشەنبە.

غالدانىنىڭ قارارگاھى ئېرەن قابىرغا تاغلىرىنىڭ① شەرقىي ئېتەكلىرىدىكى قارىغايزارلىق يانباغىرغا جايلاشقانىدى. بۇ قەدىمكى بىر بۇتخانىنىڭ نامى بىلەن قالماق كۈرە② دەپ ئاتىلاتتى.

قالماق كۈرە ناھايىتى خۇش ھاۋالىق، ياپيېشىللىق قاپلىغان بىر تۈزلەڭلىك ئىدى. كەۋسەردەك تاغ سۇلىرى جىلغىنى بويلاپ

---

① ئېرەن قابىرغا تاغلىرى — تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارىختىكى ناملىرىدىن بىرى.
② بۇ يەر ھېلىمۇ قالماق كۈرە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ساۋەن ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان.

wwww.bilnur.com

سارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى.

خان چېدىرىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا يولۋاس، يىلپىز، ئېيىق، توڭگۇز، بۆرە، تۈلكە، سۇلەيسۇن، مولۇن ۋە جەرەن - كېيىك، بۇغا - مارالنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ جۇڭغارخانى غالداننىڭ ئوۋ غەنيمەتلىرى ئىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، غالدان ئۆز ئەتراپىدىكى سەئىدىيە دۆلىتى، خالخە موڭغۇللىرى ۋە قازاق ئېلى قاتارلىق قوشنا ئەللەرگە ئارقا - ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىنى قوزغاپ، سەئىدىيە دۆلىتى بىلەن خالخە موڭغۇللىرىنى مۇنقەرز قىلالىغان بولسىمۇ ئەمما قازاق ئېلىنىڭ چوڭ خانى ئۆتە خاندىن يېڭىلىپ قېلىپ، ئىرەن قابۇرغا تاغلىرىغا ئاران قېچىپ كېلىۋالالىدى ۋە بۇ يەردە قايتىدىن لەشكەر توپلاپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتقانىدى.

ئۇ خاقانى چىنغا مول تارتۇق - ئولپان ئەۋەتىپ ئۇنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، خاقانى چىن ئۆزىنىڭ «ئۈچ تەپرىقاتچى»نى يوقاتقانلىق غەلىبىسىنى ئەتراپتىكى ئەللەرگە كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ھۆدەيچى چىتاتنى ئىلبالىقتىكى ئىرەن قابۇرغىغا ئەۋەتتى.

خاقانى چىندىكى «ئۈچ تەپرىقاتچى» — خاقانى چىن يېڭىلەتتىن ئۆز تەسەررۇپاتىغا ئالغان ئۆلكە — يۈننەندىكى ۋۇ-سەنگۇي چاڭموزا، گۇاڭدۇڭ ئەتراپلىرىنى ساقلاپ ياتقان شاڭ زىشىڭ چاڭموزا ۋە فۇجيەننىڭ ھەربىي ۋالىيسى گېڭ جىڭجۇن دېگەن چاڭموزىنى كۆرسىتەتتى.

ۋۇسەنگۇي چاڭموزا مانجۇلارنى سەددىچىندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە باشلاپ چىقىپ، ئون توققۇز ئەۋلاد خان ئىككى يۈز يەتمىش ئالتە يىل سەلتەنەت سۈرگەن قەدىمكى خاندانلىق پەغپۇرچىن — مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشىغا سەۋەبچى بولغانىدى. بۇ چاڭموزىلارنىڭ قالغان ئىككىسىمۇ خاقانى چىن

wwwww.bilnur.com

تەرىپىدىن ئەتىۋارلىنىپ، چەت - ياقا ئۆلكىلەرگە باسقاق قىلىپ يۇقىرى مەرتىۋە، ئالىي مەنسەپلەرگە قويۇلغان ھەربىي قوماندانلار ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ئۇچىنىڭ قولىدا خاقانىي چىنىنىڭ پۈتۈن ھەربىي قوشۇنلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى — يەنى يۈز مىڭدىن ئارتۇقراق مۇنتىزىم چېرىك بار ئىدى. كېيىن پىتنە قۇشى بارا - بارا ئۇلارنىڭ مىڭە ئۇۋۇسىدا چاڭگا تىزىپ، تۇخۇم بېسىپ، خاقانىي چىنغا مۇشت ئاتىدىغان بولۇپ قالغان ۋە ئاخىر تەپرىقىچىلىق ناغرىسىنى ئاشكارا چېلىشىپ چىققانىدى.

مىلادى 1673 - يىلى 3 - ئايدا خاقانىي چىن كاڭشى ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھەربىي ھوقۇقنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. ئۇلارمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باشلىرىغا پەغپۇرچىنىنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە چاچ قويۇپ، مانجۇلارنىڭ ئادىتىنى ئۆزگەرتتى — دە، ئەسلىدىكى پەغپۇرچىنىنىڭ خەنزۇلار خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە ئەلگە چاقىرىق چىقىرىپ، «ئادالەتنى ياقلاپ، مانجۇ بەدەۋىيلىرىنى ۋە - تىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى!» دېگەن بايراق ئاستىدا توپىلاڭ كۆتۈردى.

ئەسلىدە مانجۇلار مىلادى 1644 - يىلى جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەندە، خەنزۇلارنىڭ مىللىي ئېڭىنى تەلتۆكۈس بىتچىت قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن، «يا چاچقا تۇر، يا باشقا تۇر. چاچ قالسا باش كېتۇر! باش قالسا چاچ كېتۇر!» دېگەن ئەكسىيەتچى مىللىي سىياسەتنى يولغا قويدى. خەنزۇ ئاھالىلىرىنى مانجۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بېشىغا يېرىم چاچ قويۇشقا مەجبۇرلاپ، خەنزۇلارنىڭ ئەسلىدىكى پۈتۈن چاچ قويۇپ چوققىسىغا تۈگىۋالىدىغان قەدىمكى مىللىي ئۆرپ - ئادىتىنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقاتماقچى بولغانىدى. مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك مىللىي زۇلۇمىغا چىدىيالمىغان خەنزۇ خەلقى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مانجۇ تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن قانلىق كۈرەشلەرنى

wwww.bilnur.com

قىلغانىدى. بۇ قوزغىلاڭچىلار بېشىغا خەنزۇلارنىڭ قەدىمكى ئادىتى بويىچە ئۇزۇن چاچ قويۇۋېلىشقانلىقلىرى ئۈچۈن «چاچمۇزا» دەپ ھاقارەتلەنگەنىدى. بۇ ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇزۇن چاچ ئوغرىلار» دېگەنلىك بولاتتى.

مىلادى 1681 - يىلى 8 - ئايدا، خاقانىي چىننىڭ قارا چېرىكلىرى ۋۇسەنگۈي چاچمۇزا، شاڭ زىشىنىڭ چاچمۇزا ۋە گېڭ جىڭجۇڭ چاچمۇزا قاتارلىق ئۈچ چوڭ خەنزۇ تەپرىقىچى كۈچلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى بىر - بىرلەپ تازىلىغانىدى.

بۇ چاغدا، جۇڭغار خانى غالدان قازاقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، خاقانىي چىننىڭ ئېرەن قابۇرغىغا ھۆددىچى چىتاتنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى — ئۇنىڭ ئۈچۈن تېپىلغۇسىز ياخشى پۇرسەت ئىدى، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ھۆددىچى چىتات زەپەر خەۋىرىنى مەلۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، خاقانىي چىنغا قايتىدىغان چاغدا، غالدان مۈلكى قەشقەرىيەدىن بۇلاپ - تالىغان ھەددى ھېسابسىز بايلىقلارنى خاقانىي چىنغا تارتۇق قىلىش ھېسابىغا خاقانىي چىننىڭ مەدەت - ھامىيلىقىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدى — دە، قىرىق مىڭ دانە سەئىدىيە تەڭگىسى — تۆلۈق بىر سەرلىك ئاق كۈمۈش تەڭگىدىن ئىدى — ۋە «تۆت يۈز ئات، ئاتمىش نار تۆگە، ئۈچ يۈز دانە بۇلغۇن تېرىسى، بەش يۈز دانە تىيىن تېرىسى، ئۈچ يۈز دانە سۇلەيسۇن تېرىسى، يۈز دانە قارا تۈلكە تېرىسى، بىر دانە تىرىك شۇڭقار، بەش يۈز دانە قىزىل كالا تېرىسى، تۆت تال ئۇيغۇر مىلتىقى»[①] قاتارلىق قىممەت باھا نەرسە - كېرەكلەردىن ئالاھىدە تارتۇق - پېشكەشلەرنى تەييارلاپ، ئەئيانلىرىدىن تۆت كىشىنى قوشۇپ،

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى بۇزرۇكۋار شاھەنشاھ كاڭشى خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، III - جىلد، 13 - بەتكە قارالسۇن.

wwww.bilnur.com

خاقانىي چىن كاڭشىنىڭ ھوزۇرىغا تەزىمگە ئەۋەتتى. . .

*　　　　*　　　　*

بىر كۈنى غالدان خان چېدىرىدا ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىدى. بىر تورغاۋۇت كىرىپ: «ئۆزىنى ساغان زالىڭ دەپ ئاتىۋالغان بىر خوتۇن باخشىسى①: مۇلكىي خوتۇنىستاندىن كەلدىم. خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەيدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. غالدان دەرھال: «كىرسۇن!» دەپ ئىجازەت بەردى.

تورغاۋۇت ئانچە ھايال بولمايلا ئۇچىسىغا تەيلەسۇن② ۋە تەختە ئولخەنەكلىك③ پېقىرلار كىيىمىنى كىيىۋالغان ئاپاق خوجىنى خان چېدىرىنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى.

ئاپاق خوجىنىڭ ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى يەكەندە جۇڭغار خانى غالدان تەرىپىدىن تەختكە يۆلەپ چىقىرىلغان چاغدىكى ھالىتى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆز خەلقى ئالدىدا ھۆكۈمرانلارچە گىدىيىپ ماڭىدىغان كۆرەڭ، ھاكاۋۇر بۇرۇنقى ھالىتى - خۇددى دەرەخ ئۈستىگە چۈشكەن، قۇياش نۇرىدا كۆزنى ئالماستەك چاقنىتىپ تۇرىدىغان ھالىتى قىرودەك ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. قىرو ئېرىگەندىن كېيىن قاپقارا دەرەخ پۈتىقىلا قالىدۇ، خالاس. مۇشۇ تاپتا ئۇ ئۆز خوجىسىنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپ، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قېلىۋاتقانىدى. ھېلى بىردەم ئىگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۇرسە، بىردەم ئۆمىلەپ بېرىپ، تەختتە ئولتۇرغان جۇڭغار

---

① خوتۇن باخشىسى — ئۇيغۇر شەيخى دېگەن مەنىدە. باخشى — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇستاز، ئاچارى، ئاقارى» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرەتتى.

② تەيلەسۇن — ئىشان، شەيخلەرنىڭ بوينىغا ئورايدىغان يۇڭ شارپىسى.

③ تەختە ئولخەنەك — ئىگەك ئاستى، دېگەن مەنىدە. ئىشانلار سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى ئىگەك ئاستىدىن چىقىرىپ ئوراشنى ئاشۇنداق دەپ ئاتايدۇ.

wwww.bilnur.com

ھۆكۈمرانىنىڭ پۈتىدىكى ياۋا ئېشەك تېرىسىدىن ئەيلەپ تىكىلگەن ئۆتۈكىنى سۆيەتتى. گويا كى باشقا باللار تەرىپىدىن ئانىسى تېپىلغان يېتىمەكىنىڭ ئۆز شەپقەتچىسىنى كۆرگەندە ئەرز - داد ئېيتىمەن دەپ ئېسەدەپ بوغۇلۇپ - بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئۇمۇ غالدانىنى كۆرگەندە ئۆزىنى يىغىدىن زادىلا تۇتالماي قالدى. يىغان - ئەلەملىك يىغا ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتاتتى.

— ئى بېشەۋكەتى خان ئالىيلىرى، — دەپ ئەرز قىلدى ئاپاق خوجا غالدانىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، — مېنىڭ سىنىڭ ھۇزۇرۇڭغا كېلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، مۇلكى خوتۇنىستاندا سىنىڭ قالماق سەلتەنىتىڭگە قارشى غەليان كۆتۈرۈلدى. سەن ۋە سىنىڭ غالىب، قەھرىمان قوشۇنۇڭ ئۇ يەرلەردە ئورناتقان تەرتىپ پۈتۈنلەي پاچاقلاپ تاشلاندى! مۇھەممەت ئىمىن خان دەيدىغان بىر گەدەنكەش ساڭا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى. سەن ھەرقايسى شەھەرلەرگە باسقاق قىلىپ قويغان قالماق قاراخان — شاھنەلىرىنى ئۇ يەرلەردىن قوغلاپ چىقىرىپ، بۈيۈك قالماق خانىغا قارشى ئاشكارا ئىسيان ناغرىسىنى چالدى. ئەي غالدان بېشەۋكەتى خان ئالىيلىرى، بۇ غەليان - ئىسياندا ئۆلتۈرۈلگەن قالماق شاھنە - قارا خانلىرىنىڭ خۇن قىساسىنى ئېلىش — سىنىڭ باش تارتىپ بولماس مۇقەددەس بۇرچۇڭدۇر! ئاياغ ئاستى قىلىنغان سەلتەنىتىڭنىڭ نومۇسىنى ئاقلاش — سىنىڭ گەدىنىڭدىكى قىيامەتلىك پەرھىزدۇر! بۇنىڭ ئۈچۈن دەرھال قەشقەر مۇزاپىتىگە باھادىر لەشكەرلىرىڭنى ئاتلاندۇرغايسەن! خۇدايىتائالا ساڭا جەننەتتەك نۇسرەت ئاتا قىلغاي، سېنى جاھان ئىچىدە غالىب قىلسۇن!

— ئەي ساغان زالىڭ، — دېدى غالدان، — بىز سان - ساناقسىز باھادىر لەشكەرلىرىمىزنىڭ قېنى ۋە جېنى ھېسابىغا خوتۇنىستاننى ساڭا سويۇپ ئېلىپ بەرگەندۇق. ھالا بۈگۈن بەش

wwww.bilnur.com

يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، تەخت ـ بەخت ۋە تاجۇ ـ ۋەسلىگىدىن ئايرىلىپ، بۇ يەرگە كېلىپسەن! ئەسلىدە بىز ئۇ يەرگە سېنى ئەمەس، بەلكى سېنىڭدىن قابىلىيەتلىكرەك بىرىنى نايىب قىلىپ قويغان بولساق ياخشى بوپتىكەن. خەير، ئاۋۋال ئەسكەر چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەيلى. بىز خوتۇنىستانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇھەممەت ئىمىن خاندىن فارامىنغا[①] نېمىشقا ئەمەل قىلمىغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلايلى. ئاندىن بىر نېمە دېيەلىمۇ ئۇلگۈرىمىز!

غالدان سۆزىنى تۈگىتىپلا قولىنى سىلكىدى. بۇ ئۇنىڭ «ئەمدى گەپ تۈگىدى، چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دېگىنى ئىدى. ئاپاق خوجا نائىلاج خان چېدىرىدىن كەينىچە شوخشىغان پېتى چىقىپ كەتتى...

* * *

غالداننىڭ ئەلچىسى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان مۇھەممەت ئىمىن خانغا تىزىنى پۈكۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. خاننىڭ ھەيۋەت ـ ھەشىمىتى ۋە ئۇنىڭ سۈرى جوڭغار ئەلچىسىنى ئەيمەندۈرۈپ بىچارە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويدى. شۇڭا، ئۇ سۆزلەشكە پېتىنالماي، يەرگە كۆز تىككىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەلچىنىڭ سۆز قىلالماي ئولتۇرغىنىنى يەملىگەن مۇھەممەت ئىمىن خان ئاخىر ئۆزى گەپ ئاچتى:

— بۇ ياققا كېلىشىڭدىكى مەقسەت ـ مۇددىئايىڭنى دەپ باقىن، غالداننىڭ ساڭا تاپىلىغان سۆزى بولسىمۇ يەتكۈزگىن، — دېدى ئۇ.

— ئەي شەۋكەتلىك خان ئالىيلىرى، — دېدى جوڭغار

---

① فارامىن — موڭغۇلچە «بىتىم، كېلىشىم» دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ.

wwww.bilnur.com

ئەلچىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قوللۇق بىلدۈرۈپ، — بۇنى ئېيتماسلىقتا چارەم يوق. ئىلگىرى بىزنىڭ ساغان زالىنىڭ بىلەن پۈتتۈشكەن فارامىنىمىز بويىچە، سىلەر خوتۈنىستان ئەھلى بىزگە ھەر يىلى ئالتە تۈمەن سەر سەئىدىيە ئاق تەڭگىسى، ئالتە تۈمەن دانە بۆز - ماتا، ئالتە تۈمەن پارچە تۈلكە - سۆلەيسۈن تېرىسى، ئاتمىش تال تۈفەڭ . . . ئۆلپان تۆلەيتىڭلار. ئىككى يىل ئۆتۈپتۇ. جانابى ئالىي سەن بۇ مەملىكەتتە خاقان بولۇپ سائادەت تېپىپسەن! بىراق، بۇ ئىككى يىللىق ئۆلپان - خىراجەت، غالچا يىگىت، غالچا چوكان ۋە ئالباتلار غالدان بوشوكتو خان ئالىيلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا تېخى ئەۋەتىلمىگەن ئوخشايدۇ. مېنىڭ خوتۈنىستانغا كېلىشىمدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ ئىدى. ئەگەردە سەن ئۇنى بېرىشنى لايىق كۆرسەڭ، مەن بۇ ئۆلپان - خىراجەت، غالچا چوكان، غالچا يىگىت ۋە ئالباتلارنى ساڭا ۋاكالىتەن مۇزداۋان يولى ئارقىلىق ئېرەن — قابۇرغىغا — غالدان بوشوكتو خان ئالىيلىرىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغايمەن. ناۋادا، مۇۋاپىق كۆرمىسەڭ، بۇنىڭمۇ جاۋابىنى بەرسەڭ، ئۇنىمۇ غالدان بوشوكتو خان ئالىيلىرىغا ئېلىپ بارماقچىمەن.

مۇھەممەت ئىمىن خان جۇڭغارلار ئەلچىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئېغىزلىرى غەزەپ زەھىرى بىلەن ئاچچىقتا تولدى. يۈزلىرى ئۆتتەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ خۇددى قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك بولۇپ بىر ئەندىكتىيۇ ئەمما غەزەپ ئوتلىرىغا ئەقىل - پاراسەت سۇلىرىنى سېپىپ ئۆچۈردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— قالماق خانى غالدانغا مېنى شۇنداق دېدى، دە: ئۇنىڭ دۆلەت سەلتەنەتى ھەرگىز مەڭگۈ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەربىر يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ مۇناپىقلارنىڭ كۆڭلىدەك قارا، بېخىللارنىڭ گۆرىدەك چوڭقۇر، تويماس نەپسى ئاخىر گۆرىدە توپا بىلەن تولىدۇ. شۇڭا، ئەمدى بىزدىن ئۆلپان،

wwww.bilnur.com

خىراجەت ئالىمەن، دەپ تولا تەمە قىلىپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن! چۈنكى، بىزدىكى «سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالتۇن تۇغىدىغان توخۇلىرى ئاللىقاچان قانات چىقىرىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتىپ قالدى.» مۇلكىي قەشقەرىيە ئۇنىڭ تەسەررۇپىدىكى زېمىن ئەمەس! ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇ مېنىمۇ غالچا، دەپ قاراپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئۇقۇپ قويسۇنكى، مەن غالچا ئەمەس! ئۇ خىيالىدا «ئالدى بىلەن تەخت ـ مەملىكىتىنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن تاج بېرىش بەدىلىگە ئولپان ـ خىراجەت ئالىمەن» دەپ چۈچۈرىنى خام ساناپتۇ. خاتىرجەم بولسۇن، بۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك! تاجۇ ـ تەختكە ئىگە سەلتەنەت ساھىبى بولغان مېنىڭدەك بىر ئادەمدىن باج ـ خىراجەت ئالىمەن دېيىش تېخىمۇ ئەقىلغا سىغمايدۇ. بۇنداق قىلىش خۇددى دەريادىكى قورقماس لەھەڭنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۈنچىلەرنى تېرىمەن، دېگەندەك بىر ئىش. بۇنداق ھەۋەسكە بېرىلگۈچىلەر سۇ ئىچىدە ئۆزىنى لەھەڭگە يەم قىلىپ بېرىدۇ، خالاس. غالدان مۇبادا ئاقىل كىشى بولىدىغان بولسا، ئۇنداق خەۋپلىك يەردىن بىرنەرسە تەمە قىلمىسۇن! مېنىڭ ئېلىمدە ھەددى ھېسابسىز لەشكەر ـ چېرىك بار! شۇلار ماڭا غالىبىيەت بەخش ئېتىدۇ، دەپ ئويلاپمۇ يۈرمىگەي، گەرچە ئۇنىڭ لەشكىرى كۆپ، مېنىڭ لەشكىرىم ئاز بولسىمۇ ئەمما ئاللا ئەزەلدىن غەلىبە ـ نۇسرەتنى لەشكىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئەمەس، بەلكى ئادالەتنىڭ قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىگە قاراپ بېرىپ كەلگەن!

— . . .

* * *

جۇڭغار ئەلچىسى ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلمەستىن تېز يۈرۈپ، يىگىرمە كۈن بولدى، دېگەندە ئېرەن

wwww.bilnur.com

قابۇرغىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ دېگەنلىرىنى غالدانغا بىر - بىرلەپ تولۇق يەتكۈزگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مۇھەممەت ئىمىن خان خوتۇنىستاندىن چىققان باشقا خوجىلارغا پەقەت ئوخشىمايدىكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتتە تەڭداشسىز بىر ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ شان - شەۋكىتىنى ۋە ئېسىل خۇي - سۈپەتلىرىنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھوشيار ۋە زېرەكلىكى ئۇنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىدىنمۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلاپ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ!

ئەلچىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، جۇڭغار خانى غالداننىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنجاپ، ئالەمگە ئوت چۈشتى:

— بىچكە دوغار① ! — دېدى ئۇ چالۋاقاپ، — مۇھەممەت ئىمىن خان دېگەن نېمە ئۇ؟ خاندانىمنىڭ ئۇششاق چاكارلىرىدىن بىرىغۇ؟! ئۇنىڭ ئەجدادى بولغان دوغلاتلار مېنىڭ خاندانىمغا مىراخور بولمىغانمىدى؟! ئەمدى ئۇنىڭ پەيمانى تولۇپتۇ. ئۇنى يوقىتىشنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىش كېرەك! بىز غالدانغا بويسۇنمىغان ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويمىقىمىز لازىم! ئۇنىڭ ئەدىپىنى شۇنداق بېرەيكى، بۇ ئىش جاھاندىكى بارلىق تېگى پەسلەر ئۈچۈن مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر يادىكار، بەلكى ئاچچىق بىر ساۋاق بولۇپ قالسۇن!

غالدان ئۆزىنىڭ زەڭگى قۇنتاجى دېگەن نويونىغا دەرھال مۇلكىي قەشقەرىيە ئېلىگە لەشكەر تارتىشنى بۇيرۇدى ۋە بۇ قوشۇنغا ئوغلى سەپتاڭ بالجۇرنى نازىر قىلىپ تەيىنلىدى...

---

① بىچكە دوغار! — موڭغۇلچە سۆز. مەنىسى: »بەس، ئەمدى كاپشىما!«

wwww.bilnur.com

*　　　*　　　*

مۇھەممەت ئىمىن خان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى بىلەن زەڭگى قۇنتاجى باشچىلىقىدىكى جۇڭغارىيە قوشۇنلىرى مۇز داۋان باغرىغا جايلاشقان يانتاق قۇدۇق دىگەن چۆلدە ئۇچراشتى.

ئاقسۇ ھۇدۇتلۇقىدىكى يانتاق قۇدۇق دىگەن بۇ ئۆتەڭ تارىختا نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا شاھىت بولغان قەدىمكى مەشھۇر جەڭگاھ ئىدى. بۇ يەر كۇچا بىلەن ئاقسۇنىڭ ئارىلىقىدىكى چۆلگە جايلاشقان مۇھىم يول ئېغىزى ھېسابلىناتتى. مۇزداۋاندىن چۈشۈپ، بۇ يەر ئارقىلىق شەرققە قاراپ ماڭغاندا، باي، كۇچا، چالىشلارغا بارغىلى بولاتتى؛ جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا ئاقسۇ، مارالبېشى، يەكەن ۋە قەشقەرلەرگە بارغىلى بولاتتى.

ياز چىللىسى ئىلكىدىكى بۇ چۆل كۈندۈزلىرى تونۇردەك ئىسسىپ كەتسە، كېچىلىرى سالقىن تاغ شامىلىدا تېز سوۋۇپ كېتەتتى.

ئىككى تەرەپ يانتاق قۇدۇق ئەتراپىدىكى بىر كۈنلۈك مۇساپىنى جەڭ مەيدانى قىلىپ قالدۇرۇشقانىدى. بۇ يەرنىڭ شىمالىدا چۆلتاغ دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز بىر تاغ بار ئىدى. كۈنپېتىش تەرىپىدە تۇزتاغ دەپ ئاتىلىدىغان بىر پارچە تاغ بار ئىدى. تۇزتاغنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى دەشت بار ئىدى. تۇز تاغنىڭ شەرقىدىكى چۆلگە جۇڭغارىيە لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقانىدى. تۇز تاغنىڭ غەربىدىكى چۆلگە مۇھەممەت ئىمىن خان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى ئورۇنلاشقانىدى. بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىدىن تاڭ شامىلىمۇ ئۆتەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ جېسەكچىلىرى كېچە - كۈندۈز ئارام تاپماي قارشى تەرەپنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار شۇقەدەر ھوشيار ئىدىكى، ئارىدىن بىرەر چۈمۈلە تەۋرىسىمۇ،

wwww.bilnur.com

ئۇنىڭ كۆزىنى ئوق بىلەن تىكىپ تاشلىشاتتى.

مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ لەشكەرلىرى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مۇداپىئە خەندەكلىرىنى شەھىرى كىتىكىنىڭ مۇداپىئە خەندەكلىرىدەك، بەلكى ئىسكەندەر سېپىلىدەك پۇختا ۋە مۇكەممەل قىلىپ قۇرۇپ چىققانىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆڭلى توق ئىدى.

مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ لەشكەرلىرىگە مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ ئەمىرۇل ئۆمەرا ئىدى. بۈگۈن مۇھەممەت ئىمىن خان مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ ۋە باشقا ئەمىرۇل ئۆمەرالارنى باشلاپ، يۈزدەك شەمشەرۋازنىڭ ھەمراھلىقىدا جوڭغارىيە لەشكەرلىرىنىڭ سېپىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن تۇزتاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. كۆردىكى، جوڭغار لەشكەرلىرى يەر يۈزىنى قارا چېكەتكىدەك قاپلاپ، پۈتۈن دەشت - چۆلنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تەۋرىتىۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئاياغلىرىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار پۈتكۈل ئالەمنى قاپلاپ، ئاسمان يۈزىنى كۆرگۈسىز قىلىپ تاشلىغانىدى. بۇ ھەددى ھېسابسىز قوشۇننى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچاتتى. ئەمما، مۇھەممەت ئىمىن خان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى — دە، ئۆزىنىڭ ئوردۇسىغا[1] قاراپ ماڭدى.

قۇياش غەربتە ئولتۇردى. تۈن قاغىسى ئۆزىنىڭ قازىنىڭ كۈيىسىدەك قارا قاناتلىرىنى زېمىن ئۈستىگە يايدى. مۇھەممەت ئىمىن خان جوڭغارلارنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ شەبخۇن ئۇرۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بەزى زۆرۈر بولغان ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. قونالغۇدا چىرىنىغار، بىرىنغار، غول قىسىم ۋە يەزەك قىسىملارنىڭ ھەرقايسىسىنى ئۆز ئورنى بويىچە جاي - جايىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئىجراسى

① ئوردىز — قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا ھەربىي قىسىملارنىڭ قوماندانلىق شتابى جايلاشقان جاي.

wwww.bilnur.com

قاتتىق بۆيرۇقى بويىچە ھەربىر قىسىم ئۆزىنىڭ چۇشكەن يېرىدىن قوراللىنىپ ئوردۇنىڭ ئەتراپىغا چېدىرلاردىن بىر ئوق يېتىم يىراقلىقتا پىيادە چارلاشقا چىقىپ، كېچىچە نۆۋەت بىلەن ئۇخلىماي كۆزەتچىلىك قىلىشتى. ئۆز نۆۋىتىگە چىقمىغانلارنىڭ بۇرنى تېشىلىپ چۆلۈك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن لەشكەر ئىچىدە سازايى قىلىنىپ ئايلاندۇرۇلدى. . .

ئەتراپ تىنچىغان مەزگىلدە، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ بارگاھى ئىچىدىن ئاتلىرىنىڭ ئېغىزلىرىغا ياغاچ چىشلەتكۈزۈلگەن ۋە تۇياقلىرىغا خالتا كىگىز① كىيدۈرۈلگەن بىر بۆلەك ئاتلىق لەشكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمىر لەشكىرىنىڭ كەينىدىن چۆل تاغ يولى ئارقىلىق باي تەرەپتىكى جوغا داۋانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىنتىزامى شۇ قەدەر چىڭ ئىدىكى، شۇنچە كۆپ لەشكەردىن «تىرىق» قىلغان ئاۋازنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

غالداننىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بۇخارا خانى سۇبھان قۇلىمۇ② دەرھال تۆت مىڭ لەشكەرنى مۇھەممەت ئىمىن خانغا ياردەمگە ئەۋەتكەنىدى. مۇھەممەت ئىمىن خان جوڭغارلارغا تۇيۇقسىز زەربە بېرىش ئۈچۈن بۇ ئۆزبېك ئاتلىق قوشۇنلىرىنى مۇزداۋان يولىدىكى قورغان دېگەن يەرگە بۆكتۈرمە قويۇشقا كېچىلەپ يولغا سالدى.

---

① كېچىلىك ئۇرۇشتا تىۋىش چىقارماسلىق ئۈچۈن ئاتلارنىڭ پۇتىغا كىيگۈزۈلىدىغان كىگىز پايپاقنىڭ نامى.

② سۇبھان قۇلى — پەرغانىدىكى ئۆزبېك ئەشتەرخانىلار سۇلالىسىنىڭ خانى. ئۇ 1680-1702- يىللىرى تەختتە ئىدى.

wwww.bilnur.com

*　　　　*　　　　*

جۇڭغارىيە سەركەردىسى زەڭگى قۇنتاجى نويۇن قىرىق مىڭ جۇڭغار لەشكىرىنى مۇزداۋان ئارقىلىق باشلاپ كېلىپ يانتاق قۇدۇق چۆلىدە تۈزلەڭلىكتىلا بارگاھ تىكتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇھەممەت ئىمىن خاننى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا پەلەكتەك بارگاھلارنى تىكىپ، تەخت كۇرسىدا ئولتۇرۇپ، مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلار ھەققىدە سەركەردە ـ سەردارلىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. ئۇنىڭ سەردارلىرىدىن بەزىلىرى:

— ئەگەر نويۇنىمىزدىن ئىجازەت بولسا، بىز قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىنلا مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە خوتۇنلارغا ھۇجۇم قىلىمىز، — دېسە، يەنە بەزىلىرى:

— خوتۇنلار بىزنى كۆرسىلا بەدەر قوپۇپ تىكىۋېتىشىدۇ. شۇڭا، ئايالLARنىڭ كۆڭنەك ـ تامباللىرىدىن كۆپرەك تەييارلاپ قويساق بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇلار قورقۇپ قاچقاندا، ئىشتىنىغا چىقىرىۋەتسە، لازىم بولۇپ قالىدۇ! — دەپ كۈلۈشەتتى، يەنە بەزىلىرى بولسا:

— مۇھەممەت ئىمىن خان ئەتە ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا تۆۋا قىلىپ، چوقۇم كەچۈرۈم سوراپ كەلمەيدىغان بولسا سەن چىچ، مەن يەي! — دېيىشەتتى.

جۇڭغارلار ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل پىكىرلەردە بولۇشسىمۇ لېكىن ئۇلار سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققان مۇھەممەت ئىمىن خانغا نىسبەتەن بىردەك پىكىرگە ئىگە ئىدى. بۇ قوماندانلار: خالخە موڭغۇللىرىنى، خوشۇت موڭغۇللىرىنى ۋە ئىسمايىل خاننى يەڭگەن مۇنداق قۇدرەتلىك قوشۇنغا شىكەستە يېتىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ ئويلىشاتتى (گەرچە، ئۇلار تېخى يېقىندىلا قازاقلاردىن يېڭىلىپ قالغان بولسىمۇ ئەمما

wwww.bilnur.com

بۇنداق شەرمەندىچىلىكنى تىلغا ئېلىشنى زادى خالىمايتتى) .
ئۇلار مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ قوشۇننى بىر زەربە بىلەن مەغلۇپ قىلىپ قاچۇرالايمىز، دەپ جەزمەن ئىشەنچ بىلەن خىيال قىلىشاتتى. ئەتە بولىدىغان ئۇرۇش ھەققىدە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىدە سان بولغاچقا، سەركەردە - قوماندانلار جەڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان، ھەممىسى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىگە ئىنئام ۋە تارتۇق بېرىش ھەققىدە ۋەدىلەرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە مەشغۇل ئىدى. قايسى يىلى، سەئىدىيە خانى ئىسمايىل خاننى يېڭىۋالغاندا، خوتۇنىستاندىن جۇڭغارىيىگە خوتۇنلارنىڭ چىرايلىق قىز - چوكانلىرىنى ۋە دۇنيا - دەپىنىلىرىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كەتكەنلىكلىرى جۇڭغار لەشكەرلىرىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ «خوتۇنىستاننىڭ پاختىدەك يۇمشاق، سەدەپتەك ئاق بەدەنلىك قىز - چوكانلىرىغا ئىگە بولۇپ، كۆڭلىمىزنى خوش ئېتىمىز!» دەپ، خام تامالارنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغزىدا چايناپ لەززەتلىنىپ، خوش بولۇشۇپ تۇرۇشاتتى.

ئىشقىلىپ، ھەممەيلەن مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ قوشۇننىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى. ھەممەيلەن قالماقچە دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرىنى كىيىشىپ، تاڭ ئېتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى. بۇ كېچە ئۇلارغا شۇنچە ئۇزۇن بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاخىر زارىقىپ كۈتكەن تاڭ ئاتتى. سۈبھى ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. سەھەر ۋاقتىنىڭ ئالتۇن تۇغى ئاشكارا بولدى. قۇم بارخانلىرىنىڭ چوققىلىرى ئەتىگەنلىك شامالدا كۆتۈرۈلگەن قۇم ئۇچقۇنلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بىردەمدىلا كۆزگە كۆرۈنمەي قالدى. ئەتىگەنلىك كۈن قاراڭغۇلىشىپ، ناھايىتى يوغان قۇياش

wwww.bilnur.com

خۇددى مىستىن ياسالغان كىچىككىنە تاۋاقتەكلا بولۇپ قالغانىدى. بۇنداق بوراننى كۆپ قېتىم كۆرگەن بۇ كىشىلەر چۆل بورىنىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى. شۇڭا، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ لەشكەرلىرى باشلىرىنى ئوراپ جىم تۇرۇۋالدى. بوران چەتلەپ ئۆتۈپ كەتتى. چۆلدە يەنىلا يازنىڭ دەھشەتلىك ئىسسىقى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

ئىسسىق بوران ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن دەشتنىڭ يۈزى ئېچىلدى. پۈتۈن دەشت لەشكەر دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىككى چاقىرىم كەلگۈدەك ئارىلىق قالدۇرۇلغانىدى.

تەقدىر شامىلى بۇ ئىككى لەشكەر دەرياسىنى ئۆركەشلەتمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى پۈتۈن چۆلنى چاڭ كەلتۈرەتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئارىسىدا پۈتۈن جەڭگاھ لەرزىگە كېلىپ كەتكەنىدى. خۇددى «زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە»[①] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىدەك ھالەت شەكىللەنگەنىدى.

ئىككى تەرەپنىڭ باشتىن - ئاياغ قۇياق - ساۋۇت كىيىشكەن شەمشەرۋازلىرى ۋە نەيزىۋازلىرى كېجىم بىلەن چۈمكەلگەن جەڭ ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۇرۇش سېپى تۈزۈپ قاتار تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قورال - ياراقلىرى ۋە ئۇستىدىكى دۇبۇلغا- ساۋۇتلىرى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ، ۋال - ۋۇل قىلاتتى. ئۇلار جەڭ رەسمىيەتلىرىنى تۈزۈشۈپ، قارىمۇ قارشى تەرەپكە سالماق قەدەملەر بىلەن ئىلگىرىلەشتى. ئىككى تەرەپنىڭ سېپى ئىچىدە چېلىنىۋاتقان دەھۇل - دۇمباقلارنىڭ ساداسى گوياكى يۈزلىگەن ھىنگان تۆگىلەرنىڭ مەست بولۇشۇپ نەرە تارتىشقان چېغىدىكىدەك ھالەتنى ئەسلىتەتتى. بۇرغا - كانايلار

① «قۇرئان كەرىم»، سۈرە زەلزەلە، 606 - بەت.

wwww.bilnur.com

خۇددى ھەرىكەت بىلەن بويىنىنى ئىككى يەردىن ئېگىپ، دەم تارتىش ئۈچۈن ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، دۈشمەنلىرىنى يۇتماقچى بولغان ئەجدىھاغا ئوخشايتتى. كاناي ـ سۇنايلاردىن زارلىنىپ چىقىۋاتقان ئاۋازلار خۇددى ئىسراپىل پەرىشتە قىيامەتتىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك ياڭرايتتى. توغ ـ ئەلەملەر چۆل شامىلىدا خۇددى پەلەك قىسمىتىدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك لەپىلدەيتتى. لەشكەرلەرنىڭ ئاياغلىرىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان چاڭ ـ توزانلار ھاۋانى قاپلاپ، نە تاغ، نە چۆلنى پەرق ئېتىش قىيىن ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىلگىرىلەپ ئۈچ ئوق يېتىم يەرگە كەلگەندە توختاشتى.

چۆل شامىلى ئارىدىكى چاڭ ـ توزانلارنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. خالايىقنىڭ كۆزلىرىگە جاھان روشەنلەشتى. شۇ چاغدا، جۇڭغارلار سېپىدىن بىر قەھرلىك پالۋان ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ تۇتۇندەك قاشاڭ، ئوتتەك باشتوك ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىدىن تارتىپ پۈتۈن بەدىنى ۋە ئاستىدىكى ئېتىنىڭ ھەممە يېرى كۆك تۆمۈر قۇياق بىلەن قاپلانغان، گوياكى تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولغانىدى. ئۇ يېنىغا خىتاي قىلىچىنى ئېسىپ، قولىدا بۆرە چىشلىق ئۇمۇتىنى پىرقىرىتىپ مەيدانغا شۇ قەدەر ھەيۋەت ـ ھەشەمەت بىلەن كىرىپ كەلدىكى، ئەيىۇھەنناس! ئۇنى كۆرگەن پالۋانلارنىڭ ھەممىسى: «بۇ قۇترىغان قاۋان ئىكەن!» دەپ قېلىشتى. بۇ جۇڭغارلارنىڭ دالجە ئاتلىق پالۋىنى ئىدى.

دەل شۇ پەيتتە مۇھەممەت ئىمىن خان سېپىدىنمۇ چاقماقتەك ھەرىكەت بىلەن جەڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ بىرسى جەۋلانبازلىق قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. ئۇ زىرىھ قۇياق، بېشىغا زىرىھ باشناقلىق ئالتۇن دۇبۇلغا، قۇياق ئۈستىگە نەپىس قەشقەر ماتاسىدىن يېشىل كىيىم كىيگەن بولۇپ، كىيمى سۇ ئۈستىدىكى

wwww.bilnur.com

يېشىل ئوتتەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئوڭ قولىدا ئالماس نەيزە، سول قولىدا ياقۇت قالقان تۇتقان، بېلىگە كەمەنباغ قىستۇرۇلغان، دۇبۇلغىسى ئۈستىگە ھىلال ئايلىق كۈمۈش ئوتىغات قوندۇرۇلغانىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق سۆلەت - سالاپەت بىلەن مەيدانغا ئېتىلىپ كىردى. بۇ پالۋان مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ قوشۇنىدىكى سەئىد ئەھمەد پالۋان ئىدى.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى ئات سېلىشىپ روبىرو كېلىشكەندىن كېيىن بىر - بىرىگە شۇنداق چىرماشتىكى، ماھارەت ۋە شىجائەتتە بىر - بىرىدىن ئېشىپ چۈشۈشتى. ئۇلار ئۈچ يۈز ئاتمىش داپقۇر ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر - بىرىنىڭ ساۋۇتلىرىغا نەيزە ئۇچىنى زادىلا تەگكۈزەلمىدى. ئاخىر سەئىد ئەھمەت پالۋان يېڭىلگەندەك بولۇپ، نەيزىسىنى سۆرىگىنىچە قېچىۋىدى، ھېلىقى جۇڭغار پالۋىنى بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن قوغلاپ كېلىۋەردى. سەئىد ئەھمەت پالۋان بېلىدىكى كەمەنباغنى يېشىپ قولىغا ئالدى — دە، كەينىگە قايرىلىپ تۇرۇپ چۆرۈپ بىر ئېتىۋىدى، كەمەنباغ يىلاندەك تولغىنىپ ئۇچۇپ بېرىپ جۇڭغار پالۋىنى دالجەنىڭ بوينىغا سىرتماق بولۇپ كېيىلىپ قالدى. سەئىد ئەھمەت پالۋان چاققانلىق بىلەن كەمەنباغنىڭ ئۇچىنى بىر سىلكىپلا ھېلىقى جۇڭغار پالۋىنىنى ھايالسىزلا ئاتتىن يىقىتتى ۋە نەيزىسىنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا گاچچىدە سانجىدى. قاپقارا قان دالجەنىڭ بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ يەردە خىرقىراپ بىر - ئىككى پۇت ئېتىپلا، سونايلانغىنىچە يېتىپ قالدى. سەئىد ئەھمەت پالۋاننىڭ بۇ ماھارىتىگە پىرقىراۋاتقان بۇ قېرى پەلەكمۇ ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدى.

سەئىد ئەھمەت پالۋان مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى — دە، يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن يەنە جەڭگاھقا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ۋە دۈشمەن

wwww.bilnur.com

تەرەپتىن ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇشقا پالۋان تەلەپ قىلىپ ھەملە قىلدى. شۇ ئەسنادا، جۇڭغارلار سېپىدىن قولىدا نەيزە تۇتقان بىر پالۋان ئۇنىڭغا قارشى ئات سېلىپ چىقتى. ئۇمۇ باشتىن - بويى تۆمۈر دۇبۇلغا، تۆمۈر ساۋۇت بىلەن پۈركەلگەن بولۇپ، ئۇرۇشتا يۈز دۈشمەنگە بىر ئۆزى تەنها تاقابىل كېلەلەيدىغان باھادىر ئىدى. ئۇ جۇڭغار خانى غالدانىنىڭ ئوغلى سەپتىڭ بالجۇر ئىدى.

ئۇ ئات چاپتۇرغىنىچە كېلىپ سەئىد ئەھمەت پالۋاننىڭ ئالدىنى توستى. سەئىد ئەھمەت پالۋانمۇ ئۇنىڭغا نەيزىسىنى تەڭلىگىنىچە نەرە تارتىپ كەلدى. بۇ چىڭقى چۈش بولۇپ قالغان مەھەل ئىدى. جەڭ يەنە قىزىپ كەتتى. نەيزىلەر بىر - بىرىگە ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. سەئىد ئەھمەت پالۋان يەنە نەيزىسىنى سۆرەپ قېچىش ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكچى بولۇپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرۇشىغا، سەپتىڭ بالجۇر يېنىدىن زەنجىر خىشىنى چىقىرىپ بىر ئېتىپلا سەئىد ئەھمەت پالۋاننى سوقۇۋەتتى. ئۇ پولات خىشنىڭ زەربىسىدىن ئاتتىن ئۇچۇپ چۈشۈشكە تاسلا قالدى - يۇ ئەمما ئۆزىنى دەرھال تۈزىۋالدى ۋە يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالغان پېتى سەپتىڭ بالجۇرنىڭ بېشىغا شىددەت بىلەن چاپتى. قىلىچ سەپتىڭ بالجۇرنىڭ پولات دۇبۇلغىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ بېشىغا خېلى پاتتى. سەپتىڭ بالجۇرمۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر يارىلانغىنىغا قارىماي، قىلىچى بىلەن سەئىد ئەھمەت پالۋاننى قايتۇرۇپ بىر چېپىپلا ئۇنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ پارچىسى بىلەن قوشۇپلا ئۇنىڭ بېشىدىن ئالقاندەك بىر پارچە سۆڭەكنى كېسىپ چۈشۈردى. سەئىد ئەھمەت پالۋان ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، ئۇ ئۆلگەنىدى. مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ سېپىدە پاتىپاراقچىلىق كۆتۈرۈلدى. جۇڭغارلار پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار مۇھەممەت ئىمىن خان قوشۇنلىرىنىڭ سېپىگە بىر ئوق يېتىم قالغىچە چېپىپ

wwww.bilnur.com

كېلىۋىدى، تۇساتتىن جوڭغارلارنىڭ ئارقا سېپىدىن قاپقارا قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى. ئۆزلىرىنىڭ ئارقا سېپىنىڭ باسۇرۇققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرگەن جوڭغارلارنىڭ پۈتۈن سېپى قالايمىقانلىشىپ بۇزۇلدى — دە، ئاتلىرىنىڭ باشلىرىنى ئارقىغا بۇرىشىپ چېكىنىشكە باشلىدى.

ئەسلىدە، بۇنىڭدىن بىر كۈن ئىلگىرى كېچىدە مۇھەممەت ئىمىن خان ئەمرۇل ئۇمەرا مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ باشچىلىقىدىكى بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى چۆل تاغ يولى ئارقىلىق جوڭغارلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى جوغا بۇلاق دېگەن يەرگە ئەۋەتكەنىدى ھەمدە بۈگۈن دەل چىڭقى چۈش مەھەلدە دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە باسۇرۇش پۈتۈشۈپ قويۇلغانىدى. بۈگۈن سەئىد ئەھمەت پالۋان قىلىچ زەربىسىدە ئاتتىن يىقىلغاندا دەل چىڭقى چۈش بولغانىدى. ئۇلار جوڭغارلارنىڭ ئارقا سېپى بوش قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاغدىن بىراقلا يوپۇرۇلۇپ چۈشۈپ، زەڭگى قۇنتاجىنىڭ ئوردۇگاھىنى يۇلۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بارگاھىدىكى ئوت - چۆپ، ئوزۇق - تۈلۈك، ئوق - دورا ھەربىي لازىمەتلىكلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، تىرىپىرەن قىلىپ تاشلىدى.

جوڭغار قوشۇنلىرىنىڭ ئارقا سېپى باسۇرۇققا ئۇچرىغاندىن كېيىن جوڭغارلار قالايمىقانلىشىپ پىتىراپ قاچقىلى تۇرغاندا، مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا پۈتۈن سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئارقا ۋە ئالدى ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ئىسكەنجىگە ئېلىنغان جوڭغارلارنىڭ ئەمدى تۈنۈگۈنكى ھەيۋە - سۈرى، دەبدەبە - ئەسئەسەلىرى ۋە كۆرەڭ ئەلپازى قالمىغانىدى. ئۇلار سەئىدىيە قوشۇنلىرىدىن ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىدىن تەڭلا زەربە يەپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي، مۇزداۋان تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى. ئەمما، مۇزداۋان يولىدىكى قورغان دېگەن يەردە ئۇلارنى ئەجەل مۇئەككەللىرى

wwww.bilnur.com

ساقلاپ تۇرغانلىقى جۇڭغارلارنىڭ ئېسىگە كەلمىدى!...

زەڭگى قۇنتاجى بىلەن سەيپىڭ بالجۇر باشچىلىقىدا مۇزداۋان يولى ئارقىلىق ئىرەن قابۇرغىغا قېچىپ كېلەلىگەن ئاز سانلىق جۇڭغارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى يوقىتىلدى[1].

مۇھەممەت ئىمىن خان يانتاق قۇدۇق جېڭىنىڭ زور غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بۇ جەڭدە شېھىت بولغانلارنى كاتتا دەپنە قىلدۇردى. يارىدار بولغانلارنى داۋالاتقۇزۇپ يارىلىرىنى ساقايتىپ، تەن - سالامەتلىكلىرىنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە شارائىت يارىتىپ بەردى. باھادىرلىق كۆرسەتكەنلەرگە كاتتا ئىنئام - ساۋاقلىرىنى ئەتراپلىق يەكۈنلەپ چىقتى.

— دېمەك، توم ئېشىلگەن كەندىر ئارغامچىمۇ ئىنچىكە چىڭ يىپلاردىن ئېشىلگىنىگە ئوخشاش، — دېگەنىدى ئۇ يانتاق قۇدۇق جېڭىدە تەج - تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش مۇراسىمىدا، — ئەڭ كۈچلۈك دەپ ئاتالغان زور دۈشمەننىڭمۇ نۇرغۇن ئاجىزلىقلىرى بولغان بولىدۇ! مۇبادا، سەن توم ئېشىلگەن كەندىر ئارغامچىنىڭ ئاشۇ سان - ساناقسىز قېتىنى بىردىن، بىردىن ئاجرىتىپ چىقالىساڭ، بۇ ئارغامچىنى ئاسان ئۈزۈۋەتكىلى بولىدۇ. كۈچلۈك دۈشمەننىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى چەكلەپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئاجىزلىقلىرىنى بىر - بىرلەپ تېپىپ چىقىپ زەربە بېرەلىسەڭلا، ئۇنى تارمار كەلتۈرەلىشىڭ تولىمۇ ئوڭايغا توختايدۇ! شۇنچىلىكلا ئىش ئىكەنغۇ! دەپ

---

① بەزى تارىخچىلار: «شۇ قېتىمقى جەڭدە جەمئىي يوقىتىلغان قالماقلارنىڭ سانى ئوتتۇز مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى» دەپ يازغانىدى. بۇ ھەقتە شاھ مەھمۇت جوراس يازغان: «تارىخى رەشىدى — زەيلى» گە قارالسۇن. بۇ كىتاب 1988 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن «سەئىدىيە خاندانلىقى تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنىدى.

wwww.bilnur.com

قالسەن. ئەگەر دۈشمەن بۇ ئاجىزلىقلىرىنى بىرلەشتۈرۈۋالسا، ئۇ يەنە غايەت زور كۈچلۈك دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ! . . .

* * *

قەشقەر شەھىرىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە تەخمىنەن ئالتە چاقىرىم كېلىدىغان ياغدۇ دېگەن يېرىدە[1] ئاپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشان خوجا مازىرىنىڭ مەقبەرىسى بار ئىدى. بۇ گۈلزارلىق ئىچىگە ئېلىنىپ ياسالغان ياسىداق، كاتتا بىر مەقبەرە ئىدى. بۇ مەقبەرىنىڭ تاملىرى قار - يامغۇرنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. تاملىرى راۋاقلىرىدىن باشلاپ ھەممە جايلىرى ئالتۇن رەڭ چاق - چۇق كاھىشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، مەقبەرىنىڭ ئاستىغا ئالتۇن رەڭ چىنە خىشلار بىر - بىرىگە چىپسىلاشتۇرۇلۇپ گۈل چىقىرىپ تىزىلغانىدى. بۇ چاقچۇق خىشلار گۈمبەزنىڭ تېگىدە ئاجايىپ گۈزەل نەقىش سەھىپىسى ۋە ھاشىيەسىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئالتۇن رەڭ خىشلار بىلەن بېزەلگەن بۇ مەقبەرىنىڭ ئىچى ئاق گەج بىلەن سۇۋالغان، ئىشىك - پەنجىرلىرىمۇ ھەلدىن سىر بېرىلىپ بېزەلگەن، مەقبەرىنىڭ بارلىق تام - تورۇسلىرىغا ماھىر رەسسام ۋە ئەپچىل نەققاشلار ئۆزلىرىنىڭ چەكسىز تالانتىنى ئىشقا سېلىپ، سۈرەت ۋە نەقىشلەرنى سىزىشقانىدى.

بۇ مەقبەرىگە تۆت قېرى شەيخ قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئۈچى مەقبەرىنى سېرىپ - سۈپۈرىدىغان جارۇبكەش، يەنە بىرى مەقبەرىنىڭ ئىشىكىنى باقىدىغان دەرۋازىۋەن ئىدى. بۇ تۆت قېرى شەيخ ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ماغدۇرسىزلىق،

---

[1] ھازىر بۇ يەر «نەزەر باغ» دەپ ئاتىلىدۇ.

wwww.bilnur.com

سۈلغۈنلۇق، زەئىپلىك، بىچارىلىكتىن ئىبارەت تۆت بۇرجىنى ھەر بىرى بىردىن ئىگىلىگەندەك قىلاتتى...

* * *

جۇڭغارلار يانتاق قۇدۇق جېڭىدە مۇھەممەت ئىمىن خان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تەلتۆكۈس يېڭىلگەندىن كېيىن مۇلكىي قەشقەرىيىدە مۇھەممەت ئىمىن خان تەرىپىدىن قاتتىق چەكلەنگەن مەزھەپ ئاداۋىتى يېڭىۋاشتىن باش كۆتۈردى. قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر ئۆتكۈر مەزھەپ قىساسچىلىقى بىلەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەردىن دەھشەتلىك تۈردە ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى. ئۇلار ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنى خۇددى تەلۋە ئىتنى ئۇرغاندەك كوچا - كوچىلاردا ئاياق توقماق، تاش بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتى. شۇنداق قىلىپ، بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە يالغۇز قەشقەر شەھىرىدىلا قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى تەلۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەرنىڭ سانى تۆت - بەشيۈزگە يەتتى!

قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى بۇ قۇترىغان تەلۋىلەر قەشقەرلىق باشباشتاق ئادەملەرنى قۇترىتىپ، ياغدۇدىكى مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ مەقبەرىسىگە باشلاپ چىقىشتى — دە، مەقبەرىنى ھېچبىر ئاياپ ئولتۇرۇشماستىنلا چېقىپ تاشلاشتى ۋە ئاپاق خوجا تەرىپىدىن مەقبەرىگە ئورناتقۇزۇلغان زەر نەقىشلىك گۈزەل ئىشىك - راملارغا ۋە تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، جامەگە ئوت قويۇپ، مۇھەممەت يۈسۈپ ئىشاننىڭ مەقبەرىسى بىلەن بىللە كۆيدۈرۈشتى.

بۇ قۇترىغان غالجىرلار ھېلىقى بىچارە تۆت قېرى شەيخنى

wwww.bilnur.com

خالايىق ئارىسىغا سۆرەپ ئاچىقىشتى ۋە ئۇلارنى دەرھال ئىشقىيە سۇلۇكىدىن ئىسھاقىيە سۇلۇكىگە ئۆتۈشنى بۇيرۇشتى. ئەمما، بۇ تۆت بوۋاي بۇنىڭغا زادى كۆنمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر بۇ تۆت قېرى شەيخنى شەربەت كۆلىنىڭ[1] بويىدىكى تۆت تۈپ قېرى ئۈجمىگە ئېسىپ ئۆلتۈرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ئۆزلىرى ئېسىلغان ئاشۇ قېرى ئۈجمىلەر بىلەن بىللە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈشتى.

مۇھەممەت ئىمىن خان بۇ ۋەقەنى دەرھال تەدبىر قوللىنىپ چەكلىمىسە، كېڭىيىپ كېتىشكە كۆزى يەتكەندىن كېيىن دەرھال قەشقەر ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگنى (بۇ چاغدا مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ قەشقەرگە ھاكىم بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى) تۆت يۈز لەشكەر بىلەن ياغدۇغا ئالىمانىنى باستۇرۇشقا ئەۋەتتى.

— ھەي خالايىق، — دەپ نەسھەت قىلدى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ، — مۇنداق باشباشتاقلىقتىن قولۇڭلارنى تارتىڭلار! بۇنداق خاندىن بىسوراق، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلغىلى تۇرساڭلار، خانلىق بىلەن سەلتەنەتنىڭ نېمە ئېتىبارى قالىدۇ؟ يا مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ خوجىلارغا ئوخشاش قاتىل، خۇنرىز دېگەن ئاتاققا قالسۇن دەمسىلەر؟!...

ئەمما بۇ قۇتىرىغان خۇنخورلارغا مىرزا مۇھەممەت شاھبەگنىڭ ياخشى گەپلەر بىلەن قىلغان نەسىھىتى كار قىلغايمۇ؟ ئاخىر ئۇ چېرىكلىرىگە پەرمان قىلىپ نەق مەيداندىلا باشباشتاق ئادەملەردىن ئىككى - ئۈچىنى چېقىر ئۈجمىگە ئاستۇرۇپ، تۆت-بەشىنى چاپتۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن مالىمان ئاران تىنچىدى...

---

① بۇ كۆل ھېلىمۇ «شەربەت كۆل» دېيىلىدۇ.

wwww.bilnur.com

* * *

بىر كۈنى، مۇھەممەت ئىمىن خان ئاقسارايدىكى شاھىنشىندىن چۈشۈپ، خابگاھىغا قايتماقچى بولۇپ تۇراتتى. سەۋدەر باشى قولىدىكى پەتنۇستا يۆگەكلىك بىر مەكتۇپنى كۆتۈرۈپ كىردى — دە: «ئاپاق خوجىدىن خان ئالىيلىرىغا مەكتۇپ كېلىپتۇ» دېگىنىچە ھېلىقى پەتنۇسنى بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈردى.

مۇھەممەت ئىمىن خان پەتنۇستىكى ھېلىقى مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ قارىۋىدى، ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆردى:

«. . . ئى ئۇممەتىم، بۇ ئالەم ھادىسىلىرىدىن ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قۇدرەتلىك ئاللا ئۆز بەندىسىگە نېمىنى ئىرادەت قىلغان بولسا، شۇنى كۆرمەي ئامال يوق. شۇڭا، سەئىدلەرگە ئىتائەت مۇلازىمىتىدە بولماق، پىرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئالماق، نەزەر - ئېتىبارلىرىدىن ئۆتمەك ئاللاھ رازىلىقىدۇر! . . . ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ پېشىمنى تۇتقان ھەممە ئەھلى ئۇممەت بېھىش ساۋابىنى كۆرگەي. ھەر ئىككىلا ئالەملىك دەرد - ئەلەم، زىيان - زەخمەت، پىغان - نادامەت، ھەسرەت - خۇسۇمەتلەردىن پاك، خالىي، بەدگۇمان بولغاي. قادىر ئاللاغا بولغان ئىشىق تەقدىرى مەندەك بىر ناتىۋاننى ۋەيران - سەرسان قىلدى. مۇبادا، ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە مەن بىچارىنىڭ تەقدىرى غېرىبلىق ئىچىدە ۋەيران بولۇش بولىدىغان بولسا، بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بۇنىڭدىنمۇ ئېنىقراق بايان قىلىشقا تىلىم ئاجىزدۇر. بۇ دىشۋارچىلىقنى مەن يالغۇز تارتىشىم كېرەك. مەن ياقا ئەلدە كۆپ رەنجۇ - مۇشەققەتلەرنى تارتتىم. قىلغان گۇناھىم ۋە خىيانىتىم ئۇچۇن بۇنىڭدىن ئون ھەسسە زىيادە جاپا تارتسامۇ

wwwww.bilnur.com

ھەق ئىدى!

بۇ مۇشكۇلچىلىكلەر تۇپەيلىدىن جىنىمدىن جاق تويدۇم. شۇڭا، مەن خاندىن ئۆتۈنىمەنكى، ئۆلۈپ كېتىپ قالسام، ئۆلۈكۈم يات ئەلدە قالمىسا، شۇڭا، مەنمۇ ۋەتەن تامان يول ئالسام دەيمەن. . .

مۇھەممەت ئىمىن خان ئالىيلىرى باشقىلارنىڭ بويىندىن ئارغامچا بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆرگەندە، بۇ يەردە مېنىڭمۇ بويۇنۇمنىڭ قىل ئارغامچىدا باغلانغانلىقىنى بىلەمدىكىن؟ مېنىڭ يات ئەلدىكى باشقىلار ئالدىدا يۈزىنى ئېچىشقا خىجىل بولۇپ ئىككى قولىقىنى يۈزلىرىگە پەردە قىلىپ ياپقان لالما ئىت كەبى ھالىمنى بىلەمدىكىن؟ چاڭقىغان ئادەمنىڭ سۇغا تىلىنىشى سوزغىنىنى كۆرگەندە، مېنىڭدەك بىر ناتىۋاننىڭ كۆز يېشىدىن ھاسىل بولغان سەل سۈيىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەمدىكىن؟ باشقا مەھكۇملارنىڭ بويىنىغا زەنجىر سېلىنغانلىقىنى كۆرگەندە، مېنىڭ بويۇنۇمغىمۇ مەھكۇملۇق زەنجىرىنىڭ سېلىنغىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەمدىكىن؟ ئۆزى ۋەتەنىنىڭ ئاستانىسىگە باش قويۇپ ياتقىنىدا، مېنىڭدەك بىر ناتىۋان بىچارىگىمۇ باش قويغۇدەك بىر ئورۇن چىقىرىپ بېرىشنى خالامدىكىن؟. . .»

* * *

مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپاق خوجىنىڭ ئۆزىگە يازغان مەكتۇپىنى ئوقۇپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قاتتىق يىرگەندى. بىراق، ھەرنە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئاپاق خوجىغا قول بېرىپ، مۇرىت بولغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭغا ئىچىنى ئاغرىتماي تۇرالمىدى. ئاخىر، ئۇ ئاپاق خوجىغا تاپا ـ تەنە، كايىش تەلەپپۇزى بىلەن تولغان بىر پارچە جاۋاب مەكتۇپ يازدى. بۇ مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەندى:

wwww.bilnur.com

«... ئەگەر سىزدە ئەقەللىي ۋەتەن ئىشقى بولىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىڭىزگە قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ، ئۆز خەلقىڭىزنى ئۇلارغا قۇل قىلىپ بەردىڭىز؟ قويۇڭ بۇنداق كاززاپلىق بىلەن تولغان بىھۇدە گېپىڭىزنى! مۇبادا، سىز راستىنلا سەلتەنەتنى تەرك ئېتىپ، تەرىقەتنى پاناھگاھ قىلىمەن دېسىڭىز، قايتىپ كېلىڭ! چۈنكى، سەلتەنەت باشقا ئىش، تەرىقەت باشقا ئىش! پىر دېگەن ئۆز ۋۇجۇد ـ جىسمىنى تەرىقەت يولىدا پىدا قىلىشى كېرەك. ئەگەر پىر سىزدەك بولىدىغان بولسا، ئۇنداق پىرنىڭ بىزگە كېرىكى يوق! ئۇنداق پىرنىڭ تەرىقەت سۇلۇكىدىن چىقىپ، ھىدايەت ۋىسالىدىن مەھرۇم بولۇپ ئۆلگىنى ياخشىراق! ...»

دەۋران ئوچاقلىرىدا كۆپ كۆيۈپ، زامانە قازانلىرىدا كۆپ قاينىغان بۇ ھىيلىگەر ئاپاق خوجا خۇددى كۆپنى كۆرگەن بۇ قاقباش قېرى پەلەكتەكلا نەيرەڭۋاز ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىگە ئالدامچىلىق سىزىقلىرىدىن يۈزلىگەن قورۇقلار چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ تىلىدىن ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ راست سۆز ئۆتۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ھىيلە ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇشقا باشلىسا، ئۇنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ تاشتەك قېتىپ كەتكەن قەلبىمۇ مومدەك ئېرىپ يۇمشار ئىدى؛ ئەگەر ئۇ بىر ئىشنى تەتۈرىگە بۇراشنى خىيال ئەيلىسە، بىر سۆز بىلەن يۈزلىگەن خاندانىنى بۇزار ئىدى؛ ئۇ ھىيلە ـ مىكىرلەرنى پۇختا ئىگىلەپ شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزگەنكى، ھەتتاكى پاشا بىلەن پىلنى بىر ـ بىرىگە جۈپ قىلالايدىغان دەرىجىدە ماھىر ئىدى. ئۇ بۇنداق خۇمسىلىقنى شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن قاملاشتۇرۇپ قىلاتتىكى، بۇ ئىشتا پاشا ئۆزىنى كىچىك دەپ ھېس قىلالماس، پىلمۇ ئۆزىنى چوڭ كۆرمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر تەسۋىيسىنى بىرمۇ بىر سىيرىپ، مەسنىۋى شېرىفتىن مەسىلە ـ مەرۇپ قىلغىلى باشلىسا، خالايىق ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە تېرىقچىلىكمۇ

wwww.bilnur.com

شەك كەلتۈرمەس ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق شېرىن سۇخەنلىرى بىلەن ئۆزىنى ھوشيار سانايدىغان يۈزلىگەن تاجىدارلارنى مات قىلالايتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بىساتىدا مۇنداق ھىيلە - مىكىر مەسنۇئلىرى گوياكى ساماندەك كۆپ ئىدى...

قازارا، ئاپاق خوجا مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ جاۋاب خېتىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ خۇدايى يۇمشاقلىقىغا تەمشەلگەنلىكىگە جەزم قىلدى — دە، ئۇنىڭ ئۆزىگە قول بەرگەنلىك ساددا ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئەيۋاشقا كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى...

* * *

«يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، غالدان قازاق خانى بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قالغاندىن كېيىن يەنە مۇلكىي قەشقەرىيىگە تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كىرىپ، يانتاق قۇدۇق ئۇرۇشىدا مۇھەممەت ئىمىن خان باشچىلىقىدىكى سەئىدىيە قوشۇنلىرىدىن يېڭىلىپ قېلىپ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغىنىدا، ئاپاق خوجا ئۇنىڭغا مۇنداق بىر ئەقىل كۆرسەتتى:

— ئى غالدان بېشەۋكەتى خان ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ، — ئەلھال، مۇلكىي خوتۇنىستان خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئۆز ئىختىيارى بىلەن مۇھەممەت ئىمىن خان ئۈچۈن جان پىدا بولماقتا. مۇبادا، شەھەردە پادىشاھنىڭ پۇقراغا ئىشەنچى ۋە پۇقرانىڭ پادىشاھغا ئىتتىپاقى مۇۋاپىق بولسا، ئۇنداق شەھەرگە بىر يېگانىنىڭ قول سېلىپ، بويسۇندۇرۇپ مەقسىتىگە يەتكەنلىكى ھېچقانداق زاماندا، ھېچقانداق ماكاندا كۆرۈلمىگەن. شۇڭا، بۇزرۇكلار: «مۇۋەپپەقىيەتلىك بار جايدا دۆلەتمۇ بار، دۆلەت بار يەردە ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك

wwww.bilnur.com

تەييار دۇر» دەپ ئېيتىشقان. شۇڭا، مۇلكىي خوتۇنىستاننى ئەمدى نەيزە، قىلىچ، گۇرزە بىلەن بويسۇندۇرۇشىڭىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ھىيلە - تەدبىر بىلەنلا بويسۇندۇرۇش مۇمكىن.

— ساغان زالىڭ، سىنىڭ قانداق ئوبدان تەدبىرىڭ بار؟ — دېدى غالدان ئۇنىڭ سۆزىگە تازا قىزىقماي.

— بىلەمسىز، بىز ئۇيغۇرلاردا: «قۇش يېڭىلىپ تورغا چۈشەر، ئادەم يېڭىلىپ قولغا چۈشەر» دېگەن بىر ماقال بار. سىزنىڭ لەكمىڭ - لەكمىڭ غالىب قوشۇنىڭىز يېڭەلمىگەن مۇھەممەت ئىمىن خاننى مەن مۇشۇ ئۈچ ئىلىك ئۆپرىماس تىلىمنى ئىشقا سېلىپ يېڭىۋېلىشىم مۇمكىن!

— ساغان زالىڭ! — دەپ كۈلدى جۇڭغار خانى غالدان ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي، — سەن ئالجىپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

— ئى بېشەۋكەتى غالدان خان ئالىيلىرى، — دېدى ئاپاق خوجا ئەستايىدىللىق بىلەن، — كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئىنتىقام تەسەۋۋۇرىنىڭ تاتلىقلىقى ھەرقانداق ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ ئاچچىقلىقىنى بېسىپ چۈشىدۇ! شۇڭا، كۆپلىگەن كىشىلەر دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشتىن باش تارتىشمىغان. مەن كىچىكىمدە ئوقۇغان «ئەنۋارى سۇھەيلى»① دېگەن بىر كىتابتا دۈشمەندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن بىر مايمۇننىڭ ھېكايىسى سۆزلەنگەن.

— ئۇ قانداق ھېكايە ئىكەن؟

— بىر ئورمانلىقتا بىر توپ مايمۇنلار ياشايدىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئاپاق خوجا، — بىر كۈنى، بىر ئېيىق

① پارسلارنىڭ مەسەللەر توپلىمى: «كەلىلە ۋە دېمنە».

wwww.bilnur.com

بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ مايمۇنلارنىڭ بىر يەرگە جۇغلىشىپ كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەۋەسى كېلىپ، ئۆزىنىڭ چۆل - جاڭگاللىنى كېزىپ تىنىم تاپمايدىغانلىقىدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە: «بىز ھەمىشە چۆل - باياۋانلاردا، تاغۇ - تاشلىقلار ئارىسىدا گىياھلارنىڭ يىلتىزىنى يەپ ھايات كەچۈرىدىكەنمىز. بۇلار جەننەتتەك ماكاندا خۇشاللىق بىلەن ئەتلەستەك چىرايلىق يېشىل ئوت - چۆپلەر ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېڭى مېۋىلەرنى يەپ، كۈلۈشۈپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتىدىكەن. جاھاندا بۇنداقمۇ تەڭسىزلىك بولامدۇ؟» دەپتۇ — دە، زۇلۇم پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ راھەت بېغىغا كىرىپ مەئىشەت دەرىخىنى كېسىپ، ئۇلارنىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا بەرھەم بەرمەكچى بولۇپتىكەن، مايمۇنلار جەم بولۇپ ھېلىقى ئېيىققا ھۇجۇم قىلىپ، بىردەمدىلا تالاپ، ئۇنى ياردار قىلىپ قويۇپتۇ.

ئېيىق كۆپ زەخمەت چېكىپ، مايمۇنلار ئارىسىدىن ئاران قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇنىڭ تائىپىلىرى ئېيىقنىڭ ھالىنى كۆرۈپ ئەھۋال سوراپتۇ. ھېلىقى ياردار ئېيىق مايمۇنلار بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئەينەن بايان قىلىپ بېرىپتۇ — ۋە:

— بىز مۇشۇنداق چوڭ ۋە كۈچلۈك بولۇپ تۇرۇپ، ئاجىز ۋە كىچىككىنە مايمۇنلاردىن مۇشۇنداق ئىزا - ئاھانەت چەكسەك، بىزگە نى ئات، نى نومۇس ئەمەسمۇ؟ كېلىڭلار، ھەممىمىز بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلايلۇق، ئۇلارنىڭ ھاياتلىرى مامات كېچىسگە ئالماشسۇن! — دەپتۇ.

دەۋەتتىن غەيرەتكە، غەزەپتىن ھەرىكەتكە كەلگەن ئېيىقلار نەررە تارتىشىپ مايمۇنلارنىڭ ئورمانلىقىغا يېتىپ كېلىشىپتۇ. مايمۇنلار دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن بىخەۋەر، ئۆيلىرىدە ئارام ئېلىشىپ يېتىشقان ئىكەن. ئۇلار ئېيىقلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خەۋەر تېپىپ بولغىچە كۆپلىرى ئۆلۈپ، بەزىلىرى يارىلىنىپ

wwww.bilnur.com

قېچىشىپتۇ. ئېيىقلار مايمۇنلارنىڭ ۋەتىنىنى ئۆزىگە ماكان قىلىشىپتۇ.

بۇ مايمۇنلارنىڭ ئارىسىدا مەيمۇن ئىسىملىك زېرەك بىر قېرى مايمۇن بار ئىكەن. ئۇ مايمۇنلار شاھىغا مۇنداق دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ:

— ئى ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ قېرىنداشلىرىم بۇ زالىم ئېيىقلارنىڭ قولىدا نابۇت بولۇشتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئۆمۈر ماڭا قانداقمۇ لەززەت بېرەلىسۇن؟ مەن ئۇلارسىز قانداقمۇ راھەت كۆرەلەيمەن؟ شۇڭا، مەن ھەقىر جېنىمدىن كېچىپ، ئەزىز دوستلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشنى خالايمەن!

— ھەي مەيمۇن، — دەپتۇ مايمۇن شاھ ئۇنىڭغا، — ئىنتىقام ئېلىشنىڭ لەززىتى شېرىن. بىراق، ئۆزى ئۆلۈش ھېسابىغا دۈشمەننى ئۆلتۈرۈشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟

— ئەي شاھىم، بۇ ھالىمدىن ئۆلگىنىم ياخشىراق، — دەپتۇ مەيمۇن، — چۈنكى، كۆزۈمنىڭ نۇرى پەرزەنتلىرىمنىڭ دىدارىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەلھال، بۈگۈن ئۇلار قارا تۇپراق قوينىدا يېتىپتۇ؛ كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى قوۋم - قېرىنداشلىرىمنىڭ سۆھبىتى بىلەن ئىدى. ھالا بۈگۈن ئۇلارنىڭ توپلىشىش خامىنىغا ئوت چۈشۈپتۇ. ئەمدى مەن ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ، قېرى جېنىمنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، دوستلارنىڭ پارە - پارە بولغان يۈرىكىگە راھەت مەلھىمىنى قويۇشنى خالايمەن.

— قانداق قىلماقچى سەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن مايمۇن شاھ.

— بىر تەدبىر ئويلىدىم، — دەپتۇ مەيمۇن، — ئۇلارنى ئازدۇرۇپ باياۋانغا ئېلىپ چىقىپ، ھالاكەتلىك ئىسسىق چۆل شامىلى بىلەن قاق سېلىپ ئۆلتۈرگەيمەن. مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، بۇيرۇق بېرىڭ. مايمۇنلار مېنىڭ چىشلىرىمنى ئۇرۇپ

wwww.bilnur.com

چاقسۇن، پۇت - قوللىرىمنى قايرىپ سۇندۇرۇشسۇن — دە، بىزنىڭ بۇرۇنقى ۋەتىنىمىزنىڭ چېتىگە ئاپىرىپ تاشلىسۇن. بىرىسى ئىككى كۈن، بىرىسى ئۈچ كۈن ئىچىدە سىز ئاۋۋالقى جايىڭىزدا پاراغەت بىلەن ئولتۇرالايسىز. كۆرۈسىزكى، ئۇ چاغدا نە دۈشمەندىن ئەسەر قالسۇن ۋە نە مەندىن خەۋەر بولسۇن! . . .

شۇنداق قىلىپ مايمۇن شاھىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەر مەيمۇننىڭ قولاقلىرىنى كېسىپ، چىشلىرىنى چېقىپ، پۇت - قوللىرىنى سۇندۇرۇپ، ھېلىقى ئورمانلىقنىڭ بىر چېتىگە ئاپىرىپ تاشلاپتۇ.

مەيمۇن تاڭ ئاتقىچە خۇددى تاشلار ئېرىگۈدەك، تاغلار پەرياد قىلغۇدەك دەرىجىدە نالە - زار قىلىپ چىقىپتۇ. ئەتىگەندە ئېيىقلارنىڭ پادىشاھى ئۇنىڭ بۇ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ، رەھمى كېلىپ گەپ سوراپتۇ.

— ئى پادىشاھ، مەن مايمۇنلار مەملىكىتىنىڭ ۋەزىرىمەن. ئۇ كۈنى مەن يوق ئىدىم. تۈنۈگۈن قاچقانلار قېشىمىزغا يېتىپ باردى. ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ جايغا كەلگەنلىكلىرىدىن خەۋەردار بولدۇم — دە، پادىشاھىمغا: «ساۋابلىق ئىش شۇكى، خىزمەتكارلىق كەمىرىنى بېلىمىزگە باغلاپ، بېشىمىزنى قاشلاپ، قالغان ئۆمرىمىزنى ئېيىق پادىشاھى ئالەمنىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزۈپ، ئول ھەزرەتنىڭ دۆلىتىنىڭ سايىسىدە زامانىنىڭ زەخمىتىدىن قۇتۇلمىقىمىز ھەممىدىن ئەۋزەل» دەپ ئەقىل - چارە كۆرسىتىۋىدىم، پادىشاھىم مېنىڭ بۇ گەپلىرىمدىن خاپا بولۇپ، ئەئيانلىرىغا بۇيرۇپ مېنى قاتتىق ئۇردۇرۇپ، مانا مۇشۇ دەرىجىدە خورلاپ، بۇ يەرگە ئەپكىلىپ تاشلىدى ۋە: «قېنى كۆرىمىز، بۇنىڭ ھىمايە قىلغان ئادەملىرى قانداق دادىغا يېتەركىن» دەپ، مېنىڭ قىلغان خىزمەتلىرىمنى ئۇنتۇپ، مۇشۇنچىۋالا ئازابلارنى قىلدى، — دەپ مەيمۇن شۇنداق

wwww.bilnur.com

يىغلاپتۇكى، ئېيىق پادىشاھنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلۈپتۇ.

— ھازىر ئۇ مايمۇنلار نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق پادىشاھ دەرغەزەپ بىلەن.

— بۇ يەرگە يېقىن يەردە بىر باياۋان بار. ئۇلار شۇ باياۋانغا پاناھلىق تىلەپ كېتىشتى. ئۇلار ئەسكەر يىغىپ، قانخور لەشكەرلىرى بىلەن ئەتە سىلىگە ھۇجۇم قىلىشماقچى بولۇپ پۈتۈشتى! — دەپتۇ مەيمۇن.

— دېمەك، سەن ئۇلارنىڭ تۇرغان جايىنى بىلىدىكەنسەن. ئەگەر بىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باشلاپ بارالىساڭ، بىزنىڭ بوينىمىزغا مىننەت قويالىغان بولاتتىڭ! ئۇلار سېنى كۆپ خارلاپتۇ. ئىنتىقامىڭنى ئېلىۋالغان بولاتتىڭ، — دەپتۇ ئېيىق پادىشاھ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

— ئەگەر مېنىڭ پۇتۇم ساق بولسا ئىدى، — دەپتۇ مەيمۇن، — سىزنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە باشلاپ باراتتىم — دە، ھەقىقەتنى تونۇمايدىغان بۇ نائىنساپلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويار ئىدىڭىز!

— ئۇنىڭ چارىسىنى مەن قىلىمەن، — دەپتۇ ئېيىق پادىشاھ ۋە دەرھال لەشكەرلىرىنى يىغىپتۇ — دە، مەيمۇننى بىر ئېيىقنىڭ بوينىغا مىنگۈزۈپ، كېچىلەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

بۇ شۇنداق ئىسسىق ۋە سۇسىز بىر چۆل ئىكەنكى، باھار بولۇپتى بۇ چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ قالىدىكەن. بۇ چۆلنىڭ پايانى بولمىغاچقا، بۇ چۆلگە كىرىپ قالغان ھەرقانداق بىر كىشى قايتىپ چىقالمايدىكەن. بۇ چۆلدە سەمۇم دېيىلىدىغان بىر ئىسسىق چۆل شامىلى بار ئىكەنكى، ھەرقانداق نەرسىگە تەگسە، سۇدەك ئېرىتىۋېتىدىكەن. ئۇ شامال قۇم - تۇپراقنى تونۇردەك قىزىتىۋېتىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، ھېچقانداق جانىۋار ئۇ يەردە جان ساقلىيالمايدىكەن. ھەرقانداق گىياھ باش چىقارغۇچىلا

wwww.bilnur.com

...لتىزىدىن كۆيۈپ كېتىدىكەن.

— چاپسانراق يۈرۈڭلار، — دەپتۇ مەيمۇن ئېيىقلارنى ئالدىرىتىپ، — تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى يېتىپ بېرىپ، ئۇ بەتبەختلەرنىڭ تەختى - سەلتەنىتىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆمۈر ئەخلەتلىرىنى بوراندەك سۈپۈرۈپ تاشلايلۇق. كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇ بۇزۇقلارنى تىرىكلىك دەشتىدىن قوغلاپ چىقىرايلۇق!

ئېيىقلار تېز يۈرۈپ، ئۆز پۇتلىرى بىلەن ئەجەل مەيدانىغا كىرىپتۇ. ئاپتاپ چىققان بولسىمۇ، مايمۇنلاردىن ئەسەر يوق ئىمىش. مەيمۇن چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئالدىرىتىپ، ئۇلارنى باشلاپ كېتىۋېرىپتۇ. كۈن ئاسمان ئۇچىغا ئۆرلەپ چىقىپتۇ. ئاپتاپ چۆل قويىنىنى شۇنداق قىزىتىۋېتىپتۇكى، كىمكى هاۋاغا قارىسا، پەرۋانىدەك كۆيىدىكەن. يەرگە ئاياغ قويسا، مومدەك ئېرىيدىكەن. ئاپتاپنىڭ قىزىقلىق دەستىدىن ئېيىقلارنىڭ مىڭىسىدىن تۈتۈن چىققىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چۆلنىڭ هاۋاسى بەئەينى تۈتۈنسىز ئوتقا ئوخشايدىكەن.

— قانداق چۆل بۇ؟ هەيۋىسىدىن يۈرەكلىرىمىز كاۋاپ بولۇپ، جىگەرلىرىمىز كۆيۈپ كەتتىغۇ؟ ئوت يالقۇنىدەك تېز - تېز بىزگە قاراپ كېلىۋاتقان نېمە ئۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئېيىق پادىشاھ مەيمۇندىن.

— هەي زالىملار! — دەپتۇ مەيمۇن، — بۇ ئەجەل باياۋانى، سەنلەرگە كۆرۈنۈپ كېلىۋاتقىنى ئۆلۈم خەۋەرچىسى، خاتىرجەم بولۇشقىنكى، ئەگەر يۈز جېنىڭ بولسا، بىرىمۇ قۇتۇلالمايدۇ. هېلى بىر ئىسسىق شامال چىقىپ، هەممەڭنى كۆل قىلىپ تاشلايدۇ!

دېگەندەك، ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ئىسسىق شامال چىقىپ، مەيمۇن ۋە ئېيىقلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىپ تاشلاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ساق قالماپتۇ.

wwww.bilnur.com

ئۇچىنچى كۈنى، مايمۇن شاھى ئۆزىنىڭ قوۋمىنى باشلاپ ئۆز ماكانىغا — ئورمانلىققا كەلسە، ئورمانلىقنىڭ ئىچى دۈشمەندىن خالىي بولۇپ قالغان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ، مايمۇنلار ئۆز ۋەتىنىدە بەختلىك ياشاپ قېلىشىپتۇ...

— ئەگەر مۇھەممەت ئىمىن خان، — دېدى ئاپاق خوجا غالدانغا، مايمۇنلار ھەققىدىكى ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، — رۇستەمى رويىنتەن بولسىمۇ ۋە ياكى سۇقرات - بۇقرات بولغان تەقدىردىمۇ، مەن ئۇنى بىر نەيرەڭ بىلەنلا بىر نەپەستە بەرجاد قىلۇرمەن! غالدان بېشەۋكەتى خان ئالىيلىرى، خاتىرجەم بولغايسىزكى، مۇلكىي خوتۇنىستاننى بىرمۇ لەشكەر ئىشلەتمەي ياكى بىر پايمۇ ئوق ئىشلەتمەي تۇرۇپ، سىلىگە يىللىق ئولپان - سېلىقنى تولۇق تۆلەيدىغان قىلىپ بېرىمەن، گېپىم گەپ!

ئۇ غالدان بىلەن قالغان ئىشلارنى پۈتۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئېرەن قابۇرغىدىن چالىشقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ چۆللەرنى كېزىپ، ۋادىلاردىن ئۆتۈپ، تاغلارنى بېسىپ، ئاخىر مۇلكىي قەشقەرىيە زېمىنىغا قەدەم قويدى...

* * *

مىلادى 1682 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جۈمە.

مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپاق خوجىنى ئاقسارايدا قوبۇل قىلدى. ئۇ ئۇستىگە ئاق تەيلەسۇن ۋە تەختە ئولخەنەكلىك شەيخ كىيىمى كىيىۋالغان بولۇپ، قولىدا گويا ئۆزى قىلماقچى بولغان ھىيلە - نەيرەڭلەرنىڭ ھېساباتىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، دانىلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن قولى تالغۇدەك دەرىجىدىكى ئېغىر تەسۋىسىنى تۇتۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىدىكى تەيلەسۇن، تەختە ئولخەنەكلىرىنىڭ ئارقاق - ئۆرۈشلىرى ھىيلە - مىكىر

wwww.bilnur.com

ۋە ئالدامچىلىق يىپلىرىدىن توقۇلغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ سالاپىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى ھەزرىتى خىزىر تىرىكلىك سۈيىنى[①] تولا ئىچىپ زىرىكىپ، تۇران[②] زېمىنىغا ئىستراھەتكە ۋە تائەت - ئىبادەت قىلغىلى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى.

ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مۇھەممەت ئىمىن خاننى كۆرگىنىدە، پايپېتەك بولۇپ تەزىم قىلىش ئۈچۈن، ئېلىپتەك قەددىنى دالدەك ئەگدى. خان ئۇنىڭدىن:

— ھەزرىتىم، نېمە ۋەجىدىن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن بىر بىچارە زاھىدمەن، — دېدى ئاپاق خوجا سۆز باشلاپ، — ئەسلىدە ئۇلۇغ تەڭرىدىن باشقا ھېچقانداق قاياشىم يوق ئىدى. قالماق خانى كېلىپ، پىتنە - ئاداۋەت، نىزا - تەپرىقات ئوتىنى شۇنداق ئۇلغايتتىكى، ئەلنىڭ تۇرمۇشى مەئىشىتىدىن ۋە تىرىكچىلىكتىن ئالىدىغان ھۇزۇر - ھالاۋىتى بۇزۇلدى. بەس، ئەمدى قان تۆكمەك بىزگە جايىز ئەمەستۇر. بۇ دۇنيا ھېچكىمگە ۋاپا قىلغان ئەمەس. مەن قالماقتىن ۋاپا ئىزدەپ تولىمۇ خاتا قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى بىلدىمكى، ئادەم بالىسىدىن ۋاپا تەمە قىلغاندىن كۆرە، تەڭرىدىن مېھىر - ۋاپا تەمە قىلغان ياخشىراقكەن. مۇشۇ سەۋەبلەر بىلەن ئول قالماقتىن ئۈمىدىمنى بىلىكىمگىچە يۇيۇۋەتتىم. ئەلنىڭ ئەفھالى ئۆزگەرگەنلىكتىن، مېنىڭ ھالىمۇ خارابلاشتى. تائەت - ئىبادەتتىن ھۇزۇرۇم قالمىدى. شۇڭا، مەن دەھرىي سەلتەنەتتىن ۋاز كېچىپ، غىزا - قۇۋۋىتىم بىلەن تەڭرىنى ياد ئېتىپ،

---

① رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن تىرىكلىك سۈيىنى - ئابىھاياتنى ئىزدەپ زۇلمەتكە بېرىپتۇ. ئىسكەندەر زۇلمەتنىڭ ئىشىكىدە قېلىپ، خىزىر ئەلەيھىسسالام زۇلمەتكە كىرىپ كېتىپتۇ ۋە تىرىكلىك سۈيىنى ئىچىشكە نېسىپ بولۇپتۇ.

② تۇران — تۈركىستاننىڭ قەدىمكى نامىلىرىنىڭ بىرى.

wwww.bilnur.com

ئىستىقامەتتە بولاي دېگەن خىيال بىلەن سىزنى كۆڭلۈم خالاپ قايتىپ كەلدىم. سىزگە خۇدايى ھەمراھ بولماق ماڭا نېسىپ بولدى. ئاجىزەڭىزنى ئەمىرىمگە ئالماق ماڭا خۇدايى زاھىر بولدى.

— ئەجەبكى، — دېدى مۇھەممەت ئىمىن خان ئاپاق خوجىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — قالماقلىرىڭىزنى بۇ ئەلگە باشلاپ كەلگەن ھەزرىتىم ئۆزىڭىز ئەمەسمىدىڭىز؟ ھالا بۈگۈن ئۇلاردىن كۆڭلىڭىز قالغىنى نېمىسى؟

— ھەي خان، بۇ سۆزىڭىز تامامەن راست، مەنمۇ راست ئەھۋالنى ئېيتسام، بۇ ئەلگە قالماقلارنى باشلاپ كېلىپ تولىمۇ يامان ئىش قىلغان ئىكەنمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىككى ئالەملىك قارا يۈز بولدۇم. قاچانكى بۇ يەرگە قالماقلار كەلدى، بۇ ئەلدىن ئامانلىق ۋىدالاشتى. ئۇنىڭ ئورنىغا يامانلىق ئالمىشىپ ئەۋج ئالدى، ھەددى ھېسابسىز غەم-قايغۇلار پەيدا بولدى. چەك-چېگراسىز بالايىئاپەتلەر يۈزلەندى. ئەل-يۇرتتا شۇ قەدەر پاسىقلىق ۋە يامان ئىشلار باش كۆتۈردىكى، دىنى ئىسلام بىر ياقتا قالدى. قابىلىيەت ئىگىلىرى غەمناك بولۇپ، ئاردىن چىقىپ ھەر تەرەپلەرگە كېتىشتى. دىلغا ئاغرىق سېلىپ، ھەممىسىنى ئارزۇلىرىغا يەتكۈزمىدى! ئەلنىڭ نازۇ-نېمەت شاملىرىنىڭ نۇرى كېتىپ، خۇشاللىقى ماتەمگە ئالماشتى!...

بۇ مەككار ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ ھالاكەت ئەپسانىسىنى سۆزلەپ، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ روشەن كۆزلىرىنى غاپىللىق يىڭنىسى بىلەن تىكمەكتە ئىدى، ئۆزىنىڭ سوغۇق ئاھلىرى بىلەن تەخت ئاستىدىكى داق يەردىن چاڭ-توزانلار چىقارماقتا ئىدى! ئوتلۇق تىغلىرىدىن توختىماي شولا چىقىرىپ، پىتنىدىن ئىس-تۈتەكلەر پەيدا قىلماقتا ئىدى.

ئاپاق خوجا مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئالدىدا مانا مۇشۇنداق تۆۋەنچىلىك بىلەن ھەدەپ يالۋۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ناتىۋان

wwww.bilnur.com

بىچارىلىكنى بىلدۈرمەكتە ئىدى. سۆزمەنلىك بىلەن كۆپلىگەن دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، ئاخىر ساددا خاننى قايىل قىلدى. ئىسىت! ئىسىت! ئادەم جىنسى ۋە ئىنسان گورۇھىنىڭ ھىيلە - مىكىرلىك تەدبىرلىرىنى ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا ئىشاننىڭ ئەنە شۇ پىتنە سۆز، نەيرەڭ ھەرىكەتلىرىدىن بىلىش كېرەك!

— ھەزرىتىم بولسا بىزلەر قول بەرگەن قۇتبىل ئەقتابى ھىدايىتۇللاھ پىرىمىزدۇر! — دېدى مۇھەممەت ئىمىن خان، — نەسەبتە بارچە سۇلتانلارنىڭ پادىشاھىدۇرسىز. تەرىقەتتە ھەممە مەخپىي سىرلارنى ئاچقۇچىدۇرسىز! سىز بىز بىلەن تۇغقان بولۇشنى خالاپسىز، بۇ ئىشقا خۇشال بولماقتىن باشقا قانداق جاۋاب بىرەلەيمىز؟ بۇزرۇكلار: «ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار!» دېگەن. شۇڭا، ۋەدە ھەم شەرتكە كىرمەك كېرەك. بولمىسا، ئەلنىڭ قېنىغا ئورۇنسىز زامىن بولۇپ قالىمىز! پارچىلىنىش بۇ ئەلنى ۋەيران قىلدى. ئەمدى ئەھد - پەيمانلاشساق، خۇدايى يۇمشاقلىق، تەرىقەت ۋە سەلتەنەت ئادالىتى بىلەن مەملىكىتىمىز ئاۋاتلاشسا ئەجەب ئەمەس!...

ئاپاق خوجا مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تەسكىن تاپتى. «ئولۇغلار: ‹ھىيلە - مىكىر ئوقىنى دوستلۇق ئوقياسى بىلەن ئاتسا دەل تېگىدۇ!›، دەپ بىكارغا ئېيتىشمىغان ئىكەن — دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ئەمما ئاپاق خوجا ئۆزىنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى زادىلا چاندۇرمىدى. ئۇ خان بىلەن خوشلاشتى — دە، شاھىنشىندىن چىقىپ كەتتى...

باياتىن خان بىلەن ئاپاق خوجىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۆھبەتكە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرغان قەشقەر ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ خۇددى قوقاسقا

wwww.bilnur.com

دەسسىۋالغاندەك بىر ئەندىكتى — دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— ھەيھات! ھەيھات! خان ھەزرەتلىرى، سەلتەنەت ئىشىدا دىندىن، ئاخىرەتتىن يۈز ئۆرۈپ، قوۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ مېھرىنى دۇنيانىڭ پۇچەك پۇلغا ئەرزىمەيدىغان مېھرىگە ساتقان ئاشۇ تۇزكور بىلەن ئەھد - پەيمانلىششى — ئۆزىمىزنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئىتتىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ! سەلتەنەت شېرىكلىكنى كۆتۈرمەيدۇ! كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئول ئاپاق سىلىنى ھىيلە بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. غاپىل بولمىغايلا، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھ بولغايلىكى، ئاقىللار ئۆزلىرىنى دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. چۈنكى، ھەرقانداق بىر دۈشمەن بىرەر سەۋەب بىلەن ئەسلىدىكى دۈشمەنلىك ھالىتىدىن ئۆزگەرگەن بولسا، ئۇ بەربىر يەنە ئەسلىگە قايتىپ دۈشمەنلىكنى قىلماي قويمايدۇ. ئانەزىرىتىم، بۇنىڭغا ئاتا بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «ئەسلىگە قايتقان چاشقان» دېگەن ئىبرەتلىك ھېكايە ئىسپات بولالايدۇ خان ھەزرەتلىرى بۇ ھېكايەتنى ئاڭلاپباقسىلا:

— ئۇ قانداق ھېكايەت ئىكەن؟

— بىر زاھىت سۇ بويىدا تاھارەت ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن. بىر سار ئۇچۇپ كېلىپ قاپتۇ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ، — سارنىڭ ئاغزىدا بىر چاشقان بالىسى بار ئىكەن. نەق شۇ جايغا كەلگەندە، چاشقان بالىسى سارنىڭ ئاغزىدىن ئاجراپ زاھىتنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. زاھىتنىڭ رەھمى كېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. «ئەگەر بۇ يەنە چاشقان ھالىتىدە تۇرۇۋەرسە، ئۆيىنى تېشىپ زىيان يەتكۈزىدۇ» دەپ ئويلىغان زاھىت ھېلىقى چاشقان بالىسىغا دۇئا قىلغانىكەن، چاشقان بالىسى زىبا سۈرەتلىك، سەرۋى قامەتلىك، روشەن يۈزلۈك، چىرايلىق قاشلىق، سۇمبۇل چاچلىق ساھىبجامال بىر

wwww.bilnur.com

قىزغا ئايلىنىپتۇ.

زاھىت ئۇنىڭ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ئۆز پەرزەنتىڭدەك تەربىيە قىل» دەپ بىر مۇرىتىغا تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ قىز بالاغەتكە يېتىپتۇ. بىر كۈنى ئاخشىمى زاھىت ئۇنىڭغا:

— ھەي پەرزەنت، بالاغەتكە يېتىپسەن، سېنى بىر كىمگە بەرمەي ئامال يوق. ئەمما، بۇ ئىشنى سېنىڭ رازىلىقىڭ بىلەن قىلىمەن. مەيلى ئادەم ياكى پەرى ۋە ياكى ھەرقانداق مەخلۇقاتنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن تەبىقىسىدىن كۆيئوغۇللۇققا كىمنى ئىختىيار قىلساڭ، سېنى شۇنىڭغا بېرەي، — دەپتۇ.

— مەن قۇدرەتلىك، شەۋكەتلىك ۋە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئەرنى خالايمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، سۈپەتلىك ئەر ئاپتاپتۇر، — دەپتۇ زاھىت.

— ئۇ پەلەك ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىلەردىن غالىب كېلەلەيدىغان بولسا، مېنى شۇنىڭغا بەر، — دەپتۇ قىز.

— ئەي ئاپتاپ، — دەپتۇ زاھىت، — بۇ قىزىم بەكمۇ چىرايلىق قىز، بۇ مەندىن قۇۋۋەتلىك كۆيئوغۇل تەلەپ قىلدى. شۇڭا، بۇ سېنىڭ نىكاھىڭدا بولسۇن.

ئاپتاپ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خىجالەتتىن يۈزى سارغىيىپ كېتىپتۇ ۋە:

— مەن ساڭا ئۆزۈمدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىرسىنى كۆرسىتەي، ئۇ بولسىمۇ بۇلۇتتۇر. ئۇ ھەرقاچان پەيدا بولۇپ يۈزۈمنى توسسا، ھەممە ئالەمنى جامالىم يۈزىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، — دەپتۇ.

زاھىت بۇلۇتنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بايىقى ئىلتىماسىنى سۆزلىگەندىن كېيىن، بۇلۇت ئۆيۈتۈپ، يۈزىدىن تەر تامچىلىرىنى يامغۇزۇپتۇ ۋە:

— ئەگەر مېنى كۈچلۈك ۋە قۇۋۋەتلىك جەھەتتىن ئىختىيار

wwww.bilnur.com

قىلىدىغان بولسا، قوۋۋەتلىك بولۇش جەھەتتە مەندىن بوران كۈچلۈك. ھاۋادا ئۇ قاياقنى خالىسا، مېنى شۇ ياققا سۈرۈپ يۈرۈيدۇ، — دەپتۇ.

زاھىت بۇ سۆزگە ئىشىنىپ، بوران قېشىغا بېرىپتۇ ۋە بايىقى ئەرزىنى ئۇنىڭغىمۇ ئىزھار قىلىپتۇ. بورانمۇ ئىنزا تارتىپ:

— مەندە ئۇنچىلىك قۇۋۋەت نېمە قىلسۇن؟! بۇ ھاجىتىڭنى تاغقا بېرىپ ئېيتقىن. ئۇنىڭ بىلىكى قاتتىق ۋە شان - شەۋكەتلىك. مېنىڭ ئۇنىڭغا زورلۇق قىلغىنىم خۇددى چۇمولە تاشقا مۇشت ئاتقانغا ئوخشايدۇ ۋە مېنىڭ پەريادىم ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇددى تۇغما گاسقا گەپ قىلغانچىلىك بىر ئىش بولىدۇ، — دەپتۇ.

زاھىت تاغنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. تاغ:

— ھەي زاھىت، چاشقان ماڭا غالىب كېلىدۇ. ئۇ مېنىڭ ھەممە يېرىمنى تېشىپ ئۆتمە - تۆشۈك قىلىۋېتىدۇ. كۆكسۈمنى تېشىپ ئۆي قىلىۋالىدۇ. جىسمىمغا ھەر تەرەپلەردىن زەخمە ئۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇداپىئە قىلىشقا ھېچقانداق چارە قىلالماسمەن، — دەپتۇ.

زاھىت قايتىپ كېلىپ، بۇ سۆزلەرنى قىزغا باشتىن - ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىز بولسا:

— تاغ راست ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا چاشقان غالىب كېلىدۇ. مېنى مۇشۇنىڭغا بەرگىن، — دەپتۇ.

زاھىت ئۇ قىزنى چاشقاننىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ھەمجىنسلىق تۇپەيلىدىن ماقۇل بولۇپتۇ ۋە:

— ئۆزۈمگە بىر ھەمراھ تاپسام دەپ ئارزۇ قىلاتتىم لېكىن نە قىلاي، جۈپتۈم ئۆز جىنسىمدىن بولغان بولسا ياخشى بولاتتى، — دەپتۇ.

— بۇ ئىش ئاسان، — دەپتۇ قىز، — زاھىت دۇئا قىلسا،

wwww.bilnur.com

مەن دەرھال چاشقان بولۇپ، سەن بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىمەن.

زاھىت ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە مەيلى بارلىقىنى بىلىپ دۇئا قىلىنغانىكەن، قىز يەنە چاشقانغا ئايلىنىپتۇ. زاھىتمۇ ئۇنى ھېلىقى چاشقانغا بېرىپ، ئۆز ئىبادەتخانىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ...

— دېمەك، ھەرقانداق دۈشمەن ئەسلى دۈشمەنلىكىگە قايتماي قويمايدۇ! — دېدى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، — تۇزكورلار ئاخىر تۇزكورلۇقىنى قىلمىسا، كۆڭلى مەڭگۈ ئىمىن تاپمايدۇ. مېنىڭ بۇ ئىبرەتلىك ھېكايەتنى ئانھەزرىتىمگە سۆزلەپ بېرىشىمدىكى سەۋەبمۇ دەل ئاشۇ يەردە. تۇزكورلار ھارام نىيەت بىلەن ھارام دۇنيا، ھارام مەئىشەت، ھارام شۆھرەتكە ئىخلاس باغلىغان بەتنىيەت كىشىلەردۇر. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يۈرىكى ھەسەتتىن سوقىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ھەر بىر تال مويى ھەسەتتىن تىك قوپىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەسەتلىك قەلبىدە بىر موجۇق تىرىك گۆشنى تىرىك ئادەمگە ئايلاندۇرغان ۋە ئاق سۈت بەرگەن مېھرىبان ئانىلىرى، ئەزىزلەپ ئۆستۈرگەن ئاتىلىرى ۋە كۆيۈمچان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەجىر ھەمدەملىكى، ئۇلارنى ئادەمىيلىك قىممىتىگە ۋە ئىززەتلىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشتۈرگەن تەقدىر مۇئەككىلى بولغان جانىجان ۋەتىنى يوق بولغان بولىدۇ. ئۇنداقلار ئۆزلىرىنىڭ بەخت - سائادىتى، سەلتەنەت قانىتى بولغان ئەل - يارەنلىرىنى — قوۋم، خەلقىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسلەك، نىيەت - ئىقبالى — پۇل، مەنسەپ، شۆھرەت، كەيپ - ساپادۇر! ئۇنداقلاردا ۋىجدان دېگەن نەرسە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىكى ۋىجدان ئۇلارنىڭ ئىنسانىي غۇرۇرى بىلەن تەڭ يوقالغان! بۇ خىلدىكى كىشىلەر تۇزكور بولغاندىمۇ قانداق بولىدۇ دېمەملا، ئانھەزرىتىم؟! ئۇلار

wwww.bilnur.com

ئۆزلىرىنىڭ ھەممە بەتقىلىق، خۇمسىلىقلىرى بىلەن مۇكەممەللەشكەن تۇزكورلۇق ئەفھالىنى چۈشىنىشكىمۇ تۇزكورلۇق قىلىشىدىغان ئىككى پۇتلۇق مەخلۇقلار ۋە بەتبەختلەردۇر! ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۇنداقلارنىڭ تون - لىباسلىرىنى ئاللا بۇرۇنلا مۇنداق دەپ پىچىپ قويۇشقانىدى:

«... تۇزكورغا يان باسقان، بولۇشقان ئەۋلادتىن ۋە دوست - يارەنلەردىن تېنىپ كەتمەكلىك - قاچماقلىق— پەزىلەتتۇر ۋە ئەڭ ئالىي ئىنسانىي ساۋاپدۇر... يەر يۈزىدە تۇزكورنىڭ كۆلكىسىنى ئاڭلاشتىن ئېغىر ئازاب، قاباھەتلىك گۇناھ، ئاچچىق ئەلەم يوقتۇر. تۇزكورنى كۆرمەك — بەتبەختلىكتۇر... ئەي ئامۇ - خاس! تۇزكورلارنى يەكلەڭلار، ئۇلارغا تۇغقان بولماڭلار، دۇئا قىلماڭلار ۋە دۇئا ئالماڭلار، تۇزكور جەسەت دەپنە قىلىنغان زاراتگاھلىقا ميىت قويماڭلار. تۇزكورنىڭ تۆۋىسىغا ئىشەنمەڭلار، تۇزكورغا ھۆرمەگەن شىكار ئىتلىرىنى قىرىپ تاشلاڭلار! تۇزكورغا ھۆمىيىش، تۇكۇرۇش - ھەربىر ۋىجدانلىق دۇرۇست ئىنساننىڭ ۋىجدان قەرزىدۇر! تۇزكورلارنى ئۇ ئالەملىك ۋە بۇ ئالەملىك رەسۋا قىلماق، ئۇلارنىڭ ئىپلاس قەدىمىنى پاك زېمىندىن يوقاتماق — ھەربىر ئىنسانغا تاڭلا مەھشەر ئۇچۇن تېپىلغۇسىز ساۋابتۇر. ئىككىلا ئالەملىك شۆھرەت، ئانا سۈتىگە جاۋاب ۋە ئەل - يۇرتقا تۆھپىدۇر... تۇزكور بەندە — ئاللانىڭ غەزەپ گۈلخانى، بەندىنىڭ نەپرەت ئۇچقىدۇر!...»①

— ...

شاھىنشىن ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق سۈكۈنات ئىچىگە چۆمگەنىدى. خانىشمۇ، دۆلەت ئەركانلىرىنىڭمۇ بېشى تۆۋەنگە چۈشكەنىدى. ھەممەيلەن

① «پەتىۋائى شېرىف»، قولىيازما.

wwww.bilnur.com

مۇھەممەت مىرزا شاھبەگنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك تارازىسىغا سېلىپ ئويلىنىپ ئولتۇراتتى. مۇھەممەت ئىمىن خان ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەستىن ئاستا تەخت ئۈستىدىن تۇردى — دە، شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى...

*　　　*　　　*

مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ مۆھتەرەم خېنىم ئىنىسىملىك بويىغا يېتىپ قالغان بىر قىزى بار ئىدى. ئاپاق خوجا خان بىلەن كۆرۈشۈپ يانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قىزىنى ئۆزىگە خۇدايى ھەمراھلىقتا سورىتىپ ئاتايىتەن كىشى قويدى.

شۇ چاغدىكى سوقۇر ئېتىقاد بويىچە، مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ: «ئاپاق خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولسا، ھەرقانچە گۇناھلىرى بولسىمۇ، ساقىت بولۇر. ئىنسان سۇلۇككە كىرسە، ئورۇن - مەرتىۋىسى بارغانسېرى ئاشۇر. ئاللانىڭ زاتىغا ئۇلىشۇر، ئەبەدىيلىشۇر. شۇڭا، مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن، ھىدايىتۇللا ئاللانىڭ ئەمرى بويىچە مۆمىنلەرگە پىر - ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيادۇر. پىر - پەيغەمبەر روسۇلىللا بىلەن ئوخشاشتۇر...»[1] دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھىدايىتۇللا ئىشان — ئاپاق خوجىغا قېيناتا بولۇپ، خۇدايى ھەمراھلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش — سەيىدلىك شاراپىتىگە ئېرىشىشتىكى بىردىنبىر يېقىن يول بولۇپ ھېسابلىناتتى. شۇڭا، ئۇ مىرزا مۇھەممەت شاھبەگنىڭ چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ كۆيۈنۈپ ئېيتقان سەمىمىي نەسىھىتىگە ئەلۋەتتە قۇلاق سالمايتتى.

---

① «تەزكىرەئى ھىدايەت»، قوليازما.

wwww.bilnur.com

ئاخىر مۇھەممەت ئىمىن خان قىزى مۆھتەرەم خېنىمنى ئاپاق خوجىغا نىكاھلاپ بەردى. ئاپاق خوجىمۇ دەھرىي ھاكىمىيەت تەمەسىدىن ئۈزۈل - كېسىل ۋاز كېچىپ، پەقەت جۇمە خۇتبىسىدىلا جامائەتكە ئىماملىق قىلىدىغان، باشقا چاغدا بولسا، ھەزرەتتىكى ئېتىكاپتا ئولتۇرىدىغان، بىر كۈندە يېرىم كۈن مەسنىۋى خاراباتتىن مەسىلە - مەرۇپ قىلىدىغان بولدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەھد - پەيمان قىلىشىپ كېلىشىم تۈزۈشتى. تارىخچىلار مۇھەممەت ئىمىن خان بىلەن ئاپاق خوجا ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بۇ كېلىشىمنى: «جۇمە كۈنى شەھەرنى شېرىك سوراش كېلىشىمى» دەپ ئاتاشتى/. . .

* * *

مىلادى 1682 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، جۇمە كېچىسى. يەنى مۇھەممەت ئىمىن خان بىلەن ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجا ئوتتۇرىسىدا «جۇمە كۈنى شەھەرنى شېرىك سوراش كېلىشىمى» تۈزۈلۈپ يىگىرمە جۇمە ئۆتۈپ، يىگىرمە بىرىنچى جۇمە كىرگەن كېچىسى، ئېغىر ياتقۇ مەھەل.

ئاي ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئەتراپنى قاپقارا زۇلمەت قاپلىغان بولۇپ، ئەتراپتىن جېسەكچىلەرنىڭ تاقىلداقلىرىنى تاقىلدىتىپ «ئەل ئامان!» دەپ ۋارقىراپ قويۇشقان ئاۋازلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئاقساراي قوۋۇقلىرىدىكى ساقچىلارمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقانىدى. بۇ چاغدا ئېگىز قورغان تېمىدىن بىر تال ئارغامچا پەسكە تاشلاندى. بىر ئادەم بۇ ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئوردا ئىچىگە چۈشتى. ئارقىدىنلا ئېگىز سېپىلنىڭ ئۇيەر- بۇيەرلىرىدىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ ئوردا ئىچىگە چۈشۈۋاتقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ ئادەملەر ھەممىسى ئاق سۇف كېپەن كىيىشكەن، يۈزىنى ئاق لاتا

wwww.bilnur.com

بىلەن ئورنۇبىلىشقانىدى. ئۇلار بەئەينى گۆرىستانلىقتىكى ئەرۋاھلارغا ئوخشاش تولىمۇ سىرلىق كۆرۈنەتتى. بۇ كىشىلەر بىردەم كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ خابگاھىغا قاراپ شىپقاپ كېلىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئوردىنىڭ ئەھۋالىدىن پىششىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس ئىدى.

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى خابگاھ خىزمەتچىسى ئۇيقۇچىلىقتا كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ.

— بىز، — دەپ جاۋاب بەردى كېلىشۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن. ھېلىقى خىزمەتچى جاۋابنى ئاڭلاپ گېزەك ئالمىشىدىغانلار كېلىشۋېتىپتۇ دەپ خاتىرجەم بولدى — دە، ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمىدى.

باياتىن «بىز» دەپ جاۋاب بەرگەن ھېلىقى كىشى يېنىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلىۋىدى، پىچاقلىق قولىنى كەينىگە تۇتقان نىقابلىق ئىككى ئادەم ئېتىلىپ كېلىپلا ھېلىقى خىزمەتچىنى بوغۇزلاپ تاشلىدى.

— ئىھ. . . — ھېلىقى خىزمەتچى بىر خىرقىراپلا جىم بولدى.

نىقابلىق ئادەملەر خابگاھنىڭ ئىشىكىنى يېنىك تىرىقلاتتى. خاننىڭ ئىچىدىكى خىزمەتكارلاردىن بىرى ئىشىكنى ئېچىشىغىلا، بۇ ئادەملەر خابگاھنىڭ ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ بېسىپ كىرگەن پېتى، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى چوڭ ـ كىچىك، ئەر ـ ئايال دېمەستىن بىر باشتىن قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلاۋەردى.

مۇھەممەت ئىمىن خان بۇ چاغدا تاشقىرىقى خانىدىكى ئۇپۇر ـ توپۇرنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى: «كىم؟ !» دەپ ۋارقىرىدى. ئۇ، چىراغ يورۇقىدا ئىشىك ئالدىدا تۇرغان يوچۇن بىر ئېگىز ئادەمنى كۆرۈپ بىردىنلا سەگەكلەشتى: «پاسىبان؟ !

wwww.bilnur.com

ھاي، قايسىڭ بار؟» دەپ توۋلىغىنىچە تەكىيە ئاستىدىكى خەنجەرنى قولىغا ئېلىۋالدى.

ھېلىقى ئېگىز بويلۇق يوچۇن ئادەم جاۋابمۇ بەرمەستىن، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. بۇ چاغدا، مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ قولىدىكى خەنجىرىنى ھېلىقى ئېگىز بويلۇقنىڭ يۈرىكىگە چەنلەپ ئۇرۇۋىدى، ھېلىقى ئادەم يان تەرەپكە داجىۋالدى — دە، تۇنجى زەربىدىن ئامان قالدى. پىچاق ئۇنىڭ قولىقى تىگىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى بىغىشىدىن چىڭ تۇتۇپ قاماللاپ تۇرۇۋالدى. مۇھەممەت ئىمىن خانمۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى بىغىشىدىنلا قاماللاپ چىڭ تۇتۇۋالدى. ئىككىسى مۇشۇنداق تىركىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ھېلىقى ئادەم ئۆزىنىڭ خانغا تەڭ كېلەلمەسلىكىنى پەملەپ، «ھاي موللا ساقى، ھاي موللا ساقى!» دەپ ۋارقىرىدى.

مۇھەممەت ئىمىن خان ئىشنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى! ئۆزى ئېلىشىۋاتقان دۈشمەن ئاپاق خوجىنىڭ جالالاتلىرىدىن بىرى موللا باقى ئىكەنلىكىنى دەرھال قىياس قىلىپ بىلدى: «ھە، ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن — دە، — دېگەن ئەلەملىك خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن غىل - پال ئۆتتى، — لەنىتى ئاپاق، ئاخىر تۇز كورلۇقىنى قىلىپتۇ! ۋادەرىخ! مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ مېنى بۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ بەك توسقان ئەمەسمىدى؟ ياخشىلىق شارابىنى تېتىغانىدىم، زۇلۇم نەشتىرىنىڭ ۋاقتى كېلىپتۇ. غەم ۋە مېھنەت چېغى كېلىپ، خۇشاللىق ۋە راھەت سائىتى كېتىپتۇ! ئەمدى مەلۇم بولدىكى، مېنىڭ بۇ مەلئۇن ئاپاق بىلەن خۇدايى ھەمراھ بولۇشقانلىقىم ئۆزۈمگە ئەجەلنى خۇدايى ھەمراھ قىلغانلىقىم ئىكەن. نادان بولمىسام، ئۇنىڭغا قول بېرىپ، مۇرىت بولارمىدىم؟ نادان بولمىسام، ئۇنىڭ يۈزمىڭ ھىيلىلەر بىلەن

wwww.bilnur.com

قۇرغان تۇزىقىغا ئىلىنارمىدىم؟ مەن نادان مەلئۇن ئاپاق بىرىنچى قېتىم قولىغا چۈشكەندىلا، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ھاياتلىق شېمىنى ئۈچۈرۈشۈم كېرەك ئىدى! ئەمدى كېچىكىپ. . . »
ئۇنىڭ ئەلەملىك خىيالىنىڭ ئايىغى چىقماي تۇراتتى، شۇ ئەسنادا يەنە بىر نىقابلىق ئادەم يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى قولىدىكى خەنجىرىنى مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ ھەلقۇمىغا سۇرۇپلا ئۇنىڭ كانىيىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. موللا ساقى ئۇنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، بىر تېپىپلا ئۇنى يەردىكى گىلەمگە ياتقۇزۇۋەتتى.
مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ كۆز قارىچۇقى ئالىيىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قول - پۇتلىرى گىلەم ئۇستىدە قالايمىقان تىپچەكلەشكە باشلىدى. ئۇ خۇددى گىلەمنىڭ تويا - چىگىنى قېقىۋاتقاندەك قىلىپ بىردەم پۇت ئاتقاندىن كېيىن قىمىر قىلماي جايىدىلا يېتىپ قالدى. پەقەت ئۇنىڭ قىپقىزىل قان ۋە كۆپۈككە تولغان لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ جېنى چىقىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا بويالغانىدى.
شۇ كۈنى كېچىسى، مۇھەممەت ئىمىن خاننىڭ كۈيئوغلى — ئۇ قول بەرگەن پىرى ھىدايىتۇللا ئىشان ئاپاق خوجا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پىچاقچى سوپىلار مۇھەممەت ئىمىن خاننى ۋە ئۇنىڭ ئۈچ پەرزەنتى، ئىككى مېھمىنى، ئون توققۇز مۇلازىم، خىزمەتكارى بولۇپ جەمئىي يىگىرمە بەش ئادەمنى مۇشۇنداق ۋەھشىيلەرچە سويۇپ تاشلاشتى. ئۆلتۈرۈلگەن بۇ ئىككى مېھماننىڭ بىرى قەشقەر ھاكىمى مىرزا مۇھەممەت شاھبەگ ئىدى!
موللا باقى بىلەن موللا ساقىلار ئاقسارايغا باشلاپ كىرگەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى بۇ قاتىل سوپىلار ئاپاق خوجا تاپشۇرغان بۇ قانلىق ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن ئاپاق

wwww.bilnur.com

خوجىنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن ئاقسارايغا ئوت قويۇۋەتتى.

پەنجىرىدىن چىقىۋاتقان ئوت يالقۇنى تۈن زۇلمىتىنىڭ بېشىنى يېرىپ، ئاسمان كۆكسىنى قىزارتىۋەتكەنىدى. دەھشەتلىك ئوت ئاقسارايىنىڭ ئىشىك ۋە تۈڭلۈكلىرىدىن پاتماي يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتاتتى. قىپقىزىل ئوت يالقۇنى — پاكىز ۋە ئىسسىز ھاسىل بولغان ئوت گۈللىرى تىپتىنىچ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېچىلماقتا ئىدى. ئېگىز ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت داۋالغۇپ تۇراتتى. لېكىن، كۈمۈشتەك سامانيولىنى يەنىلا ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، جاراقلاپ تۇراتتى. ئوت يالقۇنىدا غازاڭ تاشلاپ يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل ـ دەرەخلەر قىپقىزىل بولۇپ كەتكەنىدى. ئاقسارايىنىڭ تاملىرى تىترەپ ئىرغاڭلايتتى ۋە سارايىنىڭ ئىچىدىكى ئوت كۆيۈۋاتقان يەرگە ئېتىلىپ كىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ يەردە ئوت يالقۇنى تازا شاد ـ خۇرام ئوينىماقتا ئىدى. ئاقسارايىنىڭ دالان ـ ئايۋانلىرى قىپقىزىل نۇرلارغا تولغان بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسىدىن ئەگرى ـ بۈگرى ئوت تىللىرى چىقىۋاتاتتى. ئىستا قاپقارا بولۇپ كەتكەن ۋاسا جۈپلۈك ئۆگزە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قىپقىزىل ۋە ئالتۇندەك ئوت شولىسى ئىچىدە قالدى. بۇ شولىلار ئارىسىدىكى تۈڭلۈك ـ ئاراشلاردىن گۈلدۈرلەپ ئىس چىقماقتا ئىدى. تاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازلار خۇددى تاۋار ـ تورقىلارنىڭ يىرتىلغان ئاۋازىغا ئوخشاپ قالاتتى. ئىس ـ تۈتەك ئارىلاش ئوت يالقۇنى پەنجىرىلەرگە ئۆرۈلماقتا ئىدى. ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىۋاتاتتى. كۆيۈۋاتقان، چاراسلاپ يېرىلىۋاتقان ئاۋازلار ئارىسىدا، ئاندا ـ ساندا

wwww.bilnur.com
少数民族语言文学文献信息资料中心
S0018566

ئادەملەرنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋارقىراشقان نالە ـ پەريادلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئەمما، ئاقسارايىنىڭ ئەتراپلىرى ئاپاق خوجىنىڭ خاس سوپىلىرى تەرىپىدىن مەھكەم قامال قىلىنىۋېلىنغان بولغاچقا، ئىچىگە ھېچكىممۇ كىرەلمەيتتى، ئىچىدىن ھېچكىممۇ چىقالمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئوت كەتكەن بۇ جۇمە كېچىسى ئون ئىككى ئەۋلاد سەئىدىيە سۇلتانىنى ئاخىرەتكە ئۇزاتقان بۇ ئاقساراي سەئىدىيەلەرنىڭ كەنجىسى بولغان مۇھەممەت ئىمىن خانىنىمۇ مۇشۇنداق پاجىئە ئىچىدە ئاخىرەتكە ئۇزىتىپ قويدى...

تارىخچىلار مۇھەممەت ئىمىن خان قەتلى قىلىنغان بۇ كېچىنى «ئوت كەتكەن كېچە» دەپ ئاتاشتى. بۇ، تارىختا مىلادىيە توقسان ئۈچىنچى ھىجرى ماھىي زۇلھەججەنىڭ ئەرافات كېچىسى ئىدى!

### نەزمە

كۆچۈكىنى باقتى بىراۋ بۆرىنىڭ،
چوڭ بولغاندا يېرىپ قويدى ئۆزىنى.
ياتار ئىدى ئۇ جان بېرىش ئالدىدا،
بىراۋ كېلىپ ئېيتتى يۈرەك سۆزىنى:
سەن سەمرىتسەڭ ئەگەر شۇنداق ياۋۇزنى،
پۈرسەت تېپىپ يېرىپ كېتەر قارنىڭنى!

— شەيخ سەئىدى